# رومان ‹قۇم باسقان شەھەر›

## ئاپتورى : مەمتىمىن هوشۇر



يازغۇچى مەمتىمىن هوشۇر 1944 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. 1962 ـ يىلى غۇلجا شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنى ، 1967 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1968 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدا قايتا تەربىيىدە بولغان، 1972 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھرى كېپەكيۈزى يېزىسىدا خەلق ئىشلىرى كادىرى، 1975 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە غۇلجا شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدە تەشۋىقات كادىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1979 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر، باش مۇھەررىر، ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىس قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن،

1995 ـ يىلدىن 2006 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ

رەئىسى بولغان.

ئۇ هازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، يازغۇچىنىڭ «ئالما» ناملىق تۇنجى ھېكايىسى 1965 ـ يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. 1978 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرخىل مەتبۇئاتلاردا 120 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست، ئەسلىمە ۋە ئەدەبىيات، تارىخقا ئائىت ئىلمىي ماقالىلىرى، «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق رومانى ئېلان قىلىندى ھەمدە ئاساسلىق ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان.

"ساۋاقداشلار"ناملىق پوۋېستلار توپلىمى ئۆزبېك تىلىغا، "ئايخان"ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى قازاق تىلىغا، "ئىت ئېتىش"، "گۆركار" ناملىق ھېكايىلىرى قىرغىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنغان. ( مۇھەررىردىن: بىر ھېكايىسى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئامېرىكىدىكى بىر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان، تەرجىمە قىلغۇچى ئامېرىكىلىق بولۇپ بۇ كىشى بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن تولۇق ئۇچۇرنى يازالماي قالدىم، پات ئارىدا تولۇقلاپ قويىمەن)

ئۇنىڭ ھازىرغىچە نەشردىن چىققان كىتابلىرى: «نەي ئاۋازى» (ھېكايىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «كونا ـ يېڭى ئىشلار» (ھېكايىلەر توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى)، «سالام، ھىسام ئاكا» (پوۋېستلار توپلىمى، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى)، «بۇ چۈش ئەمەس» (ھېكايىلەر توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «نوزۇگۇم» (پوۋېست، موڭغۇل تىلىدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «يىللار شۇنداق ئۆتكەن» (بىئوگرافىيىلىك قىسسە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «ئۆلۈككە خەت» (ھېكايىلەر توپلىمى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى)، «ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» (ئىلمىي ئەسەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، «ئايخان» (ھېكايىلەر توپلىمى، قازاق تىلىدا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)، شىنجاڭ خەلق

نەشرىياتى يەنە ئۆنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرىدىن تاللاپ «مەمتىمىن ھوشۇر تاللانما ئەسەرلىرى <1>، <2>، <3>» دىن ئىبارەت ئۈچ كىتابىنى نەشر قىلدى. يېقىندا يەنە ئۆنىڭ «قىرلىق ئىستاكان» خەنزۇ تىلىدا (ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى) ، «ئوت كەتكەن دەريا»(خەلق نەشرىياتى) قاتارلىق ھېكايە توپلاملىرى ئېلان قىلىندى. بىر قىسىم ھېكايە ۋە پوۋېست توپلاملىرى مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايون دائىرىسىدىكى ھەرخىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. 2006 - يىلى 6 - ئايدا ئۆنىڭ «ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ تارىخي بايانى» ناملىق كىتابى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

# 1 - قىسىم ، جاھان كەزدى سۈپۈرگە

## بىرىنجى باپ

‹قۇياش شاھى›

ھەشەمەتلىك شەھەر دەرۋازىسىدىن ئېشىگىنى يېتىلەپ چىقىۋاتقان بىر كىشى جاھان كەزدى سۈپۈرگە ئىدى. شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا شەھەرگە كىرىشنى كۈتۈپ كېچىچە سىرتتا تۈنىگەن كارۋانلار توپلىشىۋالغان ئىدى . سۈپۈرگە ئىسسىق تىنىقلىرى ئۇرۇلۇپ تۇرغان تۆگىلەرنىڭ تۇمشۇقلىرىنى نېرى بېرى قىلىپ ، قانداقتۇر ئۇزۇن چاپان .قىسقا چاپان .ساقاللىق، ۋەساقالسىز كىشىلەرنى ئارلاپ قىستاڭچىلىقتىن ئۆتتى ، -دە ئەركىن نەپەس ئالدى . ئىشىكىگە مىنىپ .تاش يېيىتىلغان خانلىق يول بىلەن ئىتتىك مېڭىپ كەتتى .

سۈزۈك ئاسماندىكى يېنىك تەۋرىنىپ تۇرغان ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئەتتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جىلۋىلىنەتتى . سۈپۈرگىنىڭ كۆز ئالدىدا شەۋەر سېپىلىغا ياندىشىپ كەتكەن ئېتىزلار .ھەرتەرەپكە سوزۇلغان توپىلىق يوللار.تېخىمۇ يىراقتا بولسا چەكسىز دالا تاشلىنىپ

ياتاتتى، قانچە كارۋانلار ئۇلارنىڭ تۇياقلىرىنى ئۇپراتقان تاشلىق يول سۇپۇرگە ئېشىكنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا رېتىملىق تاراسلايتى . قېلىن ، ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان ھەيۋەتلىك بىر شەھەر يولوچىنىڭ ئارقىسىدا قالماقتا ئىدى . بۇ شەھەر بۇ ئەتراپقا داڭقى كەتكەن «قۇياش شاھى» نىڭ پايتەختى ئىدى، يائاللا ، جاھانكەزدى سۇپۇرگە ئۆمرىدە مۇنداق سۆرۈن تەلەت شەھەرنى كۆرگەن ئەمەس ، شەھەر بەكمۇ چوڭ بولۇپ ، پادىشاھلىققا قاراشلىق بارلىق ئۆلكىلەردىن بۇلاپ كېلىنگەن بايلىقلار بىلەن تىنىپ كەتكەن ئىدى . قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان باغلار بىلەن قورشالغان خان سارايلىرىنى ھەيۋەتلىك تۈۋرۈكلەر بېزەپ تۇراتتى ،چاسا خىش ياتقۇزۇلغان كەڭ يوللار ،رەڭلىك تاۋلىنىپ تۇرغان راۋاقلار ،بوككىدە دەرەخزارلىق ئارىسىدىن كۆرۈنۇپ تۇرغان ئاجايىپ گۈمبەزلەر. سۇنئىي تاغلار ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەن تاش پەلەمپەيلەر، شەھەر مەنزىرىسىگە تېخىمۇ سەلتەنەت بېغىشلايتى ، شەھەر كوچىلىرىدىن ئالتۇن كۆمۈش، ئېسىل تاشلار . قىممەتلىك ھايۋان تېرىلىرى ، خۇش پۇراق دورا دەرمانلار . قايسى بىر كىچىكرەك پادىشاھلىقنىڭ سوۋغا سالاملىرى قاچىلانغان ساندۇق، قاپلانى ئارتقان كارۋانلار شاھ ئوردىسىغا قاراپ ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى ، بۇ بايلىقلار بۇ يەردە ئوردىدىكى يەپ ئىچىش ، ئوششۇقچە سۆلەت ، ساراي ئايۋانلارنى بېزەش ئىشلىرىغا سەرىپ بولۇپ تۈگەيتى ،

جاھانكەزدى سۇپۇرگە بۇ شەھەردىكى ھەشەمەتلەر ئىچىدە باھارنىڭ ھەقىقى ھىدىنى . ئادەملەرنىڭ چىرايىدا توقلۇقنىڭ بىشارىتى بولغان قىزىللىقنى . قاقاقلاپ كۈلگەن چىن كۈلكىنى كۆرمىدى . شەھەرنىڭ پاسكىنا . تار كوچىلىرى نامراتلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى . ھەشەمەتلىك خان سارايلىرىنى قۇرغان كاسىپلار ،قاداقلاشقان قوللىرى بىلەن ئاجايىپ راۋاقلارنى ئۆرە قىلغان ئۇستىلار . ماھىر نەققاشلار بۇ يەردە قىيسايغان . تار كۆلبىلەردە ھايات كەچۈرەتتى . كوچىلاردا مۆكچەيگەن،ئېغىر ئەمگەكتىن ھالسىرىغان كىشىلەر چۈشكۈن قەدەم تاشلايتى . جاسۇس سۇخەنچىلەردىن خۇدىكسىرەپ ،ئەتراپىغا قاراپ ئېھتىيات بىلەن پىچىرلىشاتتى . دەرەخلەر ئۈستىدە قۇشلار چورقىرىشاتتى . ئارامبەخش شامالدا يۇپۇرماقلار يىنىك شىلدىرلايتى . شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلار مۇھابىبەت ناخشىلىرىنى ئېيتىپ ئېرىق

بويلىرىدىكى يېشىل ئوتلارنى سۆيۈپ ئۆتەتتى . لېكىن تەبىئەتنىڭ بو بەزمىلىرىدىن خوشال بولغۇدەك كۆڭۈلنى تاپماق تەس ئىدى.

شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا يەنە «دىۋانىلەرمەھەللىسى»دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىلەرمۇ بار ئىدى . پاكار پاكار ئۆيلەر ،ئەگرى بۈگرى توپىلىق تار كوچىلاردىن قۇرۇلغان بۇ مەھەللىدە قۇل قۇل كىيىملىرى بىلەن كوچىنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ ئويناپ يۈرگەن باللارنىڭ كۆپلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى ، بەزى دىۋانىلەر يەرنى كولاپلا گەمەقىلىپ كىرىۋالغانىدى ، ھەر بىر ھويلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۆكلىرى چۆشۈپ قوتورلىشىپ كەتكەن ئىتلار ئىككى پۇتىنىڭ ئۇستىگە بېشىنى قويۇپ مۆگدەپ ياتاتتى . بۇ ئىتلار شۇنچىلىك ھورۇنلىشىپ كەتكەنكى ،بىرەر ئوغرى كەلسىمۇ ، ئىگىسى ئويغۇتۇپ قويمىغۇچە قاۋىمايتى ، ھەر بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئەسكى لاتىلار ، تۆمۈر تېسەك ، كونا كىيىملەر، خالتىلاردا قورىغان ، كۆكەرگەن پارچە نانلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى .

بۇيەردە بىر تۈپ دەرەخ ياكى كۆكەرگەن ئوت چۆپمۇ كۆرۈنمەيتى . ھەممە يەر كۆيۈك ئاپتاپتا ئوتتەك چاڭقاپ ياتاتتى . بۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شەھەرگە كىرىپ دىۋانىچىلىك قىلىش بىلەن جېنىنى باقاتتى ، پادىشاھ تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ شەھەر ئىچىدە تۇرۇشى مەڭگۈ چەكلەنگەن ئىدى . شەھەرگە كىرگەندىمۇ ئۇلارنىڭ چوڭ كوچىلارغا ئۆتۈپ تىلەمچىلىك قىلىشى مەنئىي قىلىنغان ئىدى . ئۇلارغا سەدىقە بېرىدىغانلار يەنىلا شەھەرنىڭ ئارقا كوچىسىدىكى نامراتلار ئىدى .

جاھان كەزدى سۈپۈرگە «قۇياش شاھى» نىڭ بۇ ئۇلۇغ پايتەختىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتى .بەلكىم ئېزىپ كېلىپ قالغاندۇ . ياكى تەقدىرنىڭ شاملى ئۇنى ئۇچۇرۇپ بۇ يەرگە تاشلىغاندۇر . ........سۈپۈرگە سەپىرىنىڭ تىزگىنىنى كۆڭلىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان ئىدى . ئۇ قانچە سۇلارنى كېچىپ ئۆتتى ، قانداقتۇر كارۋانلارغا ئەگىشىپ ماڭدى . كىملەرنىڭدۇر گۈلخانلىرى ئەتراپىدا تۈنىدى.

ئۇ ئۇ شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرمەي تۇرۇپلا بۇ لەنىتى ماكانغا كېلىپ قالغىنىغا پۇشايمان

يەدى ، دەرۋازا قوۋۇقچىلىرى بېشىغا نىپىز بۆك كىيگەن . يۈزىنى قورۇق ساقال باسقان ، ئۇزۇن يەكتەكىنىڭ بىر پېشىنى پوتىسىغا قىستۇرىۋالغان بۇ غەلىتە ئادەمنى ۋارقىراپ توختاتتى.

- هەي ساقال!

سۈپۈرگە قورۇقچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ مېڭىۋەردى ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمى ساقال ئەمەس دە ،

-هەي ساقال . ساڭا گەپ قىلىۋاتىمىز.

-مېنى چاقىرۋاتامسىلەر؟

-هە سېنى ، نەگە ؟

-كۆرىۋاتىسىلەرغۇ ، شەهەرگە كىرىپ كېتىۋاتىمەن .

-ئېشىگىڭنى بۇياققا تارت.

قورۇقچىلار سۈپۈرگىنى نوقۇپ ، تارتقۇشلاپ بىرچەتكە چىقىرىپ يانچۇق قويۇنلىرىنى ئاختۇردى ، ئۇلارنىڭ قولىغا بىر نەتچە ئۇششاق يارماقتىن باشقا هېچنىمە چىقمىدى . كۆپىنى كۆرگەن سۈپۈرگە ئۇنچىقماي قاراپ تۇراتتى .ئەلۋەتتە مۇهىم نەرسىلىرىنى مۇنداق ماڭدامدا بىر ئۇچىراپ تۇرىدىغان قاراقچىلارنىڭ قولىغا چىقىدىغان يەرگە قويمايتى .

-ئۇلۇغ پايتەختىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلەمسەن ؟ - دەپ سورىدى قورۇقچى

-بىلىدىغىنىمدىن بىلمەيدىغانلىرىم كۆپ - ، دېدى سۈپۈرگە

-ئەمىسە ئاڭلاپ قال ، بۇ شەهەرگە بىرىنجى نۆۋەت كەلگەن كىشى دەرۋازىدىن كىرىش هەققى تۆلەيدۇ.

-خۇدا هەققى ئۆزۈڭلارمۇ ئاختۇرۇپ كۆردۈڭلار،مېنىڭدە ئاشۇ بىر نەتچە يارماقتىن باشقا هېچنىمە يوق.

-پۇلۇڭ بولمىسا شەهەرگە كىرىپ نىمە ئىش قىلىسەن ؟ ياكى سەن تىلەمچىلىك قىلماقچىمۇ ؟شۇنداق قىلماقچى بولساڭ يوقال بۇيەردىن . بىزنىڭ دۆۋانىلەر مەهەللىمىزنىڭ دۆۋانىلىرىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ...... .

—نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىلەر ؟ — دەپ چۈشەندۈردى سۈپۈرگە ، — مەن جاھان كەزدى مۇساپىرمەن ، قۇدرىتى تەڭداشسىز «قۇياش شاھى» مىزنىڭ شۆھرىتىنى ، ئۇلۇغ پايتەختىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ . زىيارەت قىلماق بولۇپ يىراقلاردىن كەلدىم . مەندە نەدىمۇ پۇل پۈچەك ، مال دۇنيا بولسۇن . دۇنيا يىغىش ئاقىللارنىڭ ئىشى

ئەمەس . بايلىق پەقەت ئۇلۇغ شاھلارغىلا زىننەت قوشالايدۇ ....نەدە قاراڭغۇ چۈشسە شۇ يەردە تۈنەيمەن . بۈگۈن تاپقىنىمنى ئەتىگە ئاشۇرۇپ قويمايمەن ، ئاڭلىغانمۇ سىلەر ؟ خۇدا ئەتىگە يەتكۈدەك ئۆمۈر بەرگەن كىشىگە .ئەتىلىك رىزقىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ . مۇقەددەس كىتاپلارغا ئەنە شۇنداق يېزىلغان .

—سەن بىلى گەپچى ئوخشىمامسەن ؟ — دەپ سۈپۈرگىنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى يەنە بىر قورۇقچى — پۇلۇڭ بولمىسا مۇنۇ قوتۇر ئېشىكىڭنى قويۇپ كەت بولمىسا خان ئوردىسىغا بىر ئاي ھاشارغا ئىشلەيسەن ،ئىككىدىن بىرىنى تاللا .

—نىمە گەپ بولۇپ كەتتى ،مەن زادى چۈشۈنەلمىدىم ؟

—خۇپسەنلىكىڭنى قوي ، ياكى بىر ئاي ھاشارغا ئىشلەيدىغانغا تۇر ، ياكى ئېشىگىڭنى قويۇپ كەت .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۈپۈرگىنىڭ كۆرۈمسىز ئېشىگى ئاۋازىنى بولىشىغا قويۇۋېتىپ ھاڭراپ ، ئۆنلۈكرەك گەپ قىلىشقىمۇ بولمايدىغان بۇ شەھەرنى بېشىغا كىيدى . قورۇقچىلار ئاچچىقىدا ئۇنىڭ بېقىنلىرىغا قاتتىق ئايىغى بىلەن بىر نەتچىنى تېپىۋەتتى . ئېشەك سۈپۈرگە ئۈچۈن قۇياش شاھىدىنمۇ قىممەتلىكرەك ئىدى .

ئېشەككە تەگكەن تاياق ئۆزىگە تەگكەندەك بولۇپ دۇمبىلىرى قىمىلداپ كەتتى . —ھاي ھاي ياخشى ئادەملەر ئۇنداق قىلماڭلار .— دەپ ئارىغا چۈشتى شۈپۈرگە —

كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى ، بۇ مۇشۇنداق ئەسكى خۇيلۇق مەخلۇق ، خۇدا شۇڭا ئۇنى باشقا نىمە قىلماي ئېشەك قىلىپ ياراتقان . بوپتۇ مەن اشارغا ئىشلىسەم ئىشلەي . ئېشەك ئۆزۈمگە قالسۇن .

سۆپۆرگە تاش يۆنۆغۆچىلار قاتارىدا تاش چوقۇدى . قانداقتۆر بىر دۆڭنى تۆزگە ، تۆزنى دۆڭگە تارتىۋاتقان هاشارچىلارغا قوشۇلۇپ ئىشكى بىلەن توپا توشىدى .

ئۇ يەردە سىپىللار ئۆستىگە قۇرۇلغان دارلارنى ، شەھەر مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان ئۆلۆمگە هۆكۇم قىلىنغانلارنىڭ كالللىسى چىپىلىدىغان هەيۋەتلىك كۆتەكنى ، ئايىغىدىكى ئىغىر كىشەنلەرنى شاراقلىتىپ سۆرەپ ، قامچا ئاستىدا ئىشلەۋاتقان جىنايەتچىلەرنى كۆردى . هەممە يەرنى كىشىنىڭ دىمىنى سىقىدىغان ئىغىر بۇرۇقتۇملۇق ، چوڭقۇر سۆكۇت قاپلىغاندەك قىلاتتى . . پەقەت ئىككى ئىشلا سۆپۆرگىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالدى .

بىر قىتىم ئۇ دىۋانىلەر مەهەللىسىنى كۆرۆپ باقماقچى بىرىپ ، ئىشكىدىن ۋە ئۆزنىڭمۇ جىنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاسلا قالدى . جۇلدۇر كىپەن بىر توپ ئادەملەر يۆپۆرلۆپ كىلىپ ئۇنى ئىشكىنىڭ ئۆستىدىن سۆرەپ چۆشتى . قىپيالاڭاچ باللاردىن بىر نەتچىسى ئىشەكنىڭ ئۆستىگە مىنىپمۇ ئۆلگۆردى . قالغانلىرى ئۇنىڭ قويۇنلىرىنى ئاختۇرۇپ كىيىملىرىنى تارتقۇشلاپ سۆرىگىلى تۇردى . قورقۇپ كەتكەن سۆپۆرگە :

ـهاي نا ئىنساپلار . مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ ؟ سىلەر ئۆز كەسىپدىشىڭلارنىمۇ بۇلاڭ تالاڭ قىلامسىلەر ؟مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا قەلەندەرغۇ ؟ ـ دەپ خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلىپ چۇقان سالدى ، ئۇ ۋارقىرىمىغىنىدا بۇ غەلىتە ئادەملەر ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ گۆشىنىمۇ تالان تاراج قىلىپ بىر پارچىدىن بۆلۆشۋالىدىغاندەك قىلاتتى . هەر هالدا ئۇنىڭ ۋارقىرىشى ئۆنۆم بەردى . ـ يۆپۆرلۆپ كىلىۋاتقان قەلەندەرلەر نىمىشقىدۇر چىپپىدە توختاپ قىلىشتى .

ـسەن راستىنلا قەلەندەرمۇ ؟ـ دەپ سورىدى بىرى .

ـبىلىپ قويۇڭلاركى ـ دەپ گۆركىرىدى سۆپۆرگە،ـ مەن يىراق ئەلنىڭ مەشهۆر قەلەندەرىمەن.....

ـئۇنداقتا نىمىشقا ئىشەك مىنىپ يۆرۆيسەن ؟ـ دەپ سۆزىنى بۆلدى تۇنجى ئىغىز ئاچقان قەلەندەر ،ـ قەلەندەر دىگەننىڭ هىچنىمىسى بولماسلىقى كىرەك ئىدىغۇ ؟

ـبىز تەرەپتە ئىشكى يوق قەلەندەر قەلەندەر هىساپلانمايدۇ، ـ دەپ چۆشەندۆردى سۆپۆرگە ـ

ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن يۇرتۇمدىكى قەلەندەرلەرنىڭ ئاقساقىلىمەن. ئىشەككە مىنىپ جاھان كېزىمەن ، ھەربىر شەھەرگە بارغاندا شۇ يەرنىڭ قەلەندەر مەھەللىسىنى زىيارەت قىلىمەن ، سىلەرنىڭ بۇ قىلىقىڭلار باشقا يۇرت قەلەندەرلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتسە شۇنچىلىك سەت ئىش بولىدۇكى.............

—سەن ئۆز يۇرتۇڭدىكى قەلەندەرلەرنىڭ ئاقساقىلى بولساڭ — دەپ خىرىلدىدى قېرى بىر قەلەندەر .— بىزنىڭ قەلەندەرلەر شاھىمىز بىلەن كۆرۈشمىكىڭ شەرت .

—قەلەندەرلەر شاھى ؟ ھەيران بولدى سوپۇرگە — سىلەرنىڭ قەلەندەرلەر شاھىڭلار بارمۇ تېخى ؟

—سېنىڭ يۇرتۇڭدىكى قەلەندەرلەرنىڭ ئاقساقىلى بولسا — دېدى قېرى قەلەندەر پەخىرلىنىپ تۇرۇپ — بىزنىڭ ئۆز شاھىمىز بار . مانا ھازىر كۆرىسەن.

قەلەندەرلەر چۇۋۇلدىشىپ ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى . سوپۇرگە گەپدانلىق قىلىمەن دەپ ئاغزىمدىن بالاغا قالدىممۇ نېمە ؟ دەپ ئوشۇقچە گەپلەرنى قىلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى . ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنى قەلەندەرلەر ئاقساقىلى قىلىپ كۆرسىتىپ مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇۋالماقچى ئىدى . بۇ ئەبلەخلەرنىڭ پادىشاھىنىڭ بارلىقىنى كىم بىلسۇن . لېكىن ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى ئەمدى قايتۇرىۋالغىلى بولمايتى . شۇڭا بىر دانىشمەن سۆزنى ئېغىزدىن چىققۇچە ئادەم باشقۇرىدۇ، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن گەپ ئادەمنى باشقۇرىدۇ دەپ توغرا ئېيتقان .

قەلەندەر سوپۇرگىنى باشلاپ قىيسىيىپ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكەلدى . ئۆي ئىچىدىكى قارداپ كەتكەن بورىنىڭ ئۈستىدە چاچ ساقاللىرى چىگىلىشىپ كەتكەن ، چىشلىرى قارىدىغان، يۇيۇقسىز بەتلىرى ئەسلى ئۆڭىنى يوقاتقان . ئۈستىدىكى كىيىم كېچەكلىرىنىڭ جۇل جۇللىقى باشقا قەلەندەرلەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان سورلۇك قىياپەتتىكى بىر ئىنسان ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ياش قورامىنىڭ قانچىدە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلماق مۇشكۈل ئىدى .

ئەتــراپتا گــژلداپ يۈرگــەن چــۈشلار ، تــور بېســـپ كەتكــەن تورۈســلاردا ساڭگىلــغان ئۆمۈچۈكلــەر بۇ « شاھ ئوردىسى» نى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسىتەتتى .

جاھانكەزدى سۈپۈرگىنى سۇر باستى . قەلەندەرلەر شاھى ئۇنىڭغا باش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويماي:

ــنىمە ئادەمسەن ؟ ــدەپ سورىدى .

ــتىلەمچىمەن .ــ دېدى سۈپۈرگە ئىككىلەنمەي.

ــشــۇنداق ئۇلــۇغ تەخىرــم ئالدىــدا ھەممـــە ئادەم ئوخـــشاشلا تـــىلەمچى .ــ دەپ قەلەندەرچىلـــك پەلــسەپەسى ئۇســتــدە ۋالاقــلاپ كــەتتى قەلەندەرلــەر شــاھى .ــ ئىنسان ئۆزىنــىڭ رىزقــىنى ، بەختــىنى خۇدادىـــن تـــىلەيدۇ . پەرىـــق شـــۇ يەردىـــكى ، بـــىز خۇدادىـــن تىلىگەنلىرىمـــىزنى بەندىنـــىڭ قـــولى ئارقىلـــىق ئالىمـــىز ، ســـەن ئۇ دۇنياغـــا بارغانـــدا كۆرىـــسەن .شـــاھلار . ئەمەلـــدارلار . بـــايلار بـــۇ دۇنيادىـــكى قىلمىشـــىدىن ھـــساپ بېرىـــپ بولالمـــاي قىينىلـــپ تۇرغانـــدا قەلەندەرلەرنـــىڭ ھەممىـــسى خوشـــال خـــورام جەننەتكـــە قـــاراپ ماڭغـــان بولـــىدۇ . نىمـــشقا دېـــسەڭ ، بـــايلار ئەمەلـــدارلار زومـــىگەرلەر خەلقنـــىڭ نەرسىلـــرىنى كـــۈچ ۋە زورلـــۇق بـــىلەن تارتىۋالـــىدۇ . قەلەندەرلـــەر بولـــسا باشقىلار ئىختىيارلىق بىلەن ئىلتىپات قىلغان نەرسىلەرنى قۇبۇل قىلىدۇ ،

ــسۆزلــرىنى ئاڭــلاپ دىلــىم يــورۇپ .ۆز كەسپــىمگە ھۆرمىتـــىم ئاشــتى .ــ دەپ خوشــامەت قـــىلدى ســۈپۈرگە . ئۇنــىڭ ئەسىيادى بـــر نىمــلەر قىلــپ بــۇ جــن ئۇۋىســدىن ســالامەت چىقــپ كېتــشتە ئىدى . ــ مەن بەزىدە سەل ئۇيالغاندەك بولاتتىم........

ــئۇيالمــا پەخــرلەن .ــ دەپ سۈپۈرگىنــىڭ سۆزىــنى بۆلــدى قەلەندەرلــەر شــاھى ــ بــىز باشقــىلارنى جــىنايەت يولـــىدىن قايتۇرغۇچىلارمـــىز . مـــسالى : بـــر كىشىنـــىڭ يانچۇقـــىدا ئۆز خىراجىتـــىدىن ئوشۇق بىر تەڭگە تۇرۇپتۇ دەيلى ، بۇ ئوشۇقچە نەرسە چوقۇم ئۇنى يامان خىياللارغا سالىدۇ . بىز ئۇنىڭ ئوشۇقچە پۇلىنى تىلىۋالىمىز، ھېلىقى كىشى يامان يوللارغا مېڭىپ قېلىشتىن ئامان قالىدۇ . ھەمدە كۆپ ساۋاپ ئالىدۇ .

ــئاپـرىن .ــ دېـدى سـۈپۈرگە ــ مـەن تـېخى ھېچبـر قەلەندەرنـىڭ ئاغـزىدىن مۇنـداق چوڭقـۇر مەنىلىك گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن .

ـسەن ئادەتتىكى بىر قەلەندەرنىڭ ئەلدىدا ئەمەس ، قەلەندەرلەر شاھىنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتىسەن ـ دە،ـ دەپ مەغرۇرلاندى شاھ،ـ مەن ساڭا ئېيتسام ئۇلۇغلۇق تەرەپتە مېنىڭ نامىم ‹قۇياش شاھى› دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . بەزىدە شۇ شاھىنىڭمۇ ماڭا ھاجىتى چۈشىدۇ .

ـشۇ ئۇلۇغ ق‹قۇياش شاھى›نىڭ ؟

ـمانا بۇ بويىنۇمدىكى مىس پۈتۈكنى كۆردۈڭمۇ ؟ ـ بويىنىغا ئېسىقلىق تۇرغان قانداقتۇر بىر كىچىك مىس تاختىنى كۆرسەتتى قەلەندەرلەر شاھى ،ـ مانا بۇ پۈتۈكنى ئېلىپ شاھ ئوردىسىغا ئىختىيارى كىرىپ چىقالايمەن . بەزىدە شاھىنىڭ ئۆزى مېنى چاقىرىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ . نېمە ئۈچۈن دىمەكچى ولىدىغانسەن ؟ شاھ ئۆز قوشۇنى بىلەن ياقا يۇرتلارنى بېسىۋالغاندا ، ئارقىدىنلا ئۇيەرگە مىڭلاپ قەلەندەرلەرنى ئەۋەتىشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ قەلەندەرلەر ئۇ يەردە

ئون ـ يىگىرمىدىن بالىلاپ ئاز كۈندىلا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى ، ئەقلىڭ يەتمەيدۇ . بۇ بەتچىغەرلەر ئۇ يەرگە بېرىپ بېيىشقاندىن كېيىنلا بىزنى ئۇنتۇشىدۇ .

بۇ ئىشقا مەن ھەرگىز خاپا بولمايمەن . ئادەملەر مال دۇنيانى كۆرگەندە ياراتقان .ئىگىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ . مەن نېمە ئىدىم ...ھەقاچان سەن قۇياش شاھىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ كەلگەنسەن . ئېھتىمال ئۇ بۇدۇنيادا مەندىن مەرتىۋىلىكتۇر ، ئەمما ئۇ دۇنيادا مېنىڭ ئورنۇم چوقۇم ئۇنىڭكىدىن ئۈستۈن بولىدۇ ... خۇدا ساڭا ئاجايىپ كەسىپ ئاتا قىپتۇ ، شۇ كەسىپ بىلەن ئۆلۈپ كېتىشىڭگە نىسىپ بولغاي ، قېنى يولۇڭغا ماڭ .

سۈپۈرگە قەلەندەرلەر شاھىنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىشى بىلەن ئىشىك ئالدىدا تۇرغان قەلەندەرلەر كېلىپ چۇۋۇلدىشىپ ئۇنى ئورىۋالدى . چۈنكى سۈپۈرگە ئۇلارنىڭ شاھىنىڭ نەزىرىگە چۈشكەن ۋە ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئىدى . قايسى بىر قەلەندەر ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىنى تارتاتتى ، قايسى بىرلىرى ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ تۈپىسىنى قاقاتتى . كىملەردۇر ‹پوش پوش› دەپ ئۇنىڭغا يول ئاچاتتى . قەلەندەرلەر ئۇزۇندىن بېرى بۇيەردە

كۆرۈلۈپ باقىغان ئاشۇنداق قىزغىن تەنتەنە بىلەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى .

يەنە بىر كۈنى سۇپۇرگە شەھەر كوچىسىدا قولى مەھكەم باغلانغان بىر مەھپۇس بىلەن ئۇچىرشىپ قالدى . ئىككى لەشكەر ئۇنى يالاپ ئادىغا سېلىپ ئەكىتىۋاتاتتى .

ــھاي قېرىنداش .ــ دەپ چاقىردى مەھپۇس سۇپۇرگىنى ، سۇپۇرگە ئېشىگىنىڭ قەدىمىنى ئىختىيارسىز توختاتتى . چۈنكى ئۇ سۇپۇرگە تۇغۇلغان يۇرتنىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلىدى.

ــسەن كىم بولىسەن ، نىمە ئادەمسەن ؟ ــ دېدى سۇپۇرگە ھەيران بولۇپ.

ــكىملىكىمنى دەپ بېرىشكە ۋاقتىم يوق ــ دېدى مەھپۇس،ــ مۇنۇ ئىككى لەشكەر تېخى مىنىڭ كىملىكىمنى بىلەنى يوق ، ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم . كىملىكىمنى بىلىپ قېلىشسا ، مەڭگۈ زىنداندا چىرىپ تۈگەيمەن . يانچۇقۇڭدا بىر تىللايىڭ يوقمۇ ، پەقەت بىر تاللا تىللا ؟مېنى قۇتقۇزۇپ قال.

ــنىمە دىيىشىۋاتىسەن ؟ــ دېدى لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ سۆزىنى چۈشۈنەلمىگەنلىكتىن.

ــئۇ مىنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ ــ دېدى سۇپۇرگە ــ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قال دەپ يېلىنىۋاتىدۇ . مانا بۇ تىللانى ئېلىپ ئۇنى كەچۈرسەڭلار .

لەشكەرلەر ئۈچۈن مەھپۇسنى ئوردىغا ئاپىرىپ بەرگەندىن كۆرە ، شۇ بىر تىللاغا تىگىشكىنى پايدىلىقراق ئىدى . سۇپۇرگە ئېشىكىدىن چۈشۈپ . قولىنى لەشكەرلەرگە سۇندى . ئۇنىڭ ئالقىنىدا راستىنلا بىر تال تىللا قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى .

ــبىر تاللا بارمۇ ؟ ــ دېدى لەشكەرلەرنىڭ بىرى ــ قارا بىز ئىككى ئادەمدە . بىر تال تىللايىڭنى قانداق بۆلۈشىۋالىمىز؟ بەرسەڭ ئىككىنى بەر بولمىسا يولۇڭغا ماڭ.

ــبوپتۇ ئىككىنى بەرسەممۇ بېرەي .

سۇپۇرگە ئالقىنىدىكى تىللالارنى يەرگە تاشلىدى . بىر تال تىللا پىششىق خىش ئۇستىگە جىرىڭلاپ چۈشتى ـدە . ئىككى تال تىللاغا ئايلىنىپ ئىككى تەرەپكە قاراپ دومىلاپ كەتتى .

لەشكەرلەرنىڭ ھەيرانلىقتا كۆزلىرى پارقىراپ كېتىشتى ۋە يەنە دەرھال ئېسىنى يىغىپ تىللاغا ئۆزىنى ئاتتى . سۈپۈرگە مەھپۇسنى باغلاقتىن يەشتى .

—رەھمەت ساڭا .— دېدى مەھپۇس، — « تام تېشەر» دىگەن ئىسمىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت ، كېرەك بولغاندا ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق قايتۇرىمەن .

مەھپۇس يۈگۈرگىنىچە يىراقلاپ كەتتى . نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزى سۈپۈرگىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆزاقىچە ئۆچمىدى . .....ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شەھەردە كۆرگەن ھېچنىمە سۈپۈرگىدە چوڭقۇرراق تەسىر قالدۇرغىنى يوق . بۇ شەھەردىكى ھەممە نەرسە پەقەتلا بىر ھۆكۈمران — ئاشۇ « قۇياش شاھى» نىڭ خاھىشى . خوشاللىقى ئۇچۇن خىزمەت قىلاتتى . ھەممە نەرسە شۇ بىر ئادەمنىڭ ئىختىيارىغا بوي سۇناتتى . ئوردىدىكى بارلىق ۋەزىر ۋۇزرا ، ئۆلىما ، دانالار ، گۈزەل نازىنىنلار شۇ كىشىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەركەت قىلاتتى .

« خوش ئېشكىم — دەپ مۇراجەت قىلدى سۈپۈرگە ئېشىكىگە ،— سەن ئەگەر ئېغىلدا ئېغىلدا بىركۈن ئوشۇقراق باغلاقلىق تۇرۇپ قالساڭ زېرىكىشتىن ھاڭراپ جاھاننى بېشىڭغا كىيىسەن . شاھ ئوردىسىدىكى شۇ بىچارىلەرنىڭ ساراڭ بولۇپ قالمىغىنىغا ھەيرانمەن ... بارلىق كۈچ ۋە ھوقۇقنىڭ ئىگىسى بولغان شۇ (قۇياش شاھى) قانداقراق ئادەمكىن ؟ئۇ كېچىسى قانچىلىك كەڭلىكتىكى ئورۇندا ياتار ؟بىر ۋاخلىق تامىقىدا قانچىلىك بالايى بەتتەرلەرنى يۇتىۋېتىدىغاندۇ ؟ ئېھتىمال ئۇنىڭ ئاغزى تىمساقنىڭكىدىنمۇ يوغاندۇر؟ ئۇنىڭ قۇلاقلىرى سېنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن بولۇپ مۈرىسىگە ساڭگىلاپ چۈشسە كېرەك ؟ ياكى بولمىسا ئۇ ھېلىقى چۆچەكلەردىكى ئېلىسنىڭ نەق ئۆزىدۇر ؟ بولمىسا نىمىشقا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانلىكى ئادەمنى تىترەك باسىدۇ؟ «......

جاھانكەزدى سۈپۈرگە ئۆز يۇرتىنى سېغىنغان ئىدى . ئۇنىڭ يۇرتى بەكمۇ يىراقتا ، قۇم ۋە چۆللىكلەرنىڭ ئىچىدە ئىدى . خۇدا ئۆز مۆجىزىسىنى كۆرسىتىپ . ئاشۇ چۆللۈكلەر ئارىسىغا ئاجايىپ بۇلاقلارنى ياراتقان . يىراقتىكى ئاق باش تاغلار . قارلىق چوققىلاردىن ئېقىپ چۈشكەن مۇزدەك قار سۇلىرى بىر بىرىگە قوشۇلۇپ ھەيۋەتلىك ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ .

قۇملۇقلارغا يېتىپ كەلگەندە نەلەرگىدۇر سىڭىپ غايىپ بولاتتى . ـ دە يەنە چۆللۈكنىڭ قايسى بىر جايلىرىدىن

فونتاندەك ئېتىلىپ چىقاتتى ، ئادەملەر بۇ بۇلاق سۇلىرىنى باشلاپ بوستانلىقلارنى بىنا قىلغانىدى . سۇپۇرگە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەرنىڭ سېپىللىرىمۇ ، ھەتتا پادىشاھىمۇ يوق . سانسىز بولاقلاردىن يىغىلغان سۇلار شەھەر ئىچىدە ئۆستەڭ بولۇپ ھەيۋەتلىك شارقىراپ ئاقىدۇ . ئۆستەڭ بويىدىكى قۇملۇقلاردا ئۇششاق باللار قىپيالاڭاچ بولۇپلىپ يۇگۇرشۇپ ئوينىشىدۇ . سۆگەتلەر سايىسىدىكى سەگەنچۆكلەردە بوۋاقلار تاتلىق ئۇخلايدۇ . ئۇژمە دەرىخى سايىسى ئاستىدىكى كىگىزلەردە ئولتۇرغان ئاياللار قىزىق پاراڭلىشىپ يىپ ئىگىرىشىدۇ . شەھەر مەيدانلىرىدا دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر ماللىرىنى يېيىپ سودا سېتىق قىلىشىدۇ . ئۇلاردىن باج سېلىق ئېلىشنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇ يەردىكى بايلىق . توقچىلىق كىشىلەرنى شۇنداق ساددا .غەمسىز ياشاشقا ئۆگەتكەن . كەچلىكلىرى باغلاردىن ناخشا . ساز ئاۋازى كېلىدۇ . ناخشىچىلار ئۆز ناخشىلىرىدا ئاشىقلارنىڭ دەردى .بەختكە ئېرىشكەن قىزنىڭ شادلىقى . يىراق كارۋان يولىدا كېلىۋاتقان يولوچىنىڭ جاپاسى . ئېرىنى كۈتىۋاتقان ئايالنىڭ سېغىنىشى . گۈللەر ئېچىلغان دالا . ئاپتاپ چاڭقىپ تۇرغان قۇملۇقلار . باھارنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقان قۇشلار ............ يەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا كۈيلەيدۇ . سۈپۈرگىنىڭ شۇ سۈيۈملۈك يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا مانا بىر يىلچە بولدى .ئۇ ھەر قېتىم جاھان كېزىپ يىراقلاپ كېتىدۇ . دە يەنە سېغىنىپ ئارقىسىغا يانىدۇ .

جاھانكەزدى سۈپۈرگە ھېلىلا ئۆزى تاشلاپ چىققان ‹ قۇياش شاھى› نىڭ پايتەختىگە يەنە بىر قېتىم قايرىلىپ قارىدى . ئېگىز سېپىل ئۈستىدە قورال ياراغلىرى بىلەن قېتىپ تۇرۇشقان جەسەكچىلەر بارغانسىرى خىرەلىشىپ بارماقتا ئىدى . ئۇ ئېشىكىنى تېخىمۇ قاتتىقراق دېۋىتتى . ‹ ئالغا باس ئېشىگىم . تەھدىت .

زوراۋانلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ ماكاندىن نېرىراق بولايلى . بۇ شەھەر نىڭ مەرمەر تۈۋرۈك .كۆمۈش فونتان . ئېرەم باغلىرىغا لەنەت...›

# ئىككىنچى باب

## جاھانكەزدى سۈپۈرگە

ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان . ساقاللىق بۇ كىشى ئۆز يۇرتىدا « جاھانكەزدى سۈپۈرگە» دەپ نام بىلەن مەشھۇر. سۈپۈرگە كىچىكىدىنلا خىيالچان ئىدى . باش باھاردا ئېرىق بويلىرىدا پەيدا بولىدىغان يۇمران مايسىلار . ئاق ۋە ھال رەڭ تاۋلىنىپ تۇرىدىغان چېچەكلەر ئۇنى كۆچلۈك ھاياجانغا سالاتتى . يوپۇرماقلىرى ئەمدى تەڭگە بولىۋاتقان تاللارنىڭ شېخىغا قونۇپ سايرىشىۋاتقان باھار قۇشلىرىغا قاراپ ئۇ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى . بۇ قۇشلار زىمىستان كۈنلىرى نەگە يوقىلىپ كېتىدىغاندۇ ؟ باھار كۈنلىرى بۇيەرنى قانداق تېپىپ كېلەلەيدۇ ؟ .... يۇلتۇزلار كۈندۈزى نەگە مۆكۈۋالىدۇ ؟ ... ئېرىقتىكى سۇلار قانداق كۈچنىڭ تەسىرىدە ئاقىدۇ . ؟ ...... ھۆركىرەۋاتقان بوران .گۈلدۈرلەپ چاقىقان چاقماقلار نېمىنىڭ غەزىپى ؟ ... ئادەم نىمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىدۇ . ؟ .......بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى زادى كىم ؟ ........ يەنە شۇنداق نۇرغۇن چىگىش سۇئاللار ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئەگىپ يۈرەتتى . سېھىرلىك ئايدىڭ كېچىلەر . يۇرتىنى . قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ ئۆز ئاشىقىنى ئەگىشىپ كېتىپ بارغان قىز. جايىنامازدا ئولتۇرۇپ بالىلىرىنىڭ بەختىنى تىلەپ يىغلاپ دۇئا ئوقۇۋاتقان ئانا . سەھەردە ئاڭلانغان مۇڭلۇق نەي ئاۋازى سۈپۈرگىنىڭ بالىلىق قەلبىگە ھەسرەتلىك ھېسياتلارنى بېغىشلايتى .

سۈپۈرگىنىڭ ئائىلىسى تۇرىدىغان مەھەللىنىڭ كوچىسىدىن ئارلاپ ئۆتۈپ قالىدىغان بىر كىشى سۈپۈرگىنى تولىمۇ قىزىقتۇراتتى . ئۇنى ئادەملەر « تۇختى ئاشىق» دەپ ئاتايتى. نىملەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىپ . يولنىڭ قىزىق توپىسىنى توزۇتۇپ يالاڭئاياغ چىقىپ

كېلــۋاتقان توختـــىنى كــۆرۈش بــىلەنلا ئۇشــشاق بالــىلار « ئەنــە ، تــوختى ئاشــىق كېلــۋاتــىدۇ .» دەپ تــەرەپ تـەرەپكــە قېچــىشاتتى . لىشلەرنــىڭ ئېيتىشــىچە : تــوختى نـامرات ئائىلىنــىڭ ئوغلــى ئىكــەن ، ئۇ يىگــىت بولــۇپ يېتــىلگەندە بــىر باينــىڭ قــىزىغا ئاشــىق بوپتــۇ . بــاي قــىزنى باشــقا بــىرىگە ياتلــىق قىلىۋېتــىپتۇ . شۇنىڭدىــن بېــرى تــوختى ئۆيلەنمــەي مۇشــۇنداق بــىر ئۆمــۈر سەرسانلــىقتا ئۆتىۋاتقانمــىش.......... توىــتى ئاشــىق دائىــم « ياراتقــان ئىگەمنــىڭ نەزىرىــدە بــاي نــىمە ؟ گــاداي نىمە ؟ ئادەم نىمە ؟ چۈمۈلە نىمە ؟ ھەممىسى ئوخشاش .

خــۇدا ھەممــىنى يارىتــىدۇ . يوقىتــىدۇ . ئالەمــدە پەقــەت ئاشىقلــىقلا ئۆلمەيــدۇ› دەيتــتى. ســۈپۈرگە: ئاشىقلــىق دىــگەن نــىمە ؟ نىمــىشقا ئۇ باشقــىلارنى ئوتلارغــا ســۈلارغا ســالالايدۇ ؟دەپ ھــەيران بولاتتى .

بــىر كــۈنى تــوختى ئاشــىق ئۆزىدىــن قاچمــاي يولنــىڭ ئوتتۇرســىدا تــۇرۇپ قالغــان سۈپۈرگىنــىڭ بېشىنى سىلاپ ، غەلىتە ھىجىيىپ :

ــكىمنىــڭ بالــىسى ســەن ؟ ... ھــە ســەنمۇ چــوڭ بولــىسەن . ئىســىت . مــەن نېمىشقــىمۇ سەنچىلــىك ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولغىيتىم . ــ دېدى .

تــوختى ئاشــىق ئۆتــۈپ كېتــىشى بــىلەنلا بــىرەيلەن سۈپۈرگــىنى چاقــىرىپ قالــدى . ســۈپۈرگە بېشــىنى كۆتۈرۈپ يولنىڭ چېتىدە تۇرغان يوغان سەللىلىك كىشىنى كۆردى

.بۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى ئىدى .

ــتوختى ئاشىق ساڭا ھازىر نىمە دېدى ؟ ــ دەپ سورىدى ئىمام .

ــمــەن نىمــىشقا سەنچىلــىك ھاقتــىمدا ئۆلــۈپ كەتمــىگەن بولغىيتــىم دېــدى .ــ دەپ جــاۋاپ بــەردى سۈپۈرگە.

ــئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئىمانسىز .ــ دەپ تىلللىغىنىچە يولىغا ماڭدى ئىمام .

ئىمام ئەمدىلا دوقمۇشتىن ئەگىلىپ تۇرۇشىغا يول ئۈستىدە يەنە توختى ئاشىق پەيدا بولدى .

ــھاي بالا .ــ دەپ چاقىردى ئۇ سۈپۈرگىنى .ــ ئىمام ھازىر ساڭا نىمە دېدى ؟

ــتوختى ئاشىق هازىر ساڭاهازىر نىمە دېدى ؟ دەپ سورىدى.

ــسەن نىمە دېدىڭ ؟

ــمەن سەن ماڭا دىگەن گەپلەرنى دېدىم.

ــئىمام نىمە دېدى ؟

ــئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئىمانسىز. دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ توختى ئاشىق شۇنداق قاقاقلاپ كۈلدىكى ، ئۆيلەرنىڭ ياغىچىغا قونۇپ ئولتۇرغان كەپتەرلەر ئۈركۈپ گۈرردە ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشتى .

ــئىماننى ئۆلچەيدىغان تارازا ئىگىسىنىڭ قولىدا ،ــ دېدى توختى ئاشىق ،ــ ئۆلۈم ئاللانىڭ ئىلتىپاتى ، بۇ دۇنيادا جاپا چېكىۋاتقانلار ئۆلۈمنى سېغىنىدۇ .

گۇناھقا پاتقانلار ئۆلۈمدىن قورقىدۇ...... .

سۇپۇرگىنىڭ ئاتىسى شەھەردىكى ھاللىق سودىگەرلەرنىڭ بىرى ئىدى . ئۇنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ سۇپۇرگە بولسا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۆرگەن ئوغۇل پەرزەنتى ئىدى . شۇڭا ئۇ ئوغلىغا يامان كۆزلەردىن يىراق قىلىش ئۈچۈن تومتاقلا قىلىپ « سۇپۇرگە» دەپ ئىسىم قويغان ئىدى . ئاتىنىڭ نەزىرىدە سۇپۇرگە ھەر دائىم بوسۇغىغىلا تاشلاپ قويىدىغان ئادەتتىكى نەرسە بولسىمۇ ، كىشىلەرگە ھەر كۈنى لازىم بولۇپ تۇرىدىغان ، ئادەملەرنى پاسكىنچىلىقتىن خالىي قىلىدىغان ئۇلۇغ نەرسە ئىدى .

سۇپۇرگىنىڭ ئاتىسى ئۇنى شەھەردىكى داڭلىق مەدرىسلەرنىڭ بىرىگە ئوقۇشقا بەردى . سۇپۇرگىنىڭ بىر نەتچە تەڭتۇشلىرى ئوننەتچە يېشىدىلا قۇرئاننى تاماملاپ . كېيىنكى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ھەر بىرى شەھەردىكى چوڭ مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىدىن بولۇشتى . ئەمما سۇپۇرگە ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرستىپمۇ ھەپتىيەكتىن قۇرئانغا ئۆتەلمىدى . ۋاڭ چوڭغا تولغان مەدرىسدە ئۇنىڭ كاللىسى ھېچنىمىنى قوبۇل قىلالمايتى . قاراڭغۇ ، زەي ھۇجرىلاردا ئالدىغا

ھەپتىيەكنى ئىچىپ قويۇپ ئولتۇرغىنىچە ئۇنىڭ خىيالى ئادەملەر بىلەن گۇرۇلدەپ تۇرغان قايناق بازارلاردا ، دېھقان ناخشا ئېيتىپ ساپان ھەيدەۋاتقان كەڭ ئېتىزلاردا ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان داللاردا بولاتتى . ئۇنىڭ قۇياش نۇرى بىلەن تاۋلىنىپ تۇرغان ئوچۇقچۇلۇقنى ، كەپتەرلەر پەرۋاز قىلىۋاتقان كۆك ئاسماننى ، چەكسىز داللارنى كېسىپ ئۆتۈپ ھەر تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن چىغىر يوللارنى ، دەرەخزارلىقلارغا تۆكۈلگەن مۇزدەك ھەم نەم يوپۇرماقلارنى سېغىناتتى . بەزىدە ئۇ مەدرىستىن قېچىپ چىقىپ . شەھەرنىڭ چېتىدىكى دۆڭلۈككە چىقىپ ئولتۇرۇپ يىراقتا كۆمۈشتەك يالتىراپ ئېقىۋاتقان سۇلارغا ، ھەر تەرەپكە سوزۇلغان يوللارغا قارايتتى . ۋە مۇشۇ يوللار بىلەن توختىماي مېڭىۋەرسە قەيەرلەرگە بېرىپ قالىدىغاندۇر ؟ ـ دەپ ھەيران بولاتتى .

سۇپۇرگە دەرس ئالىدىغان مەدرىستە چىرايلىرى سارغىيىپ . مۆكچەيگەن . ئۆمرىنى شۇ زەي . قاراڭغۇ ھۇجرىلاردا بەڭۋاش بالىلارنىڭ قەلبىگە ئىمانىنىڭ نۇرىنى يېقىش ئۈچۈن ھەپىلىشىپ ئۆتكۈزگەن بىر مويسىپىت بار ئىدى . ئۇ بەزىدە سۇپۇرگىنىڭ بېشىنى سىلاپ :

ـ قارا سېنىڭ كۆزۈڭدىن باشقىچە نۇر چاقناپ تۇرىدۇ . ئۆزۈڭ بۇ يەردە بولساڭمۇ كۆڭلۈڭ ھەر يەردە . خۇدا سېنىڭ دىلىڭغا بەلكىم باشقا بىر نەرسىنىڭ مۇھاببىتىنى سالغاندۇر ياكى كەلگۈسىدە سېنىڭ بېشىڭغا چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغان ئاجايىپ قىسمەتلەر باردۇر .بىلگۈچى خۇدا . ـ دەيتتى .

سۇپۇرگە بۇ كىشىنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ قوپال ۋە تەكەببۇر ، مۇتتەسپلىكى كىشىنى بىزار قىلىدىغان باشقا مۇدەررىسلەرگە ئوخشىمايتتى - .

ـ تەقسىر . جاھاندىكى ئاشۇ يوللار بىلەن مېڭىۋەرسە قەيەرگە بېرىپ توختايدۇ ؟ ـ دەپ سورايتتى سۇپۇرگە ھېلىقى ئۇستازىدىن.

ـ ھارغان يېرىڭگە بېرىپ توختايسەن ئوغلۇم . ـ دەپ جاۋاپ بېرەتتى ئۇ .

ـ ئەگەرچەندە ھارماي مېڭىۋەرسىچۇ ؟

ـ ھارماسلىق پەقەت ئاللاغىلا خاس مۆجىزە . بىز بەندىمىز ھەممىمىز ھارىمىز.

ــئەگەر ياراتقان ئىگەم ماڭا شۇنداق كۈچ ـ قۇۋەت بەرسىچۇ ؟

ــئەگەر خۇدا ئۆزى ساڭا شۇنداق قۇدرەت ئاتا قىلسا ئۇ چاغدا سەن دۇنيانىڭ چېتىگە بېرىپ توختايسەن .

ــدۇنيانىڭ چېتى؟ ــ ھەيران بولدى سۇپۇرگە ، ــ دۇنيانىڭمۇ چېتى بولامدۇ ؟

ــچېتى بولىدۇ ، خۇددى سەن ئۆگىزىگە چىقساڭ ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا چېتى بولغانغا ئوخشاش .

ــدۇنيانىڭ چېتىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن يەنە نىمە كۆرىنىدۇ ؟

ــخۇددى سەن كىچىسى كۆرگەنگە ئوخشاش چەكسىز قاراڭغۇلۇق ۋە نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى كۆرىسەن .

ــچەكسىز قاڭغۇلۇق دېدىلما ؟

ــشۇنداق مۇقەددەس كىتاپلاردا يېزىلىشىچە : بىز ياشاپ تۇرغان بۇ زىمىننى پايانسىز سۇ ئوراپ تۇرىدۇ... .

مۇنداق گەپلەر سۇپۇرگىنىڭ باللىق تەسەۋۋۇرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىۋېتەتتى . ئۇنىڭ مەدرىسىنىڭ ئاشۇ ئېگىز تۆت تېمىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ، ۋاڭ چۇڭلۇق شەھەرنىڭ قىستاڭچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇپ . سەپەر خالتىسىنى ئۆشنىسىگە تاشلاپ يىراقلارغا سەپەر قىلغۇسى . ئالەمنىڭ چېتىگە يېتىپ بېرىپ . ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا نىملەرنىڭ بارلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈسى كېلەتتى .

ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سۇپۇرگە ئاتىسىدىن قالغان مال مۈلۈك . كاتتا باغلىق ئىچكىرى تاشقىرى قورولار نى ئايال قېرىنداشلىرىغا مىراس ھەققى قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەتتى . ئۇ ئايۋانلىق قورولار شۇنچە كەڭ ۋە ھەشەمەتلىك بولسىمۇ . سۇپۇرگىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى دۇنيادىن يەنە كۆپ كىچىك ئىدى . ئۇنىڭ تۇمۇرىدا تۆت تام ئىچىگە بەند بولۇپ ياشاشنى زۇلۇم بىلىدىغان باشقىچە بىر قان ئۆركەشلەيتى....

سۇپۇرگە ئاتىسىدىن قالغان مىراسلارنى ئاجىز قېرىنداشلىرىغا بېرىپ تۈگەتكەندىن كېيىن ،

ئۆزىنى خېلىلا يىنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغان سەيياھلىق تۇرمۇشىنى باشلىۋەتتى . مانا شۇنىۋڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇ بىرەر جايدا كۆپ بولسا بىر يىلدىن ئوشۇق تۇرۇپ باققان ئەمەس . ئۇ چۆللەرنى . چەكسىز قوملۇقلارنى ئايلىنىپ . شۇ قۇملۇقلار ئەتراپىغا يۆلتۇزدەك تارقالغان شەھەر . يېزىلارنى بىرمۇ بىر كېزەتتى . ئېشىكىنىڭ بېشىنى قانداقتۇر بىر بازارغا بۇراپ . ئېشەكىنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇنىنىڭ ئىككى كۆزىنى يېپ يىڭنە. چاي تۇز دېگەندەك چۆل ئادەملىرىگە كېرەكلىك ماللار بىلەن تولدۇرۇپ . يەنە قانداقتۇر بىر بازار ياكى يولدا ئۇچۇرغان مەھەللىلەردە ئازغىنە پايدىسىغا سېتىپ پۇل قىلىپ سەپىرىنى داۋام قىلىۋېرەتتى . ئۇ قانچە قانچە قېتىم چۆل قاراقچىلىرىنىڭ بولاڭ تالىڭىغا ئۇچراپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى . يەنە قانچە قېتىم ئۇ شۇنداق ئۇشاق قاراقچىلارنىڭ ئۆزى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ قونالغۇلاردا بىللە تۈنىدى . بەزىدە ئۇنىڭغا قىمارۋازلارنىڭ تاۋكالىرنىڭ يېنىدا تاماشا كۆرۈشكە ۋە بەزىدە گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ قانداقتۇر بىر تەۋەككۈلچىلەر. جاھانكەزدىلەرنىڭ سىرلىق ئالەم . ھايات . تۇرمۇش توغرىسىدىكى قىززىقارلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا توغرا كېلەتتى .

بىر قېتىم سۇپۇرگە ئۇقۇشمايلا . ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى بار بىر تەلۋىنىڭ ئۆيىدە بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى . تاغدەك يوغان بەستى بار . مەيدىسىنى ئاتنىڭ يايلىسىدەك قاپقارا تۈك قاپلىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىڭ كىشىگە تىكىلەتتى . ئۇ كېچىچە سۇپۇرگە ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئەرلەر . ئاياللار. بالىلارنىڭ سانى . ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قانداق تىپپىرلاپ چىرقىراشقانلىرى . ئاققان قان . ئېچىنىشلىق نالە . چاچراپ چىققان كۆزلەرتوغرىسىدا زوقلىنىپ سۆزلەپ چىقتى.

.سۆز ئارىسىدا ئۇ ئارىدەك يوغان قوللىرىنى سۇپۇرگىگە شىلتىپ :

ــخەپ سەن بۆگۈن مېھمان بولۇپ قالدىڭ ــدە بولمىسا بۇ كېچە سېنىڭ قانداق ھالەتتە جان بەرگىنىڭنى كۆرۈپ ھوزۇرلانغان بولاتتىم . ــ دەپ ئەسكەرتىپ قوياتتى .

بۇ قىن ئىچكۈرنىڭ قارىشىچە: ئادەم بارلىق جىنايەت ۋە بۇزغۇنچىلىقنىڭ مەنبەسىمىش. ئاللا

ياراتقان بۇ كەڭ ئالەمنىڭ پاكلىقىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۇ دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنى . جۈملىدىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىمۇ بۇغۇپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغانمىش.........

سۈپۈرگە كىرپىك قاقماي ۋەھىمە ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدى . قورقۇنچۇلۇقىدا ئۇ ھېلىقى تەلۋىگە قانداقتۇر شىلتىسا نەتىجە يۈز گەز ئۈزرايدىغان . يەنە بىر شىلتىسا قىسقىراپ غىلاپقا چۈشىدىغان قېلىچ ھەققىدە خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەيتى .

-سەن مۇشۇنداق قېلىچنى راستىنلا كۆرمىگەنمۇ ؟ ئۇ توغرىسىدا ئاڭلاپمۇ باقمىغانمۇ ؟ تۇۋا.........- دەيتتى سۈپۈرگە ،- مەن نىمىشقا شۇ قېلىچتىن ساڭا بىرنى ئەكەلمىدىم - ھە، ئۇ چاغدا سەن ئادەملەرنى بۇنداق بىر-بىرلەپ بۇغۇپ ئاۋارە بولمايتىڭ . ھېلىقى شەمشەرنى بىرلا شىلتىساڭلا يۈزلەپ ئادەمنىڭ بېشى ئالدىڭغىلا دومىلاپ چۈشكەن بولاتتى .

- سەن مېنى ئالداۋاتىسەنغۇ دەيمەن ؟- دەقىپ سۈپۈرگىنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي سوراپتى ھېلىقى تەلۋە ،- دۇنيادا نەدىمۇ ئۇنداق قېلىچ بولسۇن . بولغان بولسا مەن نېمىشقا شۇ چاغقىچە ئۇ توغرىسىدا ھېچنىمە ئاڭلىمىدىم .

-بىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىمىزدىن ئاڭلىمىغانلىرىمىز. كۆرگەنلىرىمىزدىن كۆرمىگەنلىرىمىز كۆپ ... توختا ، شۇ تاپتا مەنمۇ ئۇ قېلىچنى نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن . ئەمما. ساڭا ۋەدە بېرىمەن . يەنە بىر قېتىم بۇ يەردىن ئۆتكەندە شۇنداق قېلىچتىن بىرنى چوقۇم ئالغاچ كېلىمەن... .

شۇنداق ۋەدىلەر بىلەن سۈپۈرگە ھېلىقى ۋەھىمىلىك ماكاندىن ئاران قۇتۇلۇپ چىقتى ، ئۇ بەزىدە تولىمۇ يىراقلاپ ، نەق ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دېڭىزنىڭ ئۆزىگە ياكى يات مەملىكەتلەرنىڭ چېگرىلىرىغا بېرىپ تاقىشىپ قالاتتى . مۇنداق چاغلاردا سۈپۈرگە كۆكتە قانات قېقىپ ، ئەركىن پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ ھەۋەس قىلاتتى . خۇدايىم يىنىك پەي بىلەن ئىككى قانات ئاتا قىلغان بۇ جانىۋارلارنى دېڭىز توكيان . ھېچ بىر پادىشاھلىقنىڭ چېگرىسى توسۇپ قالالمايتتى . سۈپۈرگىنىڭ ئۆزى ۋە ئىشكى بولسا مۇنداق ئۈچۈشنى بىلمەيتتى ....... .

ھېلىقى ھۆرمەتلىك ئۇستاز راستىنلا توغرا ئېيتقانكەن . ئادەم راستىنلا ھېرىپ قالىدىكەن ، بەزىدە سۇپۇرگىگە ھارغىنلىق يېتىپ قالاتتى . يات يۇرتلارنىڭ يوللىرىدا ، ناتونۇش ساھىپخانىنىڭ داستىخىنىدا ۋە ياكى قانداقتۇر بىريولوچىلار ياققان گۈلخانىنىڭ يېنىدا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ . ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىنى . ئۆز يۇرتىدىكى بىغەم . خۇش چاقچاق ئادەملەرنى ئەسلەپ قالاتتى - ، دە ئارقىسىغا ياناتتى .

ئۇچۇشنى بىلمىسىمۇ ئۆز ئېشىكىدىن سۇپۇرگە تولىمۇ مىننەتدار ئىدى . ئېشىكى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە بىر دوستلۇق مەۋجۇت ئىدى . جاھاندىكى مىڭلىغان ئېشەكلەردىن كۆرۈنۈشتە ھېچقانداق پەرقى بولمىغان بۇ ئاددىي ئېشەككە نۇختا سېلىش ئوشۇقچە ئىدى . سۇپۇرگە تاياق بىلەن بېشىنى بۇراپ قويسىلا .

ئېشىكى ئۆزىنىڭ قاياققا مېڭىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ بولاتتى . سۇپۇرگە ئېشەككە ئېغىر يۈك ئارتقاندا ئۆزى پىيادە ماڭاتتى . ماڭغاندىمۇ ئېشىكىنىڭ ئارقىسىدا ئەمەس ئالدىدا ماڭاتتى . ئېشىكىنىڭ ئارقىسىدا .ئۇنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭغا كۆمۈلۈپ مېڭىشنى ئۇ ئۆزىگە ھاقارەت دەپ بىلەتتى . بوز ئېشەك ئىگىسى يېتىلىۋالمىسىمۇ ئىگىسىنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ئەگىشىپ كېتىۋېرەتتى . سۇپۇرگىنىڭ كىيىم كېچەكلىرىدىن كېلىدىغان تەر ئارلاش پۇراق ئۇنىڭغا ياخشى تونۇش ئىدى .

سۇپۇرگە بەزىدە سەپەر ئۈستىدە . مۇھتاجلىقتا چۈشۈپ قېلىپ ھېچ ئىلاج قىلالمىغاندا ئېشىكىنى سېتىۋېتىشكىمۇ مەجبۇر بولاتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇ ئېشىكىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ . پۇللۇق كارۋان باشلىرى ياكى كاززاپ سودىگەرلەر بىلەن سودىلىشاتتى . ئەلۋەتتە ئېشىكىنى ئەرزانغا بېرىۋەتمەيتى ، بۇ ئاجايىپ مەخلۇقتىن بىر سائەتكە بولسىمۇ ئايرىلىش ئۆزىگە قانچىلىك ئازاپ ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە . ئېشىكىنى جاھاندىكى ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاپ باھا تالىشاتتى. ئېشىكىنى سېتىپ . بازارنىڭ داڭلىق ئاشخانىلىرىدىن بىرىگە كىرىپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ قورساقنى ئوبدان توقلايتى . ئاشقان پۇلنى بەلۋاققا مەھكەم تۈگۈپ ، ئۆزى چۈشكەن دەڭگە قايتىپ كېلەتتى ،ـ دە، دەڭجاڭنىڭ ئاچچىق دەملەپ بەرگەن چېيىنى ئىچىپ

ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالاتتى . بىر ئىككى كۈن ئۆتمەيلا ، تۈن يېرىمىدا ياكى تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ ئېشىكى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولاتتى . چۈنكى ھېچكىم بۇ ئېشەكنى سۇپۇرگىدەك قەدىرلەشنى بىلمەيتتى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ پەقەت ئاددى بىر ئېشەكلا ئىدى . ئۇلار ئۇنى قالىغانچە دۇمبالايتى . ياكى يۈكنى بولۇشىغا ئارتىپ . دۇنيادىكى ئەڭ سېسىق گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەيتى . سۇپۇرگە ئۇچۇن بولسا بۇ ئېشەك سادىق ھەمراھ . ئىشەنچىلىك دوست ئىدى . ئېشەك قايتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ باش كۆزنى سىلاپ . ئالدىغا كېپەكلىك ھەلەپ ياكى ساپ قوناق تۆكەتتى ـ دە، بىرەر سائەتتىن كېيىنلا سۇپۇرگە يەنە ھېلىقى دەڭدىن غايىپ بولۇپ يېڭى سەپىرىنى باشلايتى . ھەر بىر يېڭى سەپەر ئۇنىڭغا يېڭى تەسىراتلارنى بەخش ئېتەتتى . ھەر بىر يېڭى سەپەردە ئۇنىڭغا يېڭى مۆجىزىلەر ئۇچرايتى . ئۆز يولىدا ئۇيەنە يېڭى ھەمسەپەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلاردىن يېڭى يېڭى ھېكايىلەرنى ئاڭلايتى.

## ئۈچۈنجى باب

### قاچقۇن شاھزادە

جاھانكەزدى سۇپۇرگە ئۆز خىياللىرى بىلەن يولىنى داۋام قىلماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن يىنىك چاڭ يۇقىرى ئۆرلەپ .

ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىغا سىڭىپ كېتەتتى . سۇپۇرگە تېخى شەھەردىن ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەن ئىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئېگىز شەھەر سېپىلىنىڭ گۈڭگۈرلىرى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يېنىدىن بەزىدە شەھەرگە قاراپ ماڭغان كارۋانلار .ئېشەكلىك ۋە پىيادە يولىۋچىلەر دېھقانلار سايىۋەنلىك مەپىلەردە غادىيىپ ئولتۇرغان قاندۇرلار قانداقتۇر بايۋەتچىلەر ئۆتۈپ قالاتتى . سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكى بىر قۇلىقىنى سالپايتىپ . يەنە بىر قۇلىقىنى دىڭگىدە

تۇتۇپ ئەتراپتىكى شەپىگە قۇلاق سالغىنىچە ئۇشىشاق چامداپ ئىتتىك مېڭىشىدا كېتىپ باراتتى .

سۇر ئېشەك ھەر قېتىم ئەنەشۇنداق تۈز يولغا چىقىپ ئۆزىنىڭ سىلىق مېڭىشىغا چۈشكەندە .

سۈپۈرگىنىڭ ئىشەكنىڭ ئۈستىدە بىردەم ئارام ئېلىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى .

« خوش سۈپۈرگە ـ دەپ ئۆز ئۆزىگە مۇراجەت قىلدى سۈپۈرگە ئىشەكنىڭ ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ ،ـ تالاي يوللارنى باستىڭ ، قانچە يۇرتلارنى ئارىلىدىڭ خىلمۇ خىل خەلقلەرنى كۆردۈڭ . بۇ ئالەم سىرىنىڭ تېگىگە يېتەلىدىڭمۇ ؟ ياق . ئېهتىمال كۆكتىكى سانسىز يۇلتۇزلار بىلەن زىمىندىكى ھەر بىر تاش ، سۇسىز قۇملۇقلار بىلەن ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز ئەسلىدە بىر تۇغقاندۇر ... خۇدا نېمە ئۈچۈن بۇ زىمىنغا جانلىقلارنى ئاپىرىدە قىلىپ يەنە دەرگاھىغا قايتۇرۇپ ئەكىتىدۇ؟ قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ بىرىدە ئانىمىزنىڭ قورسىقىدىن يىغلاپ، قاخشاپ تۇرۇپ يەرگە چۈشىمىزكەن . بەزىدە قايغۇرۇپ . بەزىدە خوشال بولۇپ بەزىدە ساۋابلىق ئىش قىلىپ بەزىدە گۇناھقا پېتىپ ياشايمىزكەن . ياشايمىزكەن . ئاخىر بىر كۈن ئۆلۈپ كېتىمىزكەن . تىرىكلىكنىڭ مەنىسى نىمە ؟ .........بەلكىم

ياراتقان ئىگەم بۇ زىمىندا بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ خۇي پىيلىنى ، نىيەت ئىقبالىنى سىنىماقچىدۇر، ھەر بىرىمىز بۇ ئالەمگە كېلىپ كېتىدىغان بىر ئۆتكۈنچى مېهماندۇرمىز، ... ئەجەبا ، ھېلىقى قەلەندەرلەر شاھىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئورنى ھەممىمىزدىن ئۈستۈن بولسا ؟ ئۇ نىمە ئۈچۈن بۇ سۆزنى شۇنچە ئىشەنچلىك دەيدۇ ؟ ئۇ چاغدا ھەممىگە ۋەھىمە سېلىپ تۇرغان (قۇياش شاھى) نىڭ ئورنى نەدە بولار؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىمۇ جەننەتتە بولىدىغان بولسا ، ئۇ ەننەتكىمۇ

شاھلىق كېيىرسى بىلەن قەدەم بېسىپ خۇدالىق دەۋاسى قىلىشتىنمۇ يانماس. ياق بىلگۈچى خۇدا ، مېنىڭچە ئۇنىڭ ئورنى دوزاختا بولغىنى تۈزۈك . قىپقىزىل يالقۇن ئۇنىڭ شاھلىق تونلىرىنى ئۆرتەپ . ئۇنى قىپيالاڭاچ قىلىپ قويغاندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاددىي پۇخرادىنمۇ تۆۋەن . گۇناھقا پاتقان بىر پاسىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ........ئەمسە مېنىڭ ئورنۇمچۇ ؟»سۈپۈرگىنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقىغا ئىلىنغاندەك بولۇۋىدى . ئىتتىك مېڭىۋاتقان ئىشەك تۇيۇقسىز توختاپ .سۈپۈرگە ئالدىغا ئۈچۈپ چۈشكىلى تاس قالدى . ئۇ نىمە بولغىنىنى ئاڭقىرالماي كۆزىنى ئېچىپ ئەتىراپقا قارىدى . كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ قالغان بولۇپ . ھەممە

ياق ئىمتاس . يول ئۈستىدىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتى .

« نىمە گەپ ؟» دەپ سورىدى ئۇ ئېشىكىدىن.

ئېشەك قولىقىنى مىدىرلاتقىنىچە ئالدىغا قاراپ پەرۋاسىز تۇراتتى .

« مەن سەندىن نىمە گەپ دەپ سوراۋاتىمەن. سەن مېنى ئۈستۈڭدىن موللاق ئاتقۇزۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ ، ئاۋۇ يۇمشاق توپىغا ئېغىنىماقچىمىدىڭ ، ياكى ئېتىزدىكى ئاۋۇ كۆپكۆك زىرائەت مايسىلىرىنى خالىغانچە تىلغاپ ، قىلغان ئەسكىلىكلىرىڭنى ئىگىسىنى بىلمەي قالمىسۇن دەپ ئاۋازىڭنى بولىشىغا قويۇپ بېرىپ ھاڭراپ مېنى بىر بالاغا تىقاي دىگەنمىدىڭ ؟ بىر ھېسابتا سەھەر دەرۋازىسىدىكى جېسەكچىلەرنىڭ تېپىكلىرىمۇ ساڭا ھالال . ئەگەر مەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا مۇشۇ تاپتا بېقىنلىرىڭغا مۇشلىغان بولاتتى . خىت .» دەپ ئېشەكنىڭ بېقىنىغا تاپانلىرى بىلەن قاتتىقراق تەپتى سۇپۇرگە، شۇ چاغدا بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

ـتوختا ، ھەي يولوچى ، توختا . ئېشىكىڭنى بىر تەرەپكە تارتقىن .

ـھوپ چۈشە.ـ دەپ ئېشىكىنى توختاتماق بولۇپ كەينىگە غادايدى سۇپۇرگە ھېلىلا بېقىنىغا يىگەن تېپىكتىن رەنجىگەن ئېشەك جاھىللىق بىلەن مېڭىۋەردى

، ـھوپ چۈشە دەۋاتىمەن ، ئاڭلاۋاتامسەن ، ھېلى ئاغىزىمنى بۇزۇپ سالىمەن .

سۇپۇرگە چۇلۋۇرنى كۈچەپ تارتىپ ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرلۇپ قارىدى .

سۇپۇرگە يولنىڭ چېتىدىكى بۈككىدە باراقسان بولۇپ ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ دالدىسىدا تۇرغان ئىككى ئايالنى كۆردى ، ئاياللار باش كۆزىنى ياغلىق بىلەن چۈمكىۋالغان بولۇپ . بىرىنىڭ قولىدا يۆگەكلىك بوۋاق تۇراتتى . ئىككىنجىسى بولسا سۇپۇرگىنى ھە دەپ شەرەت قىلىپ چاقىرماقتا ئىدى .

ـھەي يولوچى مانا بۇتەرەپكە كەلگىن .

سۇپۇرگە ئېشىكىنىڭ بېشىنى ئايالار تەرەپكە بۇرىدى ، ئۇ : « مەن بۇ ئايالارغا نىمىگە كېرەك بولۇپ قالغاندىمەن» دەپ ھەيران قالدى . ياش ۋاقىتلىرىدا ـ سەپەر ئۈستىدە سۇپۇرگىنى ئۆزىگە شەرەت قىلىپ چاقىرغان قىز جۇۋانلار بولغانىدى . مۇنداق ئۇچۇرشىشلار ئۇزاققىچە سۇپۇرگىنىڭ

ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيتى . بەزىدە سۇپۇرگە ناز بىلەن باققان ئۇ جانانلارغا كۆز قىرىنى سالماي ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلسىمۇ . يەنە ئۇلار بېغىشلىغان شادلىقنىڭ تەسىرىدە ئېشكىنىڭ ئۇستىدە ئۇزاقتىن ئۇزاق مۇھاببەت ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى . لېكىن ئۇ تولمۇ ئۇزاقتا قالغان كەچۈرمىشلەر ئىدى . ماۋۇ ئايالارنىڭ جىددى شەرەتلىشى مۇھاببەت زورۇريىتىدىن ئەمەستەك قىلاتتى . ئۇ ئايالار تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى .

ــخوش خېنىملىرىم ، مېنى چاقىرىشتىلىمۇ ؟

ــشۇنداق سېنى چارقىرىۋاتىمىز ، مېھرىبان يولوچى،ــ سۇپۇرگە يېقىنلاپ كېلىپ توختىشى بىلەن ، ئايالارنىڭ بىرى ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى . ــ سەن مۇسۇلمان كۆرۈنىسەن ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىلى يۇمشاق بولىدۇ ، ماۋۇ بوۋاقنى ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە ئېلىپ كەت ، ماۋۇ خېنىمنىمۇ ساڭا قوشۇپ بېرىمەن ، ئۇ بالىغا قارايدۇ .

ئېشەككە ھەلەپ ئېتىپ ، چۆپ تاشلايدۇ . سېنىڭمۇ بارلىق ھاجەتلىرىڭدىن چىقىدۇ.......

ئايالنىڭ سۆزلىرى سۇپۇرگىنى گاڭگىرىتىپ قويدى .

ــتوختا توختا دېدى سۇپۇرگە ئايالارغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ،ــ مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيۋاتىمەن . مەن بۇ بالىنى نېمىشقا ئەكەتكۈدەكمەن ؟ سىلەر ئۇنى نېمىشقا بىراۋغا بېرىۋەتمەكچى بولۇپ قالدىڭلار . ؟

ــۋاي ساڭا نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار ،ــ دېدى سۇپۇرگىنى چاقىرغان ئايال بېشىدىكى ياغلىقنى تۈزەپ تۇرۇپ ،ــ بۇ نارسىدە ھازىر خەتەر ئىچىدە قالدى ،

ئۇنى پەقەت سەنلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن.

ــمەن ؟ نېمىشقا ئۇنى پەقەت مەنلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالىغۇدەكمەن ؟ ئۇنىڭ ئاتىسىچۇ؟ ئاتا ـ ئانىسى كىم ؟ ئۇرۇق تۇغقانلىرى قېنى ؟ .. مەن ناھايىتى يىراقتىكى يۇرتلاردىن كەلگەنمەن . بۇ بالىنى نەگە ئەكېتىمەن .

ــسېنىڭ مۇنچە كۆپ سۇئاللىرىڭغا جاۋاپ بېرىشكە ۋاقتىم يوق . مەنمۇ سېنىڭ كىمكىڭنى ، نەدە تۇرىدىغانلىقىڭنى ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى سورىمىدىم . سەنمۇ ئوشۇقچە سۇئاللارنى

سوربـما ، هۆرمەتلـىك يولـوچى . سـەن بـۆ بالــنى قانچـە يــرقـقا ئەكەتـسەڭ شۇنچە ياخـشى . بـۇ بــالا مىنــىڭ يـۈرەك پــارەم . ئۇ نــەدە بولـسا هايــاتلا بولـسا بولــدى ، ....ئۆتـۈنۈشـۈمنى رەت قــىلما . سـەن ئەقىللــىق ئادەم كۆرۈنــــسەن . مـــەن ئىيتقـــان گەپلەردىـــن ئىيتمـــغان مەنىلەرنــــىمۇ چۈشـــۈنۈپ بولدۇڭ .

ئايـــال بۇقۇلــداپ يىغلـــىۋەتتى . جاهانكـــەزدى ســـۈپۈرگە قۇتقۇزۇۋېلـــىش شـــۇنچە زۆرۈر بولغـــان نارســـىدىگە كۆزىنـــىڭ قۇيرۇقــىدا قاربــدى ، بـــالا شۇنچىلــك پــاك ۋە سەبــىي ئــىدى . ئۇ هېچنىمــىدىن بــىخەۋر ، ئىككــىنچى خېنىمنــىڭ قولــىدا تاتلــىق پۈشـۈلداپ ئۇخلاۋاتــاتتى ، بــۇ نارســىدە مــەيلى قايــسى دىنىدىــن ، قايــسى تەبىقىنــىڭ ئادەملــىرىدىن تۆرەلگــەن بولــسۇن ، شــۇ تۇرقــىدا ئاللانــىڭ ئالدىـــدا ئۇ پەرىشتـــىدىنمۇ ئۇلـــۇغ ئــىدى ، چـــۈنكى ئۇ تــېخى هېچبـــر گۇنـــاھ ئۆتكۈزۈشـــكە ئۈلگۈرمـــگەن ، ئۇنـــىڭ كاللــــسى بـــۇ دۇنيادىـــكى شـــەيتان ، ئىبلـــس ، ۋە يەنەقانــــداقتۇر بالايىبەتتەرلەرنـــىڭ ئېزىقتۇرۇشلـــىرىدىن خالـــىي ، قـــەلبى جـــىنايى نـــىيەتلەردىن پـــاك ئـــىدى ..........سۈپۈرگە بـــالا ۋاقتــىدا مەهەللىسنـــىڭ كوچىلـــرىدا ئۇچـــرايدىغان هېلـــقى تـــوختى ئاشـــق تــوغرا ئىيتقانـــىكەن . كـــشى بەزىـــدە شـــۇنداق سەبـــىي ۋاقتـــىدا ئۆلـــۈپ كەتمـــگەنگە پۇشـــايمانمۇ قىلـــىپ قالـــىدۇ . ئەگەرچەنـــدە ، تــېخى جاهاننـــىڭ راهـــەت مۇشەققىتىنـــىڭ نىملىكـــنى بىلمـــگەن ، باهارنـــىڭ خـــۇش بـــۇي چېچەكلـــرىنى تـــېخى هىدلىمـــغان . قارنـــىڭ دەسـلەپكى ئۇچقۇنلـــرى ۋە يـــاكى كـــۈز يۇپۇرماقلىرىنـــىڭ تۆكۈلۈشـــنى كۆرمـــگەن پـــاك بەندىنـــىڭ بىشـــغا راستـــىنلا بـــالا قـــازا كېلـــىۋااتقان بولـــسا، ئەلۋەتتـــە ســـەن بـــىر مۇســـۇلمان تـــۇرۇپ ئۇنـــى قۇتـۇلـــدۇرۇپ قىلـــىش مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ دۇنيادا يۇنۇۋڭدىنمۇ ئېغىر گۇناھ بولماس .

سۈپۈرگىنـــىڭ ئىككىلىنـــىپ تـــۇرۇپ قالغانلىقـــنى كۆرگـــەن ئايـــال دەرهـــال قوينــىدىن بــىر خالتـــنى ئېلىپ يولوچىنىڭ ئىشكى ئۈستىدىكى خۇرجۇنىنىڭ كۆزىگە تاشلىدى ، ئۇ :

ــخالتــىدىكى تــىللالارنى يېتىشــىچە خــراجەت قــىل . بــۇ خېنــىمنى خالــساڭ خوتــۇن قــىلارسەن . ســاڭا ئاق يــول بولــسۇن مېهربــان ئادەم . بـــالامنى ســاڭا ۋە خۇدايىمنــــىڭ ئۆزىـــگە تاپـــشۇردۇم . ــ ديـدى ، دە دەرەخلــىكلەر ئارىســـىدىن كەتكــەن ئايــاغ يــول بــىلەن شــەهەر سېپــلى تەرەپكــە قـاراپ

يۈگۈرۈپ كەتتى ،

–ماڭا مال دۇنيانىڭ خوتۇننىڭمۇ لازىمى يوق ئىدى .– دەپ غودوڭشىغىنىچە قالدى سۇپۇرگە .

بالا كۆتۈرۈپ تۇرغان خېنىم لاپ قىلىپ سۇپۇرگىگە قارىدى – ، دە :

–قېنى ماڭايلى ، بۇ يەردە قاراپ تۇرۇش خەتەرلىك .– دەپ ئالدىراتتى ۋە بالىنى كۆتۈرگىنىچە سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكىگە ياندىشىپ يولغا چۈشتى .

((((((((((((((((((((((((((((((((((((((((((((–0–))))))))))))))))))))))))))))))))))))))))))))))))

شۇ تۈرقىدا ئۈلارنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۈلارنى شەھەردىن چىقىپ . شۇ ئەتراپتىكى بىرەر يېزىغا كېتىپ بارغان ئەر خوتۇنلار بولسا كېرەك . دەپ قارايتتى .تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە ھەيران بولماي مۇمكىن ئەمەس،- دەپ ئويلايتتى سۇپۇرگە ،- مانا ئۇ ھېلىلا يالغۇزچىلىقتىن ئېشىكى بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىپ باراتتى ، يېڭى ھەمسەپەرلەرگە ئېرىشتى ، ئۆمرىدە بالا يۈزى كۆرمىگەنىدى . خۇدا ئۇنىڭغا بۇ نارسىدىنى ھەمرا قىلدى : شۇ ياشقىچە ئۆيلىنىش توغرىسىدا ئويلىشىپمۇ باققان ئەمەس ئىدى ، ناتۇنۇش ئايالنىڭ غېمى ئۇنىڭغا يۈكلەندى . ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەپەرگە ئوخشايدۇ . بۇ سەپەردە كىملەردۇر يېنىڭدىن كېتىپ قالىدۇ .

يەنە كىملەردۇر كېلىپ ساڭا ھەمراھ بولىدۇ .

سۇپۇرگە ئېشىكى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بالا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان خېنىمغا سەپسالدى . ئۇ بېشىدىكى ياغلىقىنى قايرىپ يۈزىنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ ، ياش ۋە قاۋۇل ئايال ئىدى . سەپەردە كىشىگە يۈل بولىدىغان ئىنجىق خوتۇنلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى . ئايال بالىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ . سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكىنىڭ كەينىدىن قالماي كەلمەكتە ئىدى ، پات پات سۇپۇرگىگە چوڭ يولدىن چىقىپ . ئارقا يول بىلەن مېڭىشنى ئەسكەرتىپ قوياتتى . ئۈلار ئېتىزلىقلارنى ئارلاپ كەتكەن چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ يەنە چوڭ يول ئۈستىگە چىقىپ قېلىشاتتى ،-دە يەنەقانداقتۇر بىر پىيادىلەر يولىغا ئەگىپ كىرىپ كېتىشەتتى . قىيسايغان

دېھقان كەپىلىرى ، ئۇ يەر بۇيەردە مۆكچىيىپ ئىشلەۋاتقان دېھقانلار كۆزگە غىل پال تاشلىنىپ قالاتتى . ئايال پات پات ئالاقىزادىلىك ئىچىدە ئارقىسىغا قارايتى . سۆپۈرگە ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە خەتەرلىك بىر ئىشقا چېتىلىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەندى . ئايالنىڭ قولىدىكى ئاشۇ بىگۇناھ نارسىدىگە بولغان غەرەزسىز مۇھاببەت ئۇنى خېيىم خەتەرگە ئۆز رازىلىقى بىلەن قەدەم قويۇشقا ئۈندەيتى . بەزىدە سۆپۈرگە:

- نىمىشقا بىز چوڭ يول بىلەن ماڭمايمىز ؟ - دەپ ئۆزىنى ھەيران بولغانغا سېلىپ ، ئۇنچىقماي كېتىپ بارغان ئايالنى گەپكە سالاتتى ،- سەن نېمىدىن قورقىسەن ؟ ھېلىقى خېنىم سېنىڭ نىمەڭ بولىدۇ ؟

-ئۇ خېنىم مېنىڭ خوجايىنىم ، مۇشۇ بوۋاقنىڭ ئانىسى.

-سېنىڭ خوجايىنىڭ . مۇشۇ بوۋاقنىڭ ئانىسى ؟ ئۇنداقتا سەن بۇ بوۋاقنىڭ نېمىسى ؟

- مەن بۇ بوۋاقنىڭ ئىنىك ئانىسى .

-يا قۇدرەت .- دەۋەتتى سۆپۈرگە ، - مەن ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئىنىك ئانىسى بىلەن قوشۇپ بېرىۋېتىدىغان مۇنداق ئىشنى تېخى ئۇچراتمىغان ئىكەنمەن ......

ئەمىسە بۇ بوۋاقنىڭ ئاتىسى كىم ؟

-ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەن .

-بوۋاقنىڭ ئاتىسى يوق بولسا ، ئانىسى بالىنى ۋە ئۆزىنى ۋە سېنى ماڭا ھەدىيە قىلغان تۇرسا ، بىر يەنە نىمىشقا ئوغرىلاردەك مۆكۈنۈپ يۈرۈيمىز ؟

-ۋاي خۇدايىمەي سەن نىمانداق ساددا ئادەمسەن ؟ - دېدى ئايال ،- مەن كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بوۋاقنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن ؟

-بىلمەيمەن.

-بىلمىگەندىن كىيىن سورىمايلا قوي.

-بۇ نېمە دېگىنىڭ ؟ - دەپ ھەيران بولدى سۆپۈرگە - بىلمىگەننى سوراپ بىلىۋېلىش كېرەك ، - دە .

ئايال سۈپۈرگىنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاپ كېلىپ پىچىرلىدى :

—سىر ساقلىيالامسەن ؟

—ئۇ تەرەپتىن ئەندىشە قىلما ، باشقىلارغا ئىپتىماسلىقتا تىگىشلىك مەخپىيەتلىكنى ئاڭلاپلا قويىمەندە مەڭگۈگە ئۇنتۇپ كېتىمەن . سىر ساقلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنتۇپ كېتىش .

—ئۇنداق بولسا ساڭا ئېيتاي ، مېنىڭ قولۇمدىكى بۇ بوۋاق پادىشاھ .

سۈپۈرگىنىڭ ئىشىكى مۇدۈرۈپ ، ئۇ ئىشەكنىڭ ئۇستىدىن يەنە بىر قېتىم ئۇچۇپ چۈشكىلى تاسلا قالدى .

—نىمە دىدىڭ ؟

—سىنىڭ قۇلىقىڭ ئېغىرمۇ يولوچى ؟

—خۇداغا شۈكرى ، ھازىرغىچە قۇلىقىمدىن رازىمەن . قاراڭغۇ كېچىلەردە يىراقلاردىن كېلىۋاتقان كارۋانلارنىڭ كولدورمىلىرىنىڭ ئاۋازىدىنلا ئۇلارنىڭ قايسى يۇرتنىڭ كارۋىنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ قاياققا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمەن . بىراق سەن بۇ بوۋاقنى پادىشاھ دېۋىدىڭ قولىقىمغا ھەقىقەتەن ئىشەنمەي قالدىم .

—شۇنداق بىز پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتىمىز . بۇ سىرلارنى ساڭا ئىپتىماسلىقىم كېرەك ئىدى ، ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى ، سەن بۇ توغۇرلۇق ئاستىراق سۆزلە ياكى ئۆزۈڭ ئىپتقاندەك ئۇنتۇپلا كەت .

—مېنىڭ دىمەكچى بولغىنىم ،— دېدى سۈپۈرگە — بۇ كىچىككىنە بوۋاق قانداق قىلىپ پادىشاھ بولۇپ قالدى ۋە ئۇ نىمە ئۈچۈن تەختىدە ئولتۇرماي مېنىڭ ئەرزىمەس بۇ ئىشىكىمنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭغا كۆمۈلۈپ بۇ يەردە كېتىپ بارىدۇ . ؟ نېمىشقا بىز ئۇنىڭغا تىز چۆكۈپ تازىم قىلمايمىز ؟ ... يەنە ساڭا ئېيتسام ، سىلەرنىڭ شەھەردە نىمانداق پادىشاھ تولا ؟ ‹ قۇياش شاھى› ، ‹ قەلەندەرلەر شاھى› ، ئۇنى ئاز دەپ يەنە بۇيەردە بوۋاقلار شاھىدىن بىرى چىقتى ياكى سەن مېنى ئەخمەق كۆرىۋاتامسەن ؟..

ئايال ئىپتىماسلىقتا تىگىشلىك سىرنىڭ بىشىنى ئاللىبۇرۇن ئىچىپ قويدى ، ئەمدى ئۇنىڭ

سۆپۈرگىگە قالغان ھەممە ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ قويماقتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى .

ــسەن بىرنىڭ ‹ قۇياش شاھى› مىز ھەققىدە ئاڭلىغانمۇ ؟

ــئاڭلىغانمەن ، ــ دېدى سۆپۈرگە ،ــ بۇ قېتىم شۇ ئۇلۇغ شاھنىڭ ئوردىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم . ھەشەمەتلىك ساراي ، تۈمەنلىگەن لەشكەر ، مىڭلاپ قۇللارنى كۆردۈم . ھاشارغا تۇتۇلۇپ تاش چاقتىم ، مۇنۇ بىچارە ئېشىكىممۇ ئېغىر يۈكلەرنى توشىدى . شەھەر دەرۋازىسىدىكى قورۇقچىلار يانچۇقۇمنى قۇرۇغداپ قويۇشتى . مەن ئۇ يەردە ئالارمەن ساتارمەنلەرنىڭ شەھەرنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئەركىن چۇقانلىرىنى ، ئادەملەرنىڭ ئازادە كۈلكىلىرىنى ، گۈرۈلدەپ تۇرىدىغان بازارلارنى كۆرمىدىم . شۇنداق شەھەرىڭگە ، ئۇلۇغ پادىشاھىڭغا لەنەت دەپ قايتىپ چىقىۋاتىمەن .

ــئۇلارنىڭ تېرەڭنى شىلىۋالمىغىنىغا خوش بولساڭ بولىدۇ .

ــئەجەپ شۇ ئالەمگە مەشھۇر قۇياش شاھى نىڭ ئۆزى مۇشۇ كىچىككىنە بوۋاق بولسا ـ ھە . ؟

› ــقۇياش شاھى› ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ئالەمدىن ئۆتتى .

ــنىمە دېدىڭ ؟

ــئاۋازىڭنى پەسەيت . بۇ گەپلەرنى ئىككىمىز پەقەت پىچىرلىشىپلا ئېيتىشساق بولىدۇ . خەتەر ئۈستىدە كېتىپ بارغىنىمىزنى ئۇنۇتما .

ــئۇنداقتا بۇ بالا قەيەرنىڭ پادىشاھى ؟

ــبۇ بالا ‹ قۇياش شاھى› نىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى . مانا ئۈچ كۈندىن بېرى ئوردىنىڭ ئىچى قان بىلەن تولدى ، شاھنىڭ چوڭ ئوغۇللىرى بىر بىرنى قىرغىن قىلىشىۋاتىدۇ .

ــتەختنى تالىشىپ ؟

ــشۇنداق ، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن ، تەرتىپ بويىچە ‹ قۇياش شاھى› نىڭ چوڭ ئوغلى تەختتە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىكەن ، لېكىن مەن ساڭا ئېيتسام ، شاھنىڭ ئۇ چوڭ ئوغلى شۇنچىلىك زالىم ، قارانىيەت ، بۇزۇقچىلىقتا ئۇچىغا چىققان ، بەزىلەر ‹ دادىسىنى ئۇنىڭ ئۆزى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن بولىشى مۇمكىن› دەپ گۇمان قىلىشىدۇ . بۇزۇقچىلىقتا ئۇ

شۇنچىلىك رەسۋاكى . ئۆزىنىڭ قانچە ئاياللىرى تۇرۇپ . يەنە قېرىنداشلىرىنىڭ ئايالىرىغا كۆزىنى قىزارتىدۇ ، ھەتتا ئاتىسىنىڭ كىچىك خوتۇنلىرىغىمۇ چېقىلىدۇ ، مۇنداق شاھزادىنى شاھلىق ئورنىغا كۆتۈرۈشكە قالغان ئوغۇللار قوشۇلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئوردىدا قىرغىنچىلىق باشلاندى .

–يائاللا نىمە دەيدىغانسەن ؟ – دەپ ياققىسىنى تۇتتى سۇپۇرگە – مانا مەن بىر ئايدىن بېرى شۇ شەھەردە يۈرۈپتمەن . ھېچكىمدىن مۇنداق ئەندىشىلىك گەپلەرنى ئاڭلىمىدىم.

–ھەممە ئىش ئوردىدا مەخپىي بولىۋاتىدۇ . مەن تۇرماق ئوردىنىڭ تاشقىرى ھويلىسىدىكىلەرمۇ ھازىرغىچە ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز . ئىچكىرىكى ئوردىنىڭ دەرۋازىسى مەھكەم ئېتۈپتىلگەن . بارلىق شاھ ئوردىلىرىنىڭ نىزامى مۇشۇنداقمىش . يېڭى شاھ بەلگىلىنىپ تەختتىن ئورۇن ئېلىپ بولمىغۇچە كونا شاھنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى سىرتقا ئۇختۇرۇلمايدىكەن . بولمىسا مەملىكەتتە ، ئېسيان كۆتۈرلۈپ ، تەخت تەۋرەپ كېتىدىكەن .

–چۈشەندىم ،– دېدى سۇپۇرگە – ھەرقانداق پادىشاھنىڭ تەختى پارتلاشقا تەييار تۇرغان ۋۇلقاننىڭ ئۈستىدە بولىدۇ ....ئايال سۇپۇرگىنىڭ چوڭقۇر مۇلاھىزىلىرىنى چۈشەنمەي ئۆز سۆزىنى داۋام قىلىۋەردى : .

–ساڭا مېنى قېتىپ بەرگەن خېنىم ‹ قۇياش شاھى› نىڭ كىچىك خوتۇنلىرىنىڭ بىرى بولىدۇ ، بولىۋاتقان قىرغىنچىلىقلاردىن قورقۇپ ئۇ كىچىك شاھزادىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن مېنى ياردەمگە چاقىرغان . بىز خېنىمنىڭ شاھنى قۇبۇل قىلىدىغان خاس ھوجرىسىدىكى مەخپىي ئىشكتىن يەر ئاستى يول بىلەن قېچىپ چىقتۇق.... .

ئايالنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى سۇپۇرگىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى . ئۇ ئىشنىڭ تىگى تەكتىگە يېتىپ بولغانىدى . ‹ دۇنيادا شاھ ئوردىلىرىدىنمۇ سىرلىق ئورۇن بولمىسا كېرەك ،– دەپ پىكىر قىلاتتى ئېشىكى ئۈستىدە سۇپۇرگە ،– ئۇ يەردە ھەركۈنى ، ھەر سائەتتە ئاجايىپ ئۆيۈنلار ئوينىلىپ ، قىززىق ئىشلار سادىر بولۇپ تۇرىدۇ . كېيىن تارىخچىلار يۈز بەرگەن بۇ سىرلىق ۋەقەلەر توغرىسىدا تارىخ پۈتۈشىدۇ ، لېكىن ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما خاتىرىلەرنىڭ زادى

قانچىلىكى راست ؟ ....... بۇنىڭغا بىر نىمە دىمەك تەس. قانلىق جەڭلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كىيىن ، غەلبە قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن يېزىلغان تارىخلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ ، ئۆزىنى بېزەپ كۆرستىدىغان سەھىپىلىرىنى قالدۇرۇپ ياكى تۇلۇقلاپ يازدۇرۇپ ، جىنايەت ئىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىشىدۇ ، تارىخنىڭ يېزىلغان

قىسىملىرىدىن يېزىلمىغان ياكى ئۆچۈرۈپ تاشلانغان قىسىملىرى چىنراق بولىدۇ ‹............

00000000000000000000000000000(((((((((((((((((((((((()))))))))))))))))))))))0000000

000000000000000000

# تۆتىنچى باب

## ئايدىڭ كېچە

سۇپۇرگە بىلەن ھىلىقى خېنىم قانداقتۇر بىر بۇغداي ، قۇناق ، كۆكتاتلار تېرىلغان ئېتىزلار ، ئېگىز پەس دۆڭلۈكلەرنى ئارلاپ كەتكەن ئاياغ يوللار بىلەن بىر قانچە كۈن مېڭىشتى ، ناتونۇش مەھەللىلەر ، ياغاچلىرى چىرىپ قىيسىيىپ كەتكەن كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈپ ، چەت ياقىلاردىكى قونالغۇلاردا تۈنىدى . خېنىم ئۈستىدىكى يىپپىنچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ خېلى ئازادىلىشىپ قالغانىدى . سۇپۇرگە ئۇنىڭ قاۋۇل ، ياش چوكان ئىكەنلىكىنى بايقىدى . ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىشچان كۆرۈنەتتى . قونالغۇلاردا سۇپۇرگىنىڭ پۇت قولىنى يۇيۇشقا سۇ ھازىرلايتى . تاماق ئېتەتتى . يېتىشىغا ئورۇن تەيارلايتى . چوكان قاشتېشىدەك سۈزۈك ، ئاپپاق بەدەن گۈزەللەردىن بولمىسىمۇ ، قاش كۆزى جايىدا ، تېرىسى قىزىل ئارلاش قارىغا مايىل ، قارقۇمچاق

ئاياللاردىن ئىدى . ئۇ بەزىدە ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ، سۇپۇرگىگە يېقىملىق جىلۋە قىلىپ ، ئۇنىڭ ھەرقانداق ھاجىتىگە تەييار ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەندەك قىلاتتى ، بەزىدە بولسا جىمىپ ، خىيالچان بولۇپ قالاتتى . ئايالنىڭ بەدىنى چىڭ ، ئۆزى بەستلىك بولغاچقىمۇ ، سۇپۇرگە ئۇنى ئېشككە مىندۈرىۋالغۇدەك بولسا ئېيشەكنىڭ بىلى ئېگىلىپ كېتەتتى . مۇنداق چاغلاردا سۇپۇرگە ئېشەكنىڭ يېنىدا پىيادە ماڭاتتى . سۇر ئېشەك قولاقلىرىنى مىدىرلىتىپ ، ئۆزىنىڭ ئۇستىدە بالا تۇتۇپ ئولتۇرغان بۇ ناتونۇش مېھمانغا ھەيران

بولۇپ قاراپ قوياتتى . يول ئۇستىدە ئۇلار سايداپ ئارام ئالغۇدەك بىرەر تۈپ دەرەخ ياكى سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭ بويلىرىغا بارغاندا بىردەم توختاپ دەم ئالاتتى . مۇنداق چاغلاردا چوكان شاھزادىنىڭ لاتىلىرىنى قۇرۇقداپ ، ئۇنىڭغا ئەمچەك سالاتتى . ئايالنىڭ كۆكسىمۇ ئۆزىگە لايىق يوغان ۋە چىڭ ئىدى . بوۋاق ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىمەتتى. ئاپئاق سۈت ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدىن كۆۋەجەپ چىقاتتى .  ئىمىشقىدۇر ئايال بەزىدە شاھزادىنى ئىمىتكەندە  ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۈنسىز كۆز يېشى قىلاتتى... .

ئۇلار چەت ياقىلاردىكى ساراي ياكى دەڭلەرگە پەقەت كۆز باغلانغان چاغلاردىلا يېتىپ كېلەتتى . ـدە، بىر كېچە قۇنۇپ ، ئەتىگىنى يەنە سەھەردە كۆزدىن غايىپ بولۇشاتتى ، ئايال بالىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش ئۆزى ئۈچۈن ھېچقانچە مۇشەققەت ئەمەستەك ئىتتىك ماڭاتتى . بەزىدە ئۇ سۇپۇرگىنىڭ ئېشىكىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپ ، ئارقىغا قاراپ سۇپۇرگىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى.

ـياقۇدىرەت .ـ دەيتتى سۇپۇرگە ئايالغا قاراپ ،ـ خۇدايىم ساڭا يېتەرلىك كۈچ قۇۋۋەت ئاتاقىلغانىكەن ، ئەكەل قولۇڭدىكى بالىنى مەن بىردەم ئالاي ، چارچىغانسەن ؟

ـئۆزۈم كۆتۈرەي .ـ دەيتتى ئايال ،ـ ئوردا قائىدىسىدە شاھزادىنى باشقىلارغا بېرىشكە بولمايدۇ

.

ـھازىر سەن ئوردىدا ئەمەس ، ئاللانىڭ ئاسمىنى كەڭ ئوچۇقچىلىقىدا كېتىپ بارىسەن . قارىغىنە، ئەتراپىتىكى ھەممە نىمە قۇياشنىڭ نۇرىدا يېقىملىق تاۋلىنىپ يېتىپتۇ . ئەنە،

يىراقتىكى دەرەخلەردە كاككۇك سايراپ تۇرۇپتۇ . تورغايلارنىڭ قانچىلىك خۇشخۇي چۇرقىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتامسەن ؟ بۇ يەردە سەنمۇ ، مەنمۇ ، ھەممە نىمە ئەركىن . مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەكچى بولساڭ ، مۇشۇ ئەركىنلىكنى قوغلىشىپ سەيياھ بولۇپ كەتكەن ئادەممەن . خاتىرجەم بول ، بۇ
يەردە ھېچكىم بىزگە كۆز قۇلاق بولۇپ تۇرغىنى يوق .

-بىلەمسەن ؟ - دېدى چوكان ،- بۇ شاھزادە كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم پادىشاھ بولىدۇ .

-ئاللا نېسىپ قىلسا، - دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزەتتى سۇپۇرگە .

-پادىشاھ بولغۇچىنى پەقەت بەلگىلەنگەن ئادەملا كۆتۈرۈشى شەرت .

-جاھاندا مەن نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن ، لېكىن مۇنداق لەشكىرى يوق ، ئىنىكئانىسىنى ئىمىپ كېتىۋاتقان پادىشاھنى كۆرمىگەنمەن ،- دەپ كۈلدى سۇپۇرگە ، -

راست ئېيتىسەن ، پادىشاھنى كۆتۈرۈشنىڭ قائىدە نىزاملىرىدىن مېنىڭ قىلچە خەۋىرىم يوق . شاھزادىگە كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ئەمچەك سىلىشمۇ ئوردىنىڭ قائىدىسىمۇ ؟ نىمە ئۈچۈن بەزىدە سەن ھۆرمەتلىك ، بولغۇسى پادىشاھىمىزنى ئىمىتكەندە يىغلايسەن . ؟

چوكان ئۇزاق جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ئاخىر ئېغىز ئاچتى .

-بىلەمسەن ؟ مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ياقا يۇرتلۇق ، مېنىڭ يۇرتۇم ئاۋۇ قارلىق تاغلارنىڭ ئارقىسىدىمۇ ياكى ئاۋۇ يېشىل دۆڭلەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . ئىشقىلىپ مەن تۇغۇلغان يەرنىڭ ئاياللىرى شۇنداق بەستلىك . كۆكسى چوڭ ، سۈتلۈك كېلىدىكەن ، شاھ ئوردىسىغا لازىم ئىنىكئانىلارنى ئەنە شۇ يۇرتلاردىن تاللاپ ئەكەلگۈزىدىكەن . مەن ئۆزۈمنىڭ قانچە ياشتا ئوردىغا كىرگىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن . بىر ئايالنىڭ بېشىمنى سىلاپ ، يىغلاپ تۇرۇپ خوشلاشقىنىنى ، ئەتراپى چۆمكەلگەن ھارۋىدا ئېرغاڭشىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاق يول ماڭغىنىمنى خۇددى چۈشۈمدەك كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن . ئېھتىمال ، بالا ۋاقتىمدا ناھايىتى چىرايلىق بولسام كېرەك ، خاننىڭ ئادەملىرى مېنى توپتوغرىلا ئوردىغا يەتكۈزۈپ كېلىپ ، خاننىڭ خىزمىتىگە تۇتۇپ بەرگەن .

ـهېلىمۇ گۈزەل تۇرۇپسەن سىڭلىم .

سۈپۈرگىنىڭ ماختىشىنى بىرىنجى قېتىم ئاڭلىغان چوكان جىلۋە بىلەن لاپ قىلىپ ئۈنىڭغا قارىدى ـ دە سۆزىنى داۋام قىلدى .

بەلكىم تالىنىپ شاھ ھەرىمگىمۇ كىرىشكە مۇيەسسەر بولاتتىمىكىن . بىراق مەندەك پۇقرالارنىڭ قىزلىرىنى تۆۋەن نەسەبتىن كېلىپ چىققان دەپ ، ھەرگىز شاھ ئوردىسىغا تاللاشمايدۇ . مەن پەقەت خېنىملارغا دېدەكلا بولالىدىم . ساڭا ئېيتسام ، ئوردىدا بىزدەك دېدەكلەرنىڭ ھالى شۇنچە خاراپ . مانا مېنى ئۇلار 11 ـ 12يېشىمدىلا ئاياغ ئاستى قىلىشقان .

ـكىملەر؟

ـكىملەر بولاتتى ؟ باشتا مەرتىۋىلىكرەك بىرى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ . ئاندىن ئوردا خادىملىرى، قورۇقچىلار، ھارۋىكەش، ئاشپەز ، چاكارلار، ھەتتا بەزىدە بالاغەتكە يېتىپ قالغان بەڭۋاش شاھزادىلەرمۇ بىزگە چېقىلىۋېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىز ئاتىسىز بالىلارنى تۇغىمىز . بالا تۇغۇلىشى بىلەنلا نازارەتچىلەر ئەچىقىپ كېتىپ بۇغۇپ تاشلىشىدۇ . مۇشۇ يوغان ئەمچەكلىرىمىزگە سۈت تولۇپ تۇرسۇن دەپ ئۇلار بىزنىڭ تۇغىشىمىزغا يول قويىشىدۇ . ئاندىن بالىلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ ، بىزنى خېنىملارنىڭ بالىلىرىنى ئېمىتىشكە قويىدۇ . ‹ قۇياش شاھى› نىڭ ئارزۇلۇق خوتۇنلىرى ھەتتا ئىنىكئانىلارنى سېغىپ سۈتىنى ئىچىدۇ . ئادەم سۈتىدە بەدەنلىرىنى سۈرتىشىدۇ . .......مەن بۇ شاھزادىنى ئېمىتىۋاتقاندا ئۆزەمنىڭ بالىلىرىنى ئويلاپ قالىمەن..... .

ـنىمە دېدىڭ ؟ سۈپۈرگە ئېشىكى ئۈستىدە قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ ئايالدىن سورىدى ،ـ سېنىڭ ئۆز بالىلىرىڭمۇ بارمىدى ؟ بىز نىمىشقا ئۇلارنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭمىدۇق ؟

مەن بىر ئوغۇل بىر قىز تۇغقان ، قانداق چىرايلىق بالىلار ئىدى دېگىن : ئۇلارنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ، كىچىككىنەكۆزلىرى ، ماڭا تەلپۈنگەن بۇدۇرۇق قوللىرى كۆز ئالدىمدىلا تۇرۇپتۇ . ھەر ئىككىسىدىن ئايرىلدىم .قولۇمدىن يۇلىۋېلىشتى ـ دە، ئەكىتىپ يوق قىلدى . مەن نىمىشقا يىغلىماي ، قارا، مېنىڭ كۆكسۈمدىن

ئېقىۋاتقان ئاپئاق سۇتلەر شۇ بالىلىرىمىنىڭ رىزقى ئەمەسمىدى . ........؟

ئايال بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى . سۇپۇرگىنىڭ قەلبىنى بۇ ئايالغا بولغان ئىچىنىش ، ھېسداشلىق چۇلغىۋالغانىدى . ئۇلار ئىككىسى ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى . سۇپۇرگە ئىككىنچىلاپ ئايالدىن بۇھەقتە گەپ سورىمىدى .

كىچىك شاھزادىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان چوكان بىر كۈنى ناھايىتى خۇشخۇيلىشىپ كەتتى . ئۇلار سۇپىسۇزۇك تاغ سۈيى يېيىلىپ ئېقىۋاتقان چىمەنلىككە يېتىپ كەلگەندە ، ئايال قائىدىنى بۇزۇپ شاھزادىنى سۇپۇرگىگە تۇتقۇزدى ، شاھزادە كۆزىنى يوغان ئېچىۋالغان بولۇپ ، ساقاللىق بۇ كىشىگە چەكچەيگىنىچە قاراپ قالغانىدى .

–ئۇھ ، بۇ يەر نىمە دىگەن چىرايلىق ، مەشەدە بىردەم ئارام ئالمايلىمۇ ؟ – دېدى ئايال .

–شۇنداق قىلايلى دېدى سۇپۇرگە . ئايال :

–ئۆتۈنۈپ قالاي ، سەن مەن تەرەپكە قارىما ، – دېدى دە ، سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قاراپ كەتتى .

ئېشەك ئەتراپتىكى چۆپلەرنى قېلىن كالپۇكلىرى بىلەن يالماپ ، ئىشتىھا بىلەن ئوتلاشقا باشلىدى ، ئاز ئۆتمەي سۇپۇرگىنىڭ قۇلىقىغا سۇنىڭ شالاپشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ، ئايال نېراقتا بېرىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۇيۇنماقتا ئىدى . سۇپۇرگە قولىدىكى بوۋاققا قارىدى . كەلگۈسىدە پادىشاھ بولۇشقا تېگىشلىك بولغان بۇ بوۋاقنىڭ سۇپۇرگە ئۆز ئۆمرىدە ئۇچراتقان نارسىدىلەردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى .

خوش شاھزادەم ،– دېدى سۇپۇرگە بالىغا قاراپ ، شاھزادە يۆگەكتە پۇتلىرىنى پىلتىڭلىتىپ تېپىرلاپ قويىدى . – سېنىڭ ھېلىقى بارلىق تەخت ۋارىسلىرىنى يوقاتماقچى بولۇپ قۇترىغان

چوڭ ئاكاڭ شۇ تاپتا ئوردا ئىچىدىن سىنى ئىزدەپ تاپالماي قانچىلىك غەزەپكە كېلىۋاتقاندۇر ، ھە ؟ بەلكىم ئۇ قىلچىنى يالاڭاچلاپ ئوردا ئىچىدىكى ئۇچىرغانلا بوۋاقنى قانغا بوياۋاتقاندۇر ؟ يا بولمىسا ئۇ ئەڭ ئاۋال سىنىڭ مېھرىبان ئاناڭنى دارغا ئاسقاندۇر . ؟ ... پادىشاھلىق ئەڭ ئالىي دۆلەت دېسە مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن . زوراۋانلىق ، مۇستەبىتلىك بەدىلىگە ئۆرە تۇرغانلارنىڭ بىر كۈنمۇ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق . ئۇنىڭغا قارىغاندا ئېتىزدا سۆرەم سۆرىگەن دېھقان تاتلىقراق ئۇخلايدۇ ، دالىدا يالاڭئاياغ كېتىپ بارغان نامرات ئەركىنرەك نەپەس ئالىدۇ . ... خۇدانىڭ تەقدىرىنى قارا ، مىڭلاپ قوشۇن قوغداشقا تىگىشلىك سەندەك شاھزادىنى ئۆزىنىمۇ قوغدىيالمايدىغان مېنىڭدەك بىر ئاجىزنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپتۇ . ...سەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستىنلا شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ قالساڭ ، بىزنىڭ سىنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمىزنى ، سەن ئۈچۈن بېشىمىز كېتىدىغان خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغانلىقىمىزنى ئېسىڭگە ئالارسەنمۇ ؟

بوۋاق بۇدۇرۇق قوللىرىنى سۇنۇپ سۆيۈرگىنىڭ ساقىلىنى تۇتىۋېلىشقا تىرىشاتتى .

ــياق ،ــ دەپ ئۆز پىكىرىنى رەت قىلدى سۆيۈرگە ، ــ شاھلاردىن شاپائەت كۈتۈش ئەخمەقنىڭ ئىشى ، ھۆكۈمرانلار ئۆز سىرىنى بىلگۈچىلەرنى ئەڭ بۇرۇن كۆزدىن يوقىتىدۇ . بەندىنىڭ ھەقىقىي شاپائەتچىسى رەھىملىك ئاللانىڭ ئۆزى........

سۆيۈرگە تېخى بالا شاھ ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلىرىنى ئاياغلاشتۇرماي تۇراتتى . يىراقتىن ئايال چىقىپ كەلدى . سۆيۈرگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى ، ئايال يۈيۈنۈپ ، تارىنىپ تولىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى . سۆيۈرگىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان قىزىل گۈل ، دەرەخلەر ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلىۋاتقان تولۇن ئاي پەيدا بولغاندەك بولدى ......شۇ چاغدا سۆيۈرگە بالىنىڭ يۆگىكى ئاستىدا تۇرغان قولىغا ئىسسىق بىر نەملىكنىڭ تەگكەنلىكىنى سەزگەندەك بولدى ـدە، دەرھال ئېسىگە كېلىپ ، بالىنى يەرگە قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

ــۋاي نىمە قىلىۋاتىسەن ؟ ــ دېگىنىچە يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى ئايال .

ــنىمە بولدى ؟

ــسەن شاھلارنى قانداق كۈتۈشنى بىلەمسەن ، مەن ساڭا ئېيتمىدىممۇ، نىمىشقا شاھزادىنى

يەرگە قويسەن ؟

ــ سەن ئۇنىڭ ئاستىنى قۇرۇقدا ، ــ دېدى سۈپۈرگە كۈلۈپ ،ــ ئۆمرۈمدە مەن مۇنداق ئورنىغا سىيىپ ، چىچىپ ياتىدىغان پادىشاھنى كۆرمىگەنىكەنمەن .

ئايالمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى . نىمىشقىدۇر ئۇ بۈگۈن خۇشخۇي بولۇپ قالغاندى . سۈپۈرگىگە مۇلايىم مۇئامىلە قىلغۇسى ، ئۇنىڭغا سۆركىلىپ ئەركىلىگۇسى كېلىپ تۇراتتى . ئۇمۇ يەردە ياتقان شاھزادىنى دەرھال قولىغا ئېلىشىنى ئۇنتۇپ سۈپۈرگىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى ـ دە :

ــ قارا شۇ تاپتا بىز مۇشۇ بالىنىڭ ئاتا ئانىسىغا ، بىر جۈپ ئەر ئايالغا ئوخشاپ قاپتىمىز ،ــ دېدى .

مۇشۇ بىر نەتچە كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا سۈپۈرگىنىڭ مىجەزى ئايالغا يېقىپ قالغاندى . ئۇ بىر ئاز غەلىتە ، قوپال ، ساددا كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەمنىڭ ھۆجۈدىدىكى ئەرلەرگە خاس ئاق كۆڭۈللۈك ۋە يوشۇرۇن ئەقىلنى كۆرۈپ يەتكەندى ، ئايالنىڭ قەلبىدە كۈندىن كۈنگە ھاۋائانام زامانىسىدىن قالغان شۇ ئەرنى ئىگىلەش ، قولغا كەلتۈرۈش ، ئۇنىڭ مۇھاببىتىگە ئېرىشىش ئىستىكى يېتىلىۋاتاتتى . سۈپۈرگە ئايالنىڭ ئەر خوتۇن توغرىسىدىكى گەپلىرىنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمىدىمۇ ؟ ياكى چۈشەنسىمۇ چۈشەنمەسلىككە سالدىمۇ ، ئايالدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ، قولنى يۈيۈش ئۈچۈن سۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى .

ئۇلار يەنە يولغا چىقتى . ئايال تۇرۇپ كۈلەتتى . دالا گۈللىرىنى ئۈزۈۋېلىپ قۇلىقىغا قىساتتى . بەزىدە غىڭشىپ ناخشا ئېيتاتتى .

بۇ بېشىمغا چۈشكەن كۈننى ھېچكىم بىلمەيدۇ ،

تۇۋا دەيمەن دەرت تارتقانغا كىشى ئۆلمەيدۇ .

ئوردىدىكى خېنىملارنى شاد خورام دىمەك ،

زىبۇ زىننەت يۈك ئۇلارغا قەلبى كۈلمەيدۇ .

ئۇ ئۆز ناخشىسىدا ئوردىدىكى دىدەكلەرنىڭ كۆلپەتلىرى، ئېگىز تاملار ئىچىگە بەنت بولغان خانىشلارنىڭ ئىچ پۇشۇغى ، بالىسىدىن ئايرىلغان ئانىنىڭ ھەسرەتلىرىنى سۆزلەيتى .

شۇ كۈنى ئۇلار خالىي بىر قونالغۇغا كېلىپ چۈشتى . ئايال ئۆزىنىڭ قەلبىدە باش كۆتۈرۋاتقان ئىستەك ، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان مۇھاببەت ھېسسىياتى توغرىسىدا كۈيلەيتى ، ئۇنىڭ كەيپىياتىغا جۆر بولۇپ قۇشلار خۇشخۇي چۇرۇرلىشىپ ، سۇلار قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇپ شىلدىرلاپ ، يوپۇرماقلار يىنىك شىۋىرلىشىپ پۈتۈن تەبىئەت تەڭ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى ..........ئۇ سۇپۇرگىنى مەزلىك تاماقلارنى تەييارلاپ كۈتتى ، كېچىسى ئۇ سۇپۇرگىنى ئۆز قوينىغا چارقىردى .

ــماڭا قارا يولۇچى ، ــدېدى ئايال ياستۇقىغا جەينەكلىنىپ تۇرۇپ ، سەن مېنى نىمىشقا ئەركىلىتىپمۇ قويمايسەن ؟

ــئەركىلىتىپ دەمسەن ؟ .... سېنىما ؟ ــ سۇپۇرگە كۆتۈلمىگەن سۇئالدىن ھەيران بولدى ،ــ سەن كىچىك بالا بولمىساڭ ؟

ــلېكىن مەن ئايال كىشى ــ دە ؟

ــتوغرا سەن ئايال كىشى.

ــقوينۇمغا كىرىش خىيالىڭغىمۇ كىرمەمدۇ ؟ ياكى مەن ساڭا يارىمىدىممۇ ــ يە ؟

جاھانكەزدى سۇپۇرگە تېڭىرقاپ تۇرۇپقالدى . كىچىك شاھزادە چوكاننىڭ ئۇتەرپىدە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . تۈن يېرىملىشىپ قالغان بولۇپ ئاي نۇرى ئۇلار ياتقان ھۇجرىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى . ئايال بولسا كۆرپىنىڭ ئۇستىدە سۇپۇرگىگە قۇچاق ئېچىپ ياتاتتى . تەڭلىكتە قالغان سۇپۇرگە نىمە دېيىشنى بىلمەي قالدى .

ــياق ، ياق ، سەن ........سەن ھار قانداق ئەرگە يارايدىغان چوكانسەن ،ــ دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ .

ــئۇنداق بولسا نېمىشقا قوينۇمغا كەلمەيسەن ؟ دەسلەپكى كۈنلەردە مەن سېنىڭ زورلۇق قىلىشىڭدىن ئېھتىيات قىلدىم ، كېيىنكى كۈنلەردە مەن سېنى كۈتتۈم . بەزى كۈنلىرى سەن

يېتــپلا ئۇخــلاپ كېتــســەن . مــەن ئۇزاقـقــچە كـۆز يۇممايـمــەن ........ خوجايــن خېنــم مــنى ساڭا قوشۇپ يولغا سالغاندا ‹خالـساڭ خوتۇن قىلارسەن› دېگىننى ئاڭلىغان بولغىيتىڭ ؟

ــشۇنداق ئاڭلىغان .

ــدېمەك بىزگە رۇخسەت قىلىنغان . سەن يەنە نېمىدىن ئېھتىيات قىلىسەن ؟

..... ــ

ــيــاكى ســەن ئاياللارغــا يېقىنلاشماسلــىقتا قەســەم قىلــىۋەتكەنمۇ ؟ يــاكى سېنــىڭ دىنــىڭدا ئۆيلىنىــشكە بولمامــدۇ ؟ ئەگــەر شــۇنداق بولــسا ، ســەن ئۇنــداق يارىــماس دىندىــن چىقــىپ كــەت . ئاللانىڭ ئۆزى ئەر بىلەن ئايالنى بىر بىرىگە ھاجەتلىك قىلىپ ياراتقان .

........... ــ

ــنىمــشقا ئۇنچىقمايــسەن ؟ مېــنى خوتۇنلۇققــا ئالــساڭ زىــيان تارتمايــسەن ، ئايىغــىڭدا يــۈرۈپ خىزمىتــىڭنى قىلــىمەن ، مــەن شــاھ ئوردىســىدا ئەڭ ئېســىل تامــاقلارنى پــىشۇرۇشنى ئۆگەنگــەن .......

سۇپۇرگىنىــىڭ دېمــى ئىچــىگە چۈشــۈپ كــەتتى . ئۇ ئۆزىــنى ئاياللارغــا ھــەۋەس قىلــىدىغان چاغلــىرىم ئۆتــۈپ كــەتتى دەپ قــارايتى . ســۈپۈرگە بــۇ يــاش ھــەم ســاغلام نوتــىغا ئۇرۇنــۇپ ئۆزىنــىڭ قەدىــر قىممىتــىنى تۆكۈشــنى خالــمايتى . ئايــال بولــسا سۇپۇرگــىنى ياخــشى كۆرگەنلىكتــىن ئەمــەس ، ئۆزىدىــكى غېرىپلــىق ۋە يــالغۇزلۇقنى بىردەملــىككە بولــسىمۇ يىراقلىتــىش يــاكى بولمــىسا كېلــىپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى تەشنالىقنى قاندۇرۇش زۆرۆرىيىتىدىن ئۇنى قويىنغا چاقىرماقچى ئىدى .

بــىر چــاغلاردا سۇپۇرگىنىــىڭمۇ يىگىتلــىك مەزگىللــىرى ئۆتكەنــىدى . ئۇنــىڭمۇ ئۆزىــنى تەقەززالــىق بــىلەن كۈتكــەن مەشۇقلــىرى بولغــان . ئۇ ۋاقــىتلار قانچىلــىك گــۈزەل ۋە ئۇنتۇلمــاس ئــىدى ـ ھــە ؟ ..يــالغۇز ئايــاغ يــول ، كــەڭ دالا يــاكى شەھەرنــىڭ قانــداقتۇر بــىر تــار كوچىلــىرىدا ئۇنــى دېرىزىســىنى ئېچــىپ شەرەتلــىگەن جانــانلار ، قايــناق بــازار ئىچــىدە چۈمپەردىســىنى بىلــىنەر بىلــىنمەس قايرىــپ قويــۇپ كۈلۈمســىرىگەن گۈزەللــەر ئۇنــىڭ ئېســىدە ، شۇنداقلارنــىڭ بەزىلــىرى شــەھلا كۆزلــىرى بــىلەن ئۇنــىڭ يۈرىكــىگە ئوي يېقــىپ ، ئۇنــى ئەگەشــتۈرۈپ كېتــىپ قــالاتتى . ســۇپۇرگە مــۇداق جــىلۋە

قىلغان جانانلارنىڭ ئۆيىدە بىر كېچە ، پەقەت بىر كېچىلا مېھمان بولۇپ ئۆتتەتتى ، ـ دە ، ئىككىنچىلەپ ئايىغ باسمايتى ، چۈنكى ، بىر نىشاننى ئۆزاق ئەگىپ يۇرۇشنىڭ خەتەرگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . ... چوكاننىڭ

جاننى قىينايدىغان ئوتلۇق تەلەپلىرى سۈپۈرگىنى ئەنە شۇنداق خىياللارغا ئەكەتتى .ئايال بولسا توختىماي سۆزلىمەكتە ئىدى .

ــگەپ قىلساڭچۇ ؟ ــ دەپ ئالدىراتتى چوكان ،ــ ياكى سىنىڭ كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان بىرەر ئەيىبىڭ بارمۇ ؟ ياكى بولمىسا....

ــقوي سىڭلىم ، مىنىڭ يېشىم ساڭا مۇناسىپ ئەمەس .

ــيېشىم دېدىڭما ؟ ــ كۈلۈپ كەتتى چوكان

ــھەئە ، مېنىڭ باللىرىم بولغان بولسىمۇ بەلكىم سېنىڭدىن چوڭراق بولغان بولاتتى .

ــئوردىدا بىرگە ئىككى پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلارمۇ ئېسىلىشىدۇ . خىجالەت بولما ، بۇ ئىشنى مانا مەن ئۆزەم تەلەپ قىلدىم... .

چوكان شۇنداق دېدى ــ دە ، سۈپۈرگىنىڭ قوينىغا ئۆمىلەپ دىگۈدەك كىرىپ كەلدى .

ــمۇنداق قىلما . مۇنداق قىلما. ــ دەپ يالۋۇراتتى سۈپۈرگە ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، ــ مەن سېنى خوتۇنلۇققا ئالسامۇ ئاۋال بىرەر كىشىنى گۇۋاھ قىلىپ تۇرۇپ نىكاھ ئوقۇتۇشىمىز كېرەك .....سەن مېنى گۇناھكار قىلىسەن..........

ئەمما چوكان سۈپۈرگىگە بارغانسىرى مەھكەم يېپىشىپ ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى يەشمەكتە ئىدى . ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن سۈپۈرگىنى ئۆزىگە تارتاتتى .

ئۇلۇغ شاھزادە بولسا يېنىدىلا سادىر بولىۋاتقان مۇھابېەت پاجەسىدىن بىخەۋەر تاتلىق پۇشۇلدايتى ، ئاي بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ . بىر مۆكۈنەتتى .

ئايالنىڭ ئوتلۇق ۋە تەشنالىق ئىچىدە پىچىرلاشلىرى تەسرىدە يۈلتۇزلار تېخىمۇ روشەن چاقناپ ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىشاتتى .... سۈپۈرگىگە چوكاننىڭ مۇھابېتىنى بۇگۇنگە مەڭگۇگە ، ياكى بىر نەتچە مىنۇتقا بولسىمۇ قۇبۇل قىلماقتىن باشقا چارە يوق ئىدى . .. ئۇنىڭ

# بەشىنجى باب

## ياخشى قال ، يولۇچى

يەنە بىر يېڭى تاڭ ئاتتى . سۈپۈرگە ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ يۇيۇندى . بامدات نامىزىنى ئوقۇپ خۇدادىن ئۆز گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى تىلىدى . ئۇلار يەنە يولغا چىقىشتى . چوكان ئۆزىدىكى تەشنالىق ئوتىنى ئازىراق بولسىمۇ پەسەيتكەن بولۇپ ، بۈگۈن نىمىشقىدۇر كەمسۆز بولۇپ قالغانىدى . ئۇ پات پات ئېشەك ئۈستىدە كېتىپ بارغان سۈپۈرگىگە يەر تىگىدىن قاراپ قوياتتى

.

ئوردىدىكى چاغدا چوكان ئۆزىنىڭ ئەنسىز كىشىنى بىزار قىلىدىغان خورلۇق تۇرمۇشىدىن جاق تويغانىدى . ئۇ قانچە  قېتىم شۇنداق بىر كىشىنىڭ غايىپتىن پەيدا بولۇپ ، ئۆزىنى يىراق ، خاتىرجەم بىر ماكانغا ئەكىتىشىنى تىلىگەنىدى ، ئۆزىنى ئەكىتىدىغان ئۇ كىشىنىڭ چىرايىنىڭ قانداق بولىشى ، ياش قورامىنىڭ قانچىدە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى . ئۇنىڭغا لازىمى پەقەت ئۆزىگە پاناھ بولالايدىغان بىرەر ئەر كىشى . شۇنداق ئادەم بولسا ، ئۇنى دۇنيانىڭ قانچىلىك يىراق يەرلىرىگە ئەكەتسىمۇ مەيلى ئىدى . ئۇ ئۇيەردە ئۇ ئېرىنىڭ ئاش تامىقىنى ئېتەتتى ، ساغلام بۇدۇرۇق باللارنى تۇغاتتى ، ئۇنىڭ باللىرىنى ھېچكىم بوغۇپ قويمايتى . ئۇ ئۆز باللىرىغا قېنىپ ئەمچەك سالاتتى . باللار چوڭ بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەتراپى ۋاڭ چۇڭغا تولاتتى . ...   چوكان ئۆزىنىڭ ئوردا ئىچىدە ئەسلىگۈسىمۇ كەلمەيتى . ئوردىدىكى دېدەكلەر ، ئىنىكئانىلار ، ئايال چاكارلار بىلەن ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوغۇرلۇقچە قىلىشىدىغان مۇناسىۋەتلىرى كىشىنى بىزار قىلاتتى . ئوردىدىكى ئېسىلزادىلەر كۆزى چۈشكەن ئايال خىزمەتكارلارنى خۇشى تۇتقاندا چاقىرىپ بىر كېچە قوينىغا ئالىدۇ ـ دە، بۇ ئىشنى بىرەرگە تىنىپ قويسىلا كاللىسىنى ئالدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، تەھتىپ سېلىپ ئەتىسىلا

ھەيدەپ چىقىرىدۇ . ئوردا خىزمەتكارلىرى بىلەن بۆلۈك پۈچەكلاردا قورقۇپ ، تىترەپ تۇرۇپ قىلىشقان ئىشلارنىڭمۇ قىلچە لەززىتى بولمايدۇ . ئاھ ، شۇ ھەشەمەتلىك ئوردىدا ئاددى بىر دېھقاننىڭ خوتۇنى

بولۇشنى ئارزۇ قىلمايدىغان بىرەر كىنىزەك تېپىلارمۇ ؟....

ئوردىدىن مانا بۇ شاھزادىنى ئېلىپ قېچىش ئىشىغا شۇئىلاشقا بۇ چوكان ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلغاندى . ئۇ خەۋپ ئىچىدە قالغان شاھزادىنى قۇتۇلدۇرماقچى، راستىنى ئېيتقاندا ، ئوردىدىن يىراق بىرەر جايدا ئۆزىنىڭمۇ خاتىرجەم تۇرمۇشىنى تىكلىمەكچىدى . ....چوكان خىيال ئىچىدە سۇپۇرگىگە قارايتى . بۇ ئادەمنىڭ يېشىنى ئانچە چوڭ دەپكەتكىلىمۇ بولمايتى . ئۆنىڭدا ئەركەكلەرگە خاس ھەممە خىسلەت تېپىلاتتى ، ئەمما بۇ چوكانغا نىسپەتەن ئۇنىڭ

مۇناسىۋەتلىرى بىر ئەر بوغۇچىغا ئەمەس ، مېھرىبان قېرىنداشقا ئوخشاپ كېتەتتى . بۇ ئادەم يەر تېرىپ ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان دېھقان ئەمەس ، تۈگمەس سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان سەيياھ ، چۈشۈنۈپ بولمايدىغان غەلىتە ئادەمدەك قىلاتتى .

سۇپۇرگە بىلەن چوكان قانداقتۇر بىر تاشلىق ساي ، تاشلاندۇق يوللار بىلەن كەڭ ئېدىرلىقنى كېسىپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدى . يىراقتا يېشىللىقلارغا پۈركەنگەن دۆمچەك دۆمچەك دۆڭلۈكلەر ، ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدا قارلىق ئېگىز تاغلار كۆرۈنەتتى . ئاشۇ دۆڭلۈكلەر تەرەپكە ئەكىتىدىغان يولغا قاراپ چوكاننىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى .

– بىلەمسەن ؟ - دېدى ئۇ سۇپۇرگىگە،- بۇ يەرلەر ماڭا تونۇشتەك بىلىنىدۇ . مېنى لەشكەرلەر ئوردىغا ئېلىپ ماڭغاندا ، ھارۋا بىلەن ئەن شۇنداق دۆڭلۈكلەرنى ئارلاپ ماڭغاندەك قىلغان . بىز ئۆزاق يول يۈرگەن ، ھارۋىدا يەنە قانداقتۇر يۈكلەرمۇ باردەك قىلاتتى ، مەن يوغان ساندۇقلارنىڭ ئوتتۇرسىدا چايقىلىپ ئولتۇرۇپ ، مەپە مىلەڭزىسىنىڭ يوچۇقىدىن ئوغۇرلۇقچە سىرتقا قارىغاندىم . بەلكىم ، ئاشۇ دۆڭلۈكلەردىن ھالقىپ چۈشسەكلا بىزنىڭ يۇرتقا بارارمىزمىكىن . ئۇلار مېنى ئوردىغا ئېلىپ ماڭغاندا مەن كىچىك ئىدىم ، كېيىن ئاڭلىسام ، ئاتا ئانام ھەسرەت چېكىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ھازىر يۇرتۇمدا قانداق ئۇرۇق تۇغقانلىرىمنىڭ

بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.... .

ــ سەن ئۇ تەرەپلەرنى ئۆزۈڭنىڭ يۇرتلىرىغا ئوخشىتىۋاتساڭ كېرەك ، ــ دەپ كۈلدى سۇپۇرگە ، ــ دۇنيادا بىر بىرىگە ئوخشايدىغان دۆڭلۈكلەر ئازمۇ ؟

ــ سىپنىڭ دىگىنىڭ توغرىدۇر ، ــ دېدى چوكان ، ــ ئەمما ، شۇ ئەتىراپ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىۋاتىدۇ . شۇ ئەتىراپتىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ تېرىغان بولساق ، ساپاننى مەن ئۆزۈم سۆرەيتىم.

ــ ئەتىدىن باشلاپ بىز ئۇ تاغ تەرەپكە ئەمەس ، مانا ماۋۇ چۆللۈكلەرگە قاراپ كەتكەن يول بىلەن ماڭىمىز ، ــ دېدى سۇپۇرگە ، ــ ئالدىمىزدىكى بۇ يوللاردا ئەمدى بىزگە بەزىدە كۈنلەپ بىرەر كارۋان ، ياكى بىرەر يولوچى ھەتتا بىرەر قونالغۇمۇ ئۇچرىمايدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇ يوللاردا ئادەم شالاڭ ، شاھ ئايغاقچىلىرىنىڭ تۇتۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشىڭمۇ ھاجىتى يوق ، مەن قۇملۇقلاردىكى ئەڭ يېقىن ، ئەڭ مەخپىي يوللارنى بىلىمەن .

› قۇياش شاھى› نىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئاخىرقى كېچىسى يولوچىلار قونالغۇ تاپالماي ، ئېتىزلىقتىكى تاشلىنىپ تۇرغان بىر كونا كەپە ئىچىدىلا تۈنىدى ، كەپىنىڭ ئۈستىگە ياپقان ياغاچلار چىرىپ قاراپكەتكەن . كەپىنىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىنى قېلىن تور باسقان بولسىمۇ ، كەپىنىڭ ئاستىغا قۇرۇق ۋە يېڭى مەڭگەن يېيىتىلغانىدى . بۇ شۇ ئەتىراپتىكى بىنەم يەرلەرنى تېرىيدىغان دېھقانلارنىڭ يىغىم تېرىم ۋاقتىدا پايدىلىنىدىغان تۇرالغۇسىدەك قىلاتتى . بىر

ئىككى كۈندىن بېرى ماڭغان ئوڭغۇل دوڭغۇل تاشلىق يول سۇپۇرگىنى ئوبدانلا چارچاتقانىدى . ئۇ ئېشىكىنى چۇشەپ قويۇپ ، كىرىپلا ئۇخلاپ كەتتى . چوكاننىڭ كۆزىگە بولسا زادى ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

‹ كۈندۈزى يول بويىدا كۆرۈنگەن دۆڭلۈكلەردىن ھالقىساقلا بىزنىڭ يۇرتقا يېتىپ باراتتۇق .› دەپ ئويلايتى چوكان . شۇ دۆڭلەرنىڭ ئارقىسىدا راستىنلا ئۇنىڭ يۇرتى بارمۇ ياكى بۇ بىر خىيالى تۇيغۇمۇ ؟ بۇنىسى نامەلۇم ئىدى . نىمىشقىدۇر چوكاننىڭ كاللىسىغا مۇشۇنداق بىر

پەرەز ئورنىشۋالغانىدى . ئۇ يەردە يىراقتىكى ئاق باش تاغلاردىن ئېقىپ كېلىدىغان سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى ، ئۆزۈنغا سوزۇلغان جىلغىلار بار . بىر قېتىم ئاتىسى چوكاننى شۇ يەرلەرگە باشلاپ بېرىپ سايدىن بېلىق تۇتقان . ئاياغ يوللار ، ئېتىزلار ، ياپيېشىل باراڭلار بىلەن پۈركەنگەن ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى ، كۆكتاتلىقلار ھەممىسى ئۇنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ .

ئەگەر شۇ ئەتراپتىكى بىرەر ئىشلەمچىنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى . ھە ؟ ... بۇ ناتۇنۇش ئادەم ئەمدى چۆل يوللىرى بىلەن ئۇنى قەيەرلەرگە ئەكىتەر ؟ ئېھتىمال ئۇ مۇشۇ كەتكىنىچە مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەس...........

تۈن يېرىمىدا ئايال ئاستا ئورنىدىن تۇردى ، سۈپۈرگە بىلەن كىچىك شاھزادە شىرىن ئۇيقۇدا ئىدى . چوكان تالاغا چىقتى . ئاي ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى . بىراق بىر يەردىن شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى كېلەتتى . قەيەرلەردىندۇر ئىتلار ھاۋشىپ قوياتتى . دېمەك ، يېقىن ئەتراپتا بىرەر يېزا باردەك قىلاتتى . چوكان ئىتلارنىڭ ئاۋازى كەلگەن تەرەپنى نىشان قىلىپ ماڭدى . باشتا ئالدى كەينىگە قاراپ ئاستا ماڭدى ، كەيىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىن يۈگۈرۈشكە باشلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ نىمىلەرگە دەسسەپ ، قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىپ بارغىنىنىمۇ بىلمەيتتى .

ئەگەر ئوردىدىن شاھزادىنى ئىزدەپ چىققان لەشكەرلەر بۇ ئەتراپتىن چوكاننى تېپىۋالىدىغان بولسا ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىن شاھزادىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ .

ئۇ چاغدا ئۇ نىمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ ؟ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوردىغا نىمە كېرىگى ، ئۇلارغا لازىمى شاھزادە ، ئەگەر كۆنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ شاھزادە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولسا ، بوۋاق چېغىدا ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەن ئىنىكئانىسىنى ئەيىبلەپ كاللىسىنى ئالىدۇ . ئەگەر پادىشاھلىق باشقىلارنىڭ قولىدا بولغان تەقدىردىمۇ ، تەختنىڭ كەلگۈسى كۈشەندىسى بولغان شاھزادىنى تاپ دەپ ئۇنىڭغا تۈگىمەس زۇلۇم سالىدۇ . ئەگەر شاھزادىنى ھېلىقى يولۇچى ئېلىپ يىراققا كېتىپ قالسا ، ئۇ چاغدا شاھزادىنى ئۇ ئۇدا ئادەملىرىگە قانداق تېپىپ بېرەلەيدۇ ؟........

چوكانىنىڭ كۆز ئالدىغا ئوردىدىكى سۇغا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش جازاسى ، ئەمچەكتىن ئېسىش ، گېلىنى بۇغۇپ كۆزىنى چانىقىدىن چىقىرىش ، قاپقا سولاپ دۇمبالاش ، ئالدى كەينىدىن قوزۇق قېقىش ،تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكىنى سۇغۇرىۋېلىش دېگەندەك ھەرخىل جازالار كەلدى . ئۇ بارغانسىرى دەككە دۈككىگە چۈشۈپ ، يۈگۈرۈشتىن توختاپ قالدى . بوۋاقنى ئويلىغانسىرى كۆكسى چىڭقىلىشقا باشلىدى . ‹ ئاز ئۆتمەي شاھزادە ئويغىنىدۇ ، ـ دەپ ئويلىدى چوكان ، ـ ئۇ ئېمىشى كېرەك . يولۇچى ئۇنى قانداق پەرۋىش قىلىدۇ ؟ ئۇنىڭ يىغىسىنى قانداق پەسلىتىدۇ ؟ شاھزادە ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن ‹.......

جاۋابكارلىق تۇيغۇسى ۋە ئانىلىق مېھرى چوكاننى ئارقىغا قايتۇردى ، ئۇ كەپىسىگە يېقىنلىشىپ كەلدى . بالا بىلەن سۇپۇرگە يەنىلا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . تىنىچ كېچىدە ئۇلارنىڭ چوڭقۇر تىنىقى سىرتقىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى . چوكان پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ بالىنى قولىغا ئالدى - دە، دېمىنىمۇ چىقارماستىن كەپىدىن يىراقلاشتى ، ئاندىن ئۇ شاھزادىنى مەھكەم قۇچاقلاپ شامالدەك ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەتتى . ئايمۇ ئۇنۇڭغا ئەگىشىپ يۈگۈرىۋاتقاندەك

قىلاتتى.........

سۇپۇرگە سەھەردە ئويغىنىپ يېنىدا ھېلىقى چوكان بىلەن بالىنىڭ يوقلىقىنى كۆردى . ئۇ تالاغا چىقتى . ئەتراپقا قارىدى . ھەممە ياق جىمجىت ، كېچىچە تۈيۈپ ئوتلىغان سۇر ئېشەك ھورۇنلۇق بىلەن توپىغا ئېغىناپ ياتاتتى . ئېشەك ئىگىسىنى كۆرۈپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، كېرىلىپ سىلكىندى .

چوكاننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتى . سۇپۇرگىنىڭ كۆڭلىدىن بىر گۇمان كەچكەندەك قىلدى . دە قايتىپ كىرىپ ئايال ياتقان ئورۇننى تۇتۇپ كۆردى ، ئورۇن ئاللىبۇرۇن مۇزلاپ كەتكەندى . ئۇ يەنە كەپىدىن چىقتى . يىراق ئۇپۇق سىزىقى ئەتراپىدا شەپەق لاۋۇلداپ ، يېڭى بىر قۇياشنىڭ كۆتۈرلۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى . ئەتراپتىكى سەھەرچى قۇشقاچلار چۇرۇقلىشاتتى . سەھەرنىڭ ساپ مۇزدەك ھاۋاسى كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى . سۇپۇرگە كەپە

ئىچىگە يەنە قايتىپ كىرىپ ، خۇرجۇننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، شاھزادىنىڭ ئانىسى خىراجەت قىلىش ئۈچۈن بەرگەن تىللالار سېلىنغان خالتىنى ئىزدىدى، خالتا ئۆز جايىدا تۇراتتى . ئۇ قايتىپ چىقىپ ، كەينىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ خىيالغا پاتتى .

بۇ چوكان قا يەرگە كەتكەن بولىشى مۇمكىن ؟ تىوغرا ، ئۇ تۆتتۆگۈن مۇشۇ يەردە بىزنىڭ يۇرت بار دىگەندەك قىلىۋىدى . دىمەك ، ئۇ ئۆز يۇرتىنى ئىزدەپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ . ئۇنداقتا ئۇ شاھزادىنىڭ ئانىسى بەرگەن تىللالارنى نىمىشقا ئەكەتمىدى ؟ بەلكىم ئۇ مېنى خۇرجۇندىن تىللا سېلىنغان خالتىنى ئالغۇچە ئويغۇنۇپ كەتمىسۇن دىگەندۇر ياكى ئالدىراشچىلىقتا ئۇنىڭ ئېسىگە خالتىمۇ كەلمىگەندۇر؟ ھىچبولمىغاندا ئۇ تىللالارنى بولسىمۇ ئەكىتىشى كېرەك ئىدى . بۇ پۇللار ماڭا تەئەللۇق ئەمەس ، شاھزادىنىڭ راسخوتى ئۈچۈن بېرىلگەن دۇنيا ئەمەسمىدى ........ھەي كەم ئەقىل خوتۇن ، سەن بۇنچە ئالدىراپ قاچمىساڭمۇ ، ئۆزۈمنىڭ يۇرتىغا كېتەي دىسەڭ ، مەن سېنى توسۇپ قالامتىم ؟

تۇرۇپلا سۇپۇرگىگە غېرىپلىق ۋە يالغۇزلۇق يەتكەندەك بولۇپ قالدى . چوكان ئۆزىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمۈشلەرگە تولغان ئەندىشلىك پاراڭلىرى بىلەن يول بويى سۇپۇرگىنى زىرىكتۈرمىگەنىدى . ھەر بىر ئۆتەڭ ، قونالغۇلاردا ئۇ سۇپۇرگىگە تاماق ئېتىپ بەرگەن ، ئۇنىڭ ھاجەتلىرىدىن چىققانىدى . ھېلىقى شاھزادىچۇ ؟ بۇ دۇنيادا ئەڭ پاك ، ئەڭ ياۋاش ، تېخى ھىچبىر گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە ، ھېچكىمگە زۇلۇم سېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ھۆكۈمران دەپ مانا مۇشۇ شۇمتەكنى دېسە بولىدۇ . بۇ نارسىدىمۇ ئىنىكئانىسىنىڭ كۆكسىنى مەھكەم قامالاپ ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېمىپ ، ئۇلارنىڭ قېشىدا پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ، ئوبدان ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى .

سۇپۇرگە چوكاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمۈد قىلىپ كۈن خېلىلا ئۆرلەپ كەتكۈچە كۈتتى . ئايال قايتىپ كەلمىدى . سۇپۇرگە ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلاتتى . « مەن بۇ چوكاننى رەنجىتىپ قويغاندىمەنمۇ يە؟ ـ دەپ ئويلايتى ئۇ ،ـ ياق ، مەن ئۇنى خاپا قىلغۇدەك ھېچ ئىش قىلمىدىم ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرمىدىم ، بەلكىم ئۇ كېچىسى بالىسىنى تالاغا ھاجەتكە ئاچىققان بولسا

، ئۆلارنى ھايۋانلار يەپ كەتكەندىمۇ ياكى جىن ئالۋاستىلار ئېلىپ قاچقاندىمۇ ؟ ياق ، چوكان ئالتۇن قاچىلانغان خالتىنى ئالمىغان بىلەن شاھزادىنىڭ يۆگەك ، پارچە پۇرات لاتىلىرى چىگىلگەن بوپىنى ئۇنتماي ئەكتىپتۇ . دېمەك ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ. ›

سۇپۇرگە نەرسە كېرەكلىرنى ئېلىپ ، ئېشەكنىڭ يېنىغا كېلىپ يولغا چىقىشقا تەيارلىق قىلدى . نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى .

› خوش ئېشىگىم . ــ دېدى ئۇ ئىشىگىگە سەكرەپ مىنىپ ،ــ يولدا قوشۇلغان يولداش بولماپتۇ ، دېگەن مانا مۇشۇ . يەنە ئىككىمىز يالغۇز قاپتۇق . قېنى خىت ، ئالغا ، بىزنىڭ ھەقىقي يولداشلىرىمىز تېخى ئالدىمىزدا ‹.

سۇپۇرگە شۇنداق دېدى ـ دە ، بىر نەتچە قەدەم ماڭمايلا ، تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ ئېشەكنىڭ تىزگىننىنى تارتتى .

› توختا ، بەلكىم شۇ خوتۇننىڭ ئۆزى ئالۋاستىدۇر ، بولمىسا ئۇ بىر كېچىدىلا يېنىمىزدىن قانداق غايىپ بولۇپ كەتتى ؟ ئۇنىڭ قالدۇرغان ئىزلىرى قېنى ؟

ھېچبولمىغاندا سەن ئېشىكىم ئۇنىڭ قاياققا كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ ؟ ئۇ ئۇچقاندىمۇ ياكى ....خۇدا ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلا . ئۇنداقتا بىز بۇ بىر قانچە كۈندىن بېرى بىر ئالۋاستى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ ماڭدۇقما ؟›

سۇپۇرگە بايىلا ئۆزى خۇرجۇن چاقىلىرنى كۆتۈرۈپ چىققان ئەسكى كەپىگە قورقۇنچ ئىچىدە قارىدى ،ــ دە، ئېشىكىنى قاتتىق دېۋىتتى .

‹ خىت ،...تېز بول ئېشىگىم ، بۇ سىرلىق يەردىن دەرھال يىراقلىشايلى . كىم بىلىدۇ بەلكىم ، ھېلىقى نېمىدا ؟ ھە ، <قۇياش شاھى> دەيدىغان بەتچىغەرنىڭ شەھىرىدىن چىقىپلا يولۇققان خوتۇنلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئالۋاستىدۇر. بولمىسا نىمىشقا ئۇلار باش كۆزلىرىنى قاپقارا چۈمپەردىلەر بىلەن چۈمكىۋالغان ؟....

سەن ھېلىقى بالىسىنى بىزگە تاشلاپ بېرىپ كەتكەن ئايالنىڭ چىرايىنى كۆردىڭمۇ ؟ مەن غىلىپال كۆرۈپ قالغانىدەك بولىدۇم . ساڭا ئۇنى قانداق تەسۋىرلەپ بەرسەم چۈشىنەرسەن ؟

قسقىسى  ئۇ بالا تۇغقان ئايالغا ئوخشمايدۇ . سۈرەتتەك گۈزەل . ئالۋاستىلار ئېزىقتۇرۇش ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ كۆزىگە ئەنە شۇنداق پەرىلەرنىڭ سياقىدا كۆرۈنىدۇ ....ئۇنداقتا < قۇياش شاھى> نىڭ ئۆزىچۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە ئالۋاستىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ـ ئىبلىس دېگەن گەپ . بولمىسا نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغانلىكى ئادەم قورقۇپ تىترەيدۇ؟ .... ھېلىقى بۇۋاق شاھزادىچۇ؟ ئالۋاستى بىلەن ئىنىكانىسى ئالۋاستى بولغاندىن كېيىن ، ئۇ ئەلۋەتتە كىچىك ئالۋاستى دېگەن سۆز . شۇنچە كۆن بىللە يۈرۈپمۇ ئۇنىڭ سەبى بالىلاردەك ۋىلىقلاپ كۈلگىنىنى ياكى قەغىش قىلىپ يىغلاپ باققىنىنى ئاڭلماپتىمەن . ئاپئاق كۆكرەككە مەھكەم يېپىشۋېلىپ ئىنىكئانىسىنى شورىغىنى شورىغان . ھېلىقى ئادەملەرنىڭ تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى ئىچىدىغان ئالۋاستىلارنىڭ نەق ئۆزى . ئەڭ قورقۇنۇشلىقى ، مەن ھېلىقى ئايال ئالۋاستى بىلەن بىر كېچە قۇچاقلىشىپ يېتىپتىمەن . مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي ، ئېشىكىم ، ئۇ ئىشقا مېنى ئايالنىڭ ئۆزى زورلىدى . مەن دەسلەپتە خالىمىغاندىم ‹.

سۇپۇرگىنىڭ پىكرى بارغانسىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى .

› ماڭا قارا ئېشىكىم ، ـ دەپ ئېشىكىگە مۇراجەت قىلاتتى ئۇ ، ـ نىمىشقا سەن تۆت پۇتلاپ ماڭىسەن ، مەن نىمىشقا ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىمەن ؟

نىمىشقا ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كېتەلەيدۇ ، سەن مەڭگۈ ئېشەك پېتىچە قېلىۋېرىسەن ؟ .....سەن دەپباققىنە، زادى ئالۋاستى بولغان ياخشىمۇ ، ئېشەك بولغان ياخشىمۇ ؟........نىمىشقا ئۈندىمەيسەن ؟ سەن مېنىڭ ئۆزۈڭدىنمۇ دۆتلۈكۈمگە ئىچىڭدە كۈلۋاتقانسەن ھەقاچان ؟›

كېچىچە ھاردۇقىنى ئۇبدان چىقارغان ئېشەك ئىتتىك مېڭىشىدا كېتىپ باراتتى . ئۇ ئىگىسىنىڭ مۇنداق توختىماي مۇلاھىزە قىلىپ ، نىمىلەر توغرىسىدىدۇر سۆزلەپ مېڭىشىغا كۆنۈپ قالغاندى .

› بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ ، ـ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى سۇپۇرگە، ـ بۇ ئۇزاق يىللارنىڭ ئالدىدا بولغان ۋەقە ، ئۇ چاغدا سەن تېخى ئاناڭنىڭ قورسىقىدىمۇ تۆرەلمىگەن .

مەن سېنىڭ داداڭنىڭ دادىسىنى مىنىپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى . كەڭ ئوچۇقچىلىقتا كېتىپ باراتتۇق . قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدى بىلمىدىم ، ئالدىمىزدىن تۇيۇقسىز توي تارتىپ كېلىۋاتقان بىر توپ چىقىپ قالدى . توپنىڭ ئالدىدا كاناي سۇنايچىلار مېڭىپتۇ ، ئارقىدىكى هارۋىدا ناغرا دۇمباق چالغۇچىلار ئولتۇرۇپتۇ ، ئۇنىڭمۇ ئارقىسىدا تەختىراۋانغا سېلىپ قىزنى ئەكېتىشىۋېتىپتۇ . ئايهاي ، مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق كاتتا توينى كۆرمىگەنىكەنمەن ، ناغرا سونايلارنىڭ ئاۋازىدىن قۇلىقىم پاڭ بولۇپ قالاي دېدى . بىر چاغدا تەختىراۋاندا ئولتۇرغان كېلىن قىزغا قاراپ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن . ئادەم بالىسىنىڭمۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىغىنىغائەقلىم يەتمەيقالدى . توپچىلارنىڭ مېنى قىستاپ يولنىڭ چېتىگە ئەچىقىپ قويغىنىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن . توپچىلار ئۇزاپ ، تېخى يولنىڭ چېڭىمۇ بېسىلماي تۇراتتى ، بىرى مېنى <يىگىت> دەپ چاقىرغاندەك قىلىپ قالدى . بۇرۇلۇپ قارىسام ، ئارقامدا پۈركەنچىلىك بىر ئايال تۇرۇپتۇ .

ــ خېنىم ، مېنى چاقىردىلىمۇ ؟ ــ دېسەم ،

ــ ئۆيلىنەمدىلا ؟ ــ دېدى ئۇ .

بايىقى توينىڭ قىززىقچىلىقى كاللامدىن كەتمىگەن بولسا كېرەك .

ــ ئۆيلىنىدىغان ئىش بولسا ئاشۇ تەختىراۋاندا ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن قىزدەك قىزغا ئۆيلەنسە، ــ دەپ ساپتىمەن .

ــ ئۆيلىنىدىغان نىيەتلىرى بولسا ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا ، مەن سىلىگە ئاشۇ قىزنىڭ سىڭلىسىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي ، سىڭلىسى هەدىسىدىنمۇ چىرايلىق ، ـ دېدى ئايال .

ئۇ چاغدا مېنىڭمۇ ياش تەلۋە ۋاقتىم . تولا ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا هېلىقى پۈركەنچىلىك ئايالغا ئەگىشىپ ماڭدىم ، قانچىلىك يول باسقىنىمىزنى بىلمەيمەن ، بىر چاغدا چوڭ بىر كۆلنىڭ يېنىدىن چىقىپ قالدۇق . كۆل بويىدا كاتتا بىر ئىمارەت تۇرۇپتۇ . شۇنچىلىك چوڭ ئۆيدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ . پۈركەنجىلىك ئايال ئىگىلىپ :

ــ قېنى خوش ، ــ دەپ مېنى ئۆيگە باشلىدى .

ئەشەكنى ئىشىك ئالدىدا قالدۇرۇپ ، مۆشۈنداق ئەسكى چورۇقلىرىم بىلەنلا قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان ئۆيگە كىرىپ كەتتىم . پۆركەنچىلىك ئايال مېنى ئۇزۇن كەتكەن دەھلىزلەردىن ئۆتكۈزۈپ ، يۇقىرى تۆۋەن پەلەمپەيلەر بىلەن ئالاھىدە ياسالغان بىر خاس ھوجىرىغا باشلاپ كىردى . ھۇجىرا ئىچىدىكى قىممەت باھالىق نەرسە كېرەكلەرنىڭ قانچىلىك ئېسىللىكنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەممۇ سەن بەرىبىر چۈشەنمەيسەن .

— سىلى ئېيتقان ھېلىقى قىز مۆشۇ ئۆيدە تۇرامدۇ ؟ ـ دەپ سورىدىم مەن .

ئايال مېنى قات قات كۆرپىلەر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ئۈستىدىكى چۈمپەردىلەرنى ئېلىۋەتتى . ھەيرانلىقتا ئاغزىمنى ئېچىپلا قاپتىمەن ، ئالدىمدا ھېلىقى مەن تەختىراۋاندا كۆرگەن كېلىندىنمۇ چىرايلىق ۋە ياش بىر قىز تۇرۇپتۇ . ماڭا قۇياش بولۇتلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ چاقناپ كەتكەندەك ، ئاسماندىكى تۇلۇنئاي ئالدىمغا دومىلاپ چۈشكەندەك بىلىندى .

— سەن ئادەممۇ ، جىنمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .

— نىمە دىسەڭ شۇ . — دەپ ئەركىلىگىنىچە ماڭا تاشلاندى .

شۇ كېچە قىز بىلەن شېرىن بىر كېچىنى ئۆتكەزدىم . ئۇ مېنى تاڭغا يېقىن ئۇزىتىپ قويدى . ( پات پات كېلىپ تۇرۇڭ ) دېدى . كەلگەندە ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۆيىنىڭ پەلەمپەيلىرىنى ساناپ چۈشتۈم . ئۆيىنىڭ ئادىدىكى چوڭ كۆلنى بەلگە قىلىپ ئەتىراپىنى ئوبدان كۆرىۋالدىم . ئېشىكىمنى مىنىپ خەير دەپ كەتتىم . ئارىدىن بىر كۈن ئۆتمەيلا جانانىنى سېغىندىم . ئېشكىمنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ يېتىپ يېتىپ كەلسەم ، ھېلىقى مەن بەلگە قىلىۋالغان يەردە نەدىمۇ چوڭ كۆل ، كاتتا ئىمارەت بولسۇن ، كەڭ بىر ئوچۇقچىلىق ، تۇتاش كەتكەن چۆل سوزۇلۇپ يېتىپتۇ . ئارىدىن قانچە يىل ئۆتۈپمۇ ھېلىقى قىزنى مەن زادى ئۇنتىيالمىدىم . قانچە يىل ئىزدىدىم ، ئۆمرۈم بويىتاقچىلىقتا ئۆتۈپ كەتتى . زادى تاپالمىدىم .......ئېھتىمال ، شۇ چاغدىمۇ مەن ھېچقانداق بىر قىزنى كۆرمىگەندىمەن ، بەلكىم ئۇ بىر چۈشتۇر . بىلمەسەن ، بۇ ھاياتنىڭ تېگىگە ، ئاللانىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىنىڭ چېكىگە يەتكىلى بولمايدۇ . بىز كۆرۈپ

تۇرغـان بـۇ دۇنيـا بـەلكـم بـزنــڭ كۆزـمــزگە كۆرۈنگەنــدەكتۇر ياكى ئۇنـداق ئەمەسـتۇر . يـاكى سـاڭا ئوخـشاش ئېشەكلەرنــڭ كۆزــگە باشقــچە ، هېلـقى ‹ قۇيـاش شـاهى› دەك ئىبلىسلارنــڭ كۆزــگە تېخـمۇ باشقــچە كۆرۈنــدىغاندۇر . يـاكى ھەممـمـز شـۇنداق بـر خـيالى دۇنيـادا ، خاتـا تۇيغۇ ئىچىدە ياشاۋاتقاندۇرمىز ، ياكى ئويغاق

تـۆرۈپ چـۈش كۆرىۋاتقاندۇرمـز ، كـم بىلـدۇ ، بەلكـم بـز ئۇچـۈن ھەقىقـى چـن هايـات پەقـەت ئالالنـڭ دەرگاهغا بارغاندىلا باشلىندىغاندۇر.......... .

ئۆز مۇلاھىزىلىرىنــڭ تەسـىرىدە سـۇپۇرگە بــر هـازا جمـــپ كــەتتى ، ئۇنـــڭ ئېشــكى قانداقتۇر بىر ئېتىز يوللىرىنى ئارقىغا تاشلاپ ، بىر خىل مىڭىشىدا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى .

‹ بــز نــمە پاراڭلارغـا چۈشـۈپ كــەتتۇق ؟.....ـ دېـدى سـۇپۇرگە ئۆز ئۆزــگە ، ـ هېلـقى چوكـان بالـسـنى ئېلـپ راسـتـنلا كېتـپ قالغانـدىمۇ ـ هـە ؟ نـاۋادا ئالۋاسـتى بولمـاي ئادەم بولغـان تەقدىـردە ، هېچبومـغاندا مېنى ئويغتـپ ( خـۇش قـال، يولـۇچى ، مـەن كەتتـم .) دەپ قويغـان بولاتتى ›.

# ئالتىنچى باب

## جەسەت

سـۇپۇرگە خـيال بـلەن ئۆزنـڭ قانچىلـك يـول باسقانلىقـنى بـلمەي قالـدى . بۆگـۈن ئۇنـڭ قورسقـمۇ ئاچقانـدەك قـلمايتى . بـرەر يـەردە توختـاپ ، ئېشـكـنى ئوتقا قويـۇپ ئارام ئالغـۇزۇش خىيالـغـمۇ كەلمـەيتى . هارغـان ، ئېچىرقـغان ئېـشەك بېشـنى تـۆۋەن قـلـپ هورۇنـلـۇق بـلەن قـەدەم ئالاتـتى . بەزىـدە يـول ئۈستـدە كۆكـرىپ تۇرغـان تـكەنلـك ئوتلارنـى كۆرگەنـدە توختـاپ ، ئۇنى يالماپ ئېلىپ كۆشەيتى ـ دە، يەنە مېڭىپ كېتەتتى .

› ئەگـەر هېلـقى چوكـان ئالۋاسـتى يـاكى جـن شـاياتۇن بولغـان بولـسا، ـ دەپ خـيالـلـرىنى داۋام قـلاتتى سـۇپۇرگە ، ـ ئۇنـداقتا مـەن نېمـە بولـمەن ؟ مـەن ئۇ ئالۋاسـتى خوتـۇن بـلەن قۇچاقلشـپ ياتقـان ئەمەسـمىدىم ؟ بەلكـم مـەن ئۆزۈمـمۇ شـۇ كۈندىـن باشـلاپ يېرىـمى ئادەم ، يېرىـمى جـن بـر نـمـگە ئايلىنـپ بولغانىدىـمەن ؟......نـمـشقا مـەنلا سـۆزلەيمەن ، سـەن ئېـشەك

گەپ قىلمايسەن ؟ دانالارنىڭ : كۆپ سۆزلىگەندىن ئاز سۆزلىگەن ياخشى ، سۆزلىگەن سۆزلىمىگەنگە

يەتمەيدۇ، دېگەن ھېكمەيلىك گەپلىرىنى ئاڭلىۋالغانمۇ سەن - يە ؟ .... بەزى ھۆكۈمرانلارمۇ گەپنى ئاز قىلىدۇ . ئۇندىمەسلىك ئۇلارنىڭ دانالىقىدىن ئەمەس ، ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ . ئۇندىمەسلىك ئۇلارنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ، ساۋاتسىزلىقىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ . ئۆلۈك نىمىشقا سۆزلۈك ؟ چۈنكى ئۇ سۆزلىمەيدۇ ......ئەگەر سەنمۇ يېرىمى ئادەم ، يېرىمى ئېشەك بولۇپ قالغان بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى ھە ؟ ئۇ چاغدا مەن سېنى ھەم مىنۋالاتتىم ، ھەم ئىككىمىز قىززىق پاراڭلىشىپ ماڭاتتۇق ، ھازىر سەن پەقەتلا ئاڭلايسەن ، ئۇندىمەيسەن ، يېرىمى ئېشەك يېرىمى ئادەم بولغان بولساڭ سەنمۇ بېشىڭدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ، توغۇلغاندىن بېرى قانداق ئېغىللاردا قانداق ئېغىللاردايېتىپ ، قانداق ئېتىزلاردا قونغانلىرىڭنى ، كىملەر بىلەن مۇھابىبەت باغلاشقىنىڭنى قىززىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتىڭ ، ھېلىقى ئالۋاستى چوكاننىڭ كېچىدە قەيەرگە يوقالغانلىقىنى ئەلۋەتتە سەن بىلىسەن ، بۇ سىرنىمۇ ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىڭ .......توختا، بىز يەنە بىر نېمىنى ئۇنتۇپتۇق . ھېلىقى خوتۇنلار ئالۋاستى بولغان تەقدىردە ، ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن تىللالىرى نىمە بولىدۇ ؟›سۇپۇرگە ئېشەكنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپلا بىر تەرەپكە قىيسايدى - دە، ئاستىدىكى خورجۇننىڭ كۆزىدىن تىللا سېلىنغان خالتىنى سۇغۇرىۋېلىپ ئاغزىنى ئاچتى . ساپ ئالتۇنلار قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىۋەتتى .

› پاھ.- دەۋەتتى سۇپۇرگە ،- بۇ تېخى قۇيۇلغاندىن بېرى بازار يۈزىنى كۆرمەي شاھنىڭ خەزىنىلىرىدىلا ساقلانغان ساپ تىللالاردىن ئىكەن . بۇ ئالتۇنلار ئىككىمىزنىڭ بىر ئۆمۈر يەپ يېتىشمىزغا يېتىپ ئېشىپ قالغۇدەك . بۇنچىلىك دۇنيانى كۆتۈرۈپ يۇرتقا ساق سالامەت يېتىپ بارساق كىشلەر نىمە دەر ؟

ئەلۋەتتە ئۇلار : ( سۇپۇرگە پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغۇرلۇققا چۈشۈپتۇ غۇ ) دىمەيدۇ . ،لېكىن ئۇلار چوقۇم ؛< سۇپۇرگىگە چۆللەردە بىرەر مەخپىي خەزىنە ئۇچراپ قاپتۇ > دەيدۇ . خەق نىمە

دېسە دېمەمدۇ . بايلارغا ئوخشاش مەنمۇ باغلىق هويلىلارنى قىلاي ، شەهەرمۇ شەهەر كېزىپ يۈرىيدىغان مۇنداق بىمەنە ئىشنى تاشلاي . سەن دەپ باققىنە ، خوتۇندىن بىرنى ئالسام بولارمۇ ياكى ئىككىنى ؟ .......سەندىن مەسلىهەت سورىسامغۇ هەقاچان < چامىڭ يەتسە ئوننى ئال >دەيسەن .

مەن ئۇنداق ئۆزۈمگە ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىق تاپىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس . ئەمما ۋاقتى سائىتىدا يەم بېرىپ ، ئېغىللىرىڭنى سۈپۈرۈپ تۇرىدىغان بىر ئىككى چاكار ياللىشىم مۇمكىن . يەنە ئاشپەز ، باغۋەن ، مەپىكەش دىگەندەك خىزمەتكارلارنىمۇ ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ . زىرىككەندە كۆڭلىمىزنى ئاچىدىغان ئەلنەغمىچىلەر بولمىسىمۇ بولمايدۇ . ئۇ چاغدا بىز يەپ ئىچىپ ، ئېغىناپ يېتىپ سەمىرىپ كېتىشىمىز مۇمكىن . سەن بەلكىم بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئارغامچاڭنى ئۈزۈپ چىقىپ ، چىشى دوستلىرىڭنى ئىزدەپ ناشايان ئىشلارغا بېرىلىپ كېتەرسەن هەرقاچان ......شۇڭا دانالار : بىر ئادەمگە بىر ئېشەككە سىمىزلىك ياراشمايدۇ دەپ توغرا ئېيتقان . ئىنساپ بىلەن ئېيتقاندا ، بۇ كىشىنىڭ هەققى . ئۇنى بىهۇدە سەرىپ قىلىشقا هەققىمىز يوق . هېلىقى ئەقىلسىز چوكاننىڭ بۇ ئالتۇننى بىزگە تاشلاپ كېتىپ ئوشۇقچە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگىنىنى قارىمامدىغان . هاياتلا بولساق زىمىننىڭ بىر يېرىدە ئۇلار بىلەن يەنە دوقۇرىشىپ قالارمىز ....قارا ، بىز شۇ چوكاننىڭ ئىسمىنىمۇ سورىۋالماپتىمىز ، شۇنچە كۆنلەر بىللە يۈرۈپ ئۇمۇ مېنىڭ ئىسمىمنىڭ نىملىكىنى سوراپ قويماپتۇ . نىمدىگەن غەلىتە ئىش هە ؟.......تەقدىر ئۇلارنى يەنە بىز بىلەن ئۇچراشتۇرغان چاغدا ، بەلكىم شاهزادە چوڭلا ئادەم بولۇپ كېتەر ، ئەمما چوكاننى چوقۇم تونىۋالالايمىز....›

ئېشەك تۇيۇقسىزلا ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋىدى ، سۈپۈرگە ئارقىسىغائۇچۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى .

‹ هەي سەن هارامدىن بولغان ،ـ دەپ خاپا بولۇپ كەتتى ئۇ ئېشىككە ،ـ مېنى يىقىلىپ ئۆلسۇن ، ئالتۇنلار ئۆزۈمچىلا قالسۇن ، پۇلنى ئايىماي خەجلەپ يۈزلەپ خوتۇن ئالاي دىمەكچىمۇ سەن ؟ ‹...

سۇپۇرگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ سۆزىدىن توختاپ قالدى . يىراقتىن بىر يېزىنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈنگەن بولۇپ ، ئېشەك شۇ يەردە توختاپ ئارام ئېلىشقا ئالدىرىغاندى . سۇپۇرگە ۋارقىراپ كەتتى .

› توختا......سەن بۇگۈن نىمە بولدۇڭ ، توختا ، شۇ قىلغىنىڭغا مەن بۇگۈن ساڭا بىر ئوچۇمۇ يەم بەرمەيمەن ، ـ دەپ ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى ئۇ ، ـ قارا ئاۋۇ يەرگە نىمانچە كۆپ ئادەم يىغىلىۋالغان ؟›

يېزىغا كىرىپ كېتىدىغان يول ئۇستىدىكى كۆۋرۈك يېنىغا بىر توپ ئادەم ئولىشىۋالغان بولۇپ ، ئۇلار نېمىلەر توغرىسىدىدۇر غۇلغۇلا قىلىشماقتا ئىدى ، قىززىقچىلىق كۆرۈشكە خۇشتار سۇپۇرگە ئېشەكنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى ، ئادەملەرگە يېقىنلاشقاندا ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ ، توپنىڭ ئوتتۇرسىدىكى ھەممە ئادەم ئېڭىشىپ قاراۋاتقان يەرگە قىسىلىپ ئۆتتى . ‹ سۇبھاناللا .› سۇپۇرگە ئۇ يەردە يولنىڭ توپىسىغا مىلىنىپ ياتقان بىر جەسەتنى
كۆردى . بۇ ھېلىقى بوۋاق شاھزادىنىڭ جەسىتى ئىدى ، جەسەتنىڭ بېشىنى كىمدۇر بىرى كېسىپ ئەكەتكەندى .

ـ مەن سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىپ ، سۇ ئېلىش ئۈچۈن بۇ كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتىم ،ـ دەپ ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى يېڭى كەلگەن ھەر بىر ئادەمگە ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى بىر بوۋاي ،ـ قارىسام ، بىر خوتۇن قولىدا ئەنە ئاۋۇ بوۋاقنى كۆتۈرۈپ دۆڭلۈك تەرەپتىن چۈشۈپ كېلىۋېتىپتۇ . بىزنىڭ يېزىغا ئەتتىگەندە كېلىۋاتقان بۇ كىمدۇ ئۆزى ؟ دەپ قالدىم . شۇ چاغدا ، مانا يولنىڭ ئەگىمىسىدىنلا بىر نەتچە ئاتلىقلار ئايالنى كۆرۈپ ‹ ھەي خوتۇن ، توختا . نەگە
كېتىپ بارىسەن ، توختا .› دەپ ۋارقىرىدى . مەن بۇ گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردۇم . ھېلىقى ئايال قولىدىكى بالىسىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ ، كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى . ئاتلىقلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ بىردەمدىلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى . مانا مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا ئۇلار بىر بىرى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى .

يائاللا، ئۆمرۈمدە مەن مۇنداق قاۋۇل ئايالنى كۆرمىگەنىكەنمەن . ئۇ ئارقىسىدىن قوغلاپ

كىلىپ بىشىغا قامچا سالغان لەشكەرنى بىر تارتىپلا ئاتتىنىڭ ئۈستىدىن سۆرەپ چۈشتى . قولىدىكى بالىسىنى تارتىۋالماقچى بولغان يەنە بىر لەشكەرنى بىر تېپىك بىلەن ئارقىسىغا ئۈچۈرىۋەتتى . بالا خىرقىراپ يىغلاپ كەتتى . لەشكەرلەر قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇشۇپلىشتى . مەن قورقىنىمدىن ئەنە ئاۋۇ چاتقاللىقنىڭ ئاقىسىغا دۈملا چۈشۈپ مۆكۈۋالدىم . ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشكىنىنى ، قىلىچلارنىڭ نىمىگىدۇر ئۇرۇلۇپ جاراڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇردۇم . بىر چاغدا پاتپاراقچىلىق بىسىلغاندەك بولدى . بىشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، لەشكەرلەر كىيىم كىچەكلىرىنى قىقىپ ، ئىتىنىڭ تۆشباغلىرىنى چىڭىتىۋىتىپتۇ . بىر لەشكەر يەردىن بىر نىمىنى ئىلىپ خالتىسىغا سىلىپ ، ئاتقا غانجۇغىلىغاندەك قىلىپ قالدى

.ئاندىن ئاتلىرىنى مىنىشىپ . ئارقىسىغا يىنىپ كىتىشتى . قورقىنىمدىن پۇت قولۇمدا جان قالماپتۇ ، ئۇلار كەتكەندىن كىيىنمۇ خىلىغىچە ئورنۇمدىن تۇرالمايقالدىم .

— ئىشتانچۇ، ئىشتىنىڭغۇ ساقتۇر بوۋا ؟— دەپ چاقچاق قىلدى كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا .

— چاقچىقىڭنى قوي . — دەپ تىرىكتى بوۋاي ، - شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، بىر بىسىپ ، ئىككى بىسىپ كىلىپ قارىسام ، بۇيەردە بالىنىڭ جەسىتى يېتىپتۇ . كاللىسى يوق . ئەرۋاھىم ئۇركىدى . سۇنىمۇ ئالماي مەھەللىگە يۈگۈردۈم ، مەھەللىدىكىلەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ ئادەم باشلاپ كەلدىم . مانا شۇ گەپ.........

— ئايالچۇ ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى سۈپۈرگە بوۋاينىڭ گىپى ئاخىرلىششى بىلەن .

— شۇنىڭغا ئەقلىم ھەيران ، ئايالنىڭ نەگە يوقلىپ كەتكىنىنى مەنمۇ بىلەلمەي قالدىم .

— بەلكى قورقىنىڭدىن ئوبدانراق سەپسالمىغانسەن ، ئۇلار ئايالنى باغلاپ ئەكەتكەندۇر ؟

— ياق ، ياق ،— دەپ بىشىنى سىلكىپ رەت قىلدى بوۋاي ، — ئۆزۈم قىرى بولساممۇ ، كۆزۈم خىيلى روشەن ، ئۇلار ھەر بىر ئاتنىڭ ئۈستىدە بىردىنلا لەشكەر ئولتۇرۇپ كىتىشتى . مەن ئىنىق كۆردۈم . ئۇلار يىراقلاپ كەتكەندىن كىيىن ، بۇ يەرگە كىلىپ ئۇياق بۇ ياققا قاراپمۇ ھىلىقى

ئايالنىڭ قارىسىنى كۆرمىدىم ياكى ئۇ قېچىپ جىنىنى دالدىغا ئالغاندۇر . ؟

- ئۇ قاچقان تەقدىردە ئاتلىق لەشكەرلەر بىردەمدىلا قوغلاپ يېتىدۇغۇ ؟.....

- ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ يە ؟ ـ دەپ كۇلۇپ قويىدى بوۋاي .

سۇپۇرگە خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايالنى كۆرگەندەك ئاسمانغا قاراپ قويىدى . ئەتىراپتىكىلەر يەنە بۇ ۋەقە ھەققىدىكى غۇلغۇلىغا چۆشۈپ كەتتى .

شۇپۇرگىنىڭ يەردە ياتقان جەسەتكە قاراپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى . قانداقلا بولسۇن ، ئۇ بۇ بالا شاھزادە بىلەن بىر قانچە كۈن بىللە ھەمسەپەر بولغانىدى . سۇپۇرگە توپنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئىشىكگە مىندى ـ دە، كۆپچىلىككە قاراپ ئۈنلۈك سۆزلىدى ؛

- ھاي خالايىق ، ماڭا قاراڭلار ، مەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولوچىمەن ، كاللىسى ئېلىنغان بۇ بالىنىڭ كىملىكىنى سىلەرمۇ بىلمەيدىكەنسىلەر ، مەنمۇ بىلمەيمەن. مەيلى كىم بولسۇن ، ئۇنىڭ جەستى يول ئۈستىدە ، مۇشۇنداق ئوچۇقچىلىقتا تاشلىنىپ تۇرسا بولمايدۇ . دە– قاراڭلار ، جەسەتكە چىۋىن ئولاشقىلى تۇرۇپتۇ . شۇ ئۆلگەن نارسىدە ئۇچۇن مەن ئازىراق پۇل سەدىقە قىلاي ، سىلەر ئۇنى كۆمۈۋېتىڭلار ...خوش ، ئاۋۇ توپىغا مىلىنىپ تۇرغان نىمە ئۇ ؟.....مارجانمۇ ، تۇمارمۇ ؟ ئېھتىمال بوۋاقنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ بوينىدىن چۈشۈپ قالغان نەرسە بولسا كېرەك . ئۇنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭلار . بەرگەن پۇلۇمنىڭ ھەققى ئۇچۇن ئۇنى مەن خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قوياي .

- كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا توپىغا كۆمۈلۈپ قالاي دىگەن قاپقارا نەرسىنى سۇپۇرگىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئىشەكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپلا بايقىغانىدى . كىمدۇر بىرى ئۇنى ئىگىشىپ قولىغا ئالدى . ئىككىنجى ، ئۇچۇنجى كىشىمۇ ئۇنى قولىغا ئېلىپ قىززىقىپ قارىدى . بۇ ئۇچبۇرجەك شەكىلدىكى ، قارا مەخمەلگە ئوراپ ، قارا يىپەك بۇغقۇچقا باغلانغان ئاددىيلا تۇمار ئىدى . ئاخىرىدا ھېلىقى ھىكايىچى بوۋاي قولىغا ئالدى . ئۇياق بۇ يېقىغا ئۆرۈپ ئوبداق قارىدى ـ دە، سۇپۇرگىگە بەردى . سۇپۇرگە قويىدىن بىر نەتچە تىللانى ئېلىپ بوۋاينىڭ ئالقىنىغا تاشلىدى . ساپ ئالتۇن قۇياش نۇرىدا ۋاللىدە چاقناپ ، بوۋاينىڭ ئالقىنىغا جىرىڭلاپ

چۈشتى .

ــ ئوهوي.ــ دەپ هەيرانلىقتا يىنىك تىنىشتى ئەتراپتا تۇرغانلار .

ــ خۇدا ساقلا رەهمەت قىلسۇن ، سىخى يولۇچى .ــ دىدى بوۋاي .

سۇپۇرگە خوشلىشىپ ، ئىشكىنى دىۋتىپ ئىتتىك مىڭىپ كەتتى .

› دىــــمەك ،ــ دەيــــتى ســـۇپۇرگە ئۆز ئۆزىـــگە ،ــ ئوردىنــــىڭ شاهزادىــــنى ئــــزدەپ چـــىققان لەشكەرلــرى ئۇنــــىڭ كاللىســــنى كىســــپ ئەكتــــپتۇ . ئۇلارغــا ئوردىـــدا بـــۇ قـــاچقۇن شاهزادىنـــىڭ كاللــسى ئۇچــۇن نۇرغــۇن مۇكاپــات بىرىشــدۇ . سىرلـــق يىـــرى ، هىلـــقى چوكـــان قەيەرگـــە غايـــپ بولـــدى .؟› ســۇپۇرگە ئەمــدى ئۇ چوكاننــىڭ ئالۋاســتى ئىكەنلىكـــگە هەقىقــي ئــشەندى . بولمــسا ئۇ ، بىر قانچە ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ قانداق غايىپ بولۇپ كىتەلەيدۇ . ؟

› هەممـــدىن قـــىزىقى، ــ دەيــتى ئۇ ئىشكــگە قــاراپ ،ــ شــۇ ئالۋاســتى ئايــال بــىلەن مــەن قانچــە كــۈن بــىر داستــخاندا تامــاق يــەپ ، ئۇنــى قوينۇمغاسىلــپ يىتىپتــمەن . ســەن ئۇنــى بەزىــدە ئۇســتۇڭگە مــــندۇرۇپ مىڭىپــسەن .....ئەگـــەر چوكــان كىچـــدە كەپـــدىن كىتـــپ قالمـــغان بولـــسا قانــداق بولاتتىكـــن ؟ ئۇ چاغــدا پادىشاهنـــىڭ لەشكەرلـــرى ئۇلارنـــى بايقـــماي چــوڭ يــول بـــىلەن ئۆتــۈپ كىتىشــمۇ مۇمكــن ئــدى . ئەگــەر ئۇلارنــى كەپىنــىڭ ئىچــدىن تىپــۋالغان بولســچۇ ؟ ئۇ چاغدا

لەشــكەرلەر شاهزادىــگە قوشــۇپ مىنــىڭ كاللامنــمۇ ئالغــان بــولاتتى . قاتتــىقراق هــاقراپ كەتكــەن بولــساڭ سىنــىڭ بىشىڭنـــمۇ ســاق قويمـــاس ئــدى . چــۈنكى بـــز ئىككمـــز هىلـــقى چوكانـــدەك غايـــپ بولـــۇپ كىتەلمەيمـــز ـ دە؟ خـــۇدا ، بـــالا قازادىـــن ئۆزۈڭ بـــر ساقلاپـــسەن ،ــ دەپ شــۈركۈنۈپ كــەتتى ســۇپۇرگە ،ـ ئەمــدى بــۇ غەلــتە قىــسمەت مۇشۇنــىڭ بــىلەن ئاخىرلــشامدۇ يــاكى داۋامــى بــارمۇ ؟ بــىلگۈچى ئۆزۈڭ . قــان تۆكۈلگەنــكەن ،چوقــۇم ئۇنــىڭ قــساسى بولـــدۇ . زورايىغانلارنـــىڭ ئاجىزلىمايدىغــنى يــوق ، ســەلتەنەت هىچكــم مــەڭگۈلۈك ئەمــس ........هــەر هالــدا مــەن بــۇ تۇمــارنى ســاقلاپ قويــاي ، قىــنى قەدىمــڭنى ئىلــداملات ، ئىشكـــم ، خەتـــەر يـــۈز بەرگـــەن جايدىـــن يىراق بولماق دۇرۇس ‹.

# يەتتىنجى باب

## سېپىلسىز شەھەر

شۈنىڭدىن كېيىنكى يوللىرنى سۈپۈرگە يالغۇز باستى . ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز قۇملۇقلار، ئۇ ياخشى كۆرىدىغان توغراقلىق جاڭگاللار ، تۇنۇش يوللار يېيىلىپ ياتاتتى . بۇ يەردە بولسا ئادەم ئاز خىيال سۈرۈشكە ۋاقىت يېتەرلىك ئىدى ، ..تۇغۇلغان شەھىرىگە يېقىنلاشقانسىرى سۈپۈرگە ھېلىقى سىرلىق چوكان ۋە بالا شاھزادە توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدى . سۈپۈرگە ئۆزىنىڭ جاھانكەزدىلىك ئۆمرىدە نېمىلەرنى كۆرمىگەن دەيسىز؟ چوكان بىلەن بالا شاھزادە ۋەقەسى ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىدە بىر نەتچە قۇرلا ئاددى خاتىرە بولۇپ يېزىلىپ قالدى ، خالاس. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنى يۇرتىنى كۆرۈش ، يۇرتداشلىرى بىلەن دىدارلىشىش شادلىقى قاپلىغانىدى . ئۇ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە قىيپاش ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى . ئۆز ناخشىسىدا ئاددىي دېھقان قىزنىڭ ساپ مۇھاببىتىنى ، بىر

كۆنلۈك ئېغىر ئەمگەكتىن كېيىن ئۆيىگە ئالدىراۋاتقان ئىشلەمچىنى ، قويلىتىنى چۆپكە قويىۋېتىپ خىيالغا پاتقان چوپاننى .......تۇل خوتۇننىڭ يالغۇزلىقى ، يىراق بىر جاڭگالدىكى يالغۇز ئاياغ يول ، خىلۋەت بۇلاق بېشىدا ئېچىلغان ياۋا گۈللەر ، چەكسىز ئالەم ، قۇدرەتلىك ئىلاھ ، شاھنىڭ قەھرى ، ۋەزىرلەرنىڭ ئەخمەقلىقى ، ئامىتى قاچقان قىمارۋازنىڭ نادامىتى ، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا........يەنە شۇنداق نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىسىدا كۈيلەيتى .

سۈپۈرگە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھەر باشقا ھېچبىر شەھەرگە ئوخشىمايتى . ئۇنىڭ نە ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز سېپىلى ، نە ئادەملىرىگە دەھشەت سېلىپ تۇرىدغان پادىشاھى يوق ئىدى . تەكلىماكاننىڭ ئەتراپىدىكى بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ ئورنىنى ھازىرقى زاماننىڭ ھېچبىر خەرىتىلىرى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ . بەلكى ئۇ دەھشەتلىك بورانلار تەسىرىدە قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغاندۇر ياكى باشقا بىرەر تەبىئىي ئاپەت ، ئۇرۇش - جاڭجاللار سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ يوقالغاندۇر ، ئەمما بىر زامانلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋاتلىقى ، ئادەملەرنىڭ مەرد ، خۇشخۇي ، مېھماندوستلىقى بىلەن نۇرغۇن ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرىنى

جەلىپ قىلغانىدى .

كېچىلىرى شەھەر مەسچىتلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك راۋاقلىرى ئۈستىدىكى ھىلال ئاي بەلگىلەر ئۈچلۇق ئۈچلىرى بىلەن يولتۇزلۇق كۆككە سانجىلىپ سۈس پارقىرايتى . تاش پەلەمپەيلەر، سودىگەرلەر ئايۋانلىرىنىڭ نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرى غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا كىشىگە سىرلىق تۇس بېغىشلايتى . سەھەردە مەسچىتلەرنىڭ ئېگىز پەشتاقلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى بىلەن تەڭ شەھەر ئويغىنىپ ھەركەتكە كېلەتتى. قايسىبىر ئىشكلەر غىچىرلاپ ئېچىلىپ ، بوۋايلار يۆتەلگىنىچە تەرەت چۆگۈنلىرىنى كۆتۈرۈپ تالاغا چىقاتتى . شەھەر مەدىكارلىرى پۈتۈن شەھەرنى چاڭغا كۆمۈپ كوچىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىشاتتى . ..شەھەرنىڭ بىر چېتىدىكى ئېگىز يارلىق ئۈستىگە كەمبەغەللەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، بۇ يەردىكى ئاددىي توپا تام ئۆيلەر، شورلىشىپ پاكارلاپ كەتكەن كونا تاملار ، ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلار ، ئۈششاق بالىلار تولا چىقىشىپ مۆكچەيتىشۈەتكەن قېرى ئۈژمە دەرەخلىرى يەنە ئۆزىگە خاس بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى . تاڭ يورۇشى بىلەنلا ، يارلاردىن تۆۋەندىكى بۇلاقلارغا باردىغان ئاياغ يوللاردا قىزلارنىڭ ئالىيشىل كۆڭلەكلىرى كۆزنى چاقنىتاتتى . قىزلار كوزىلىرىنى يار ئاستىدىن بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە پاتتۇرۇپ ئېلىپ قەددىنى روسلىشاتتى ،-دە، كوزىلىرىنى كۆتۈرۈپ يەنە يۇقىرىلاپ كېتىشەتتى . ئادەملەر ئەتىگەنلىك نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا بازارغا ئالدىرايتى . بازار ئىچىدە ئاشپۇزۇلنىڭ مورىسىدىن چىققان قويۇق كۆكۈش ئىسلار تولغىنىپ يۇقىرى كۆتۈرىلەتتى ، چايچىلارنىڭ ئوچاق بېشىدىكى چەينەكلىرى كۆڭۈللۈك شىڭىلدايتى . شەھەر كەمبەغەللىرى ئادەتتە مۇشۇنداق چايخانىلارنىڭ ئاددىي بورا تاشلانغان سۇپىلىرىدا ئولتۇرۇپ ، سەھەرنىڭ سالقىنىدىن ھوزۇرلىنىپ ناشتا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى .

ئېگىز قۇم بارخانلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، يىراقلاردىن بۇ شەھەرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كارۋانلارنىڭ كۆزىگە ئالدى بىلەن ئېگىز سېپىللار ئەمەس ، چوڭ بىر يېشىل بوستانلىق كۆرۈنەتتى . مۇنداق چاغلاردا چۆل يوللىرىدا چاڭقاپ ھالسىزلانغان يولوچىلارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ ، تۆگىلەر ئىتتىپارسىز قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتەتتى . كارۋان

كولدومىلىرىنىڭ ئاۋازى يەنە باشقىچە ياڭرايتى . مۇنبەت ئېتىزلار ، سۇغا تولۇپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭلەر، خۇش پۇراق

مېۋىلىك باغلارنى ئارلاپ ئۆتكەندىن كېيىن ، شەھەرنىڭ ئۆي ئىمارەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلايتى . ئاز ئۆتمەي بۇ كارۋانلار توگە ، قېچىرلارنى ھەيدەپ ، سەھەرنىڭ كوچىلىرىنى قوڭغۇراق ۋە كولدۇرمىلارنىڭ ھەر خىل سادالىرى بىلەن جانلاندۇرۇپ كىرىپ كېلەتتى . تەجرىبىلىك سارايۋەنلەر ئۆزۈن چۆل يوللىرىنى بېسىپ كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ كىيملىرىگە قونغان چاڭدىنلا قايسى يۇرتنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى پەملەپ بولاتتى .

جاھانكەزدى سۇپۇرگە نەق چۈش مەزگىلىدە ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەلدى . شەھەر مەيدانىنى ئالارمەن ساتارمەنلەرنىڭ قىزغىن چوقانلىرى بىلەن تەۋرەپ تۇراتتى .

سۇپۇرگە ئېشىگىنى يېتىلەپ ، كىشىلەر توپىنى ئارلاپ ، بۇرادەرلىرى بىلەن قىزغىن ئامانلىشىپ ماڭدى .

ــ قاراڭلار ، بىزنىڭ جاھانكەزدى سۇپۇرگە قايتىپ كەپتۇ ، ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى بىر باققال ،ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، قاياقتىن كېلىشىڭ ؟

ـ ھاي سۇپۇرگە،ــ دەيتتى يەنە بىر سودىگەر ،ــ دۇكانغا مەرھەمەت قىل ، ئۇستۇڭدىكى چاپان چارىلىرىڭ ئۆڭۈپ كېتىپتۇ ، رەختلىرىمدىن خالىغانچە يىرتىۋال .......ھېچبولمىغاندا ، نىمە قىززىقچىلىقلارنى كۆردۇڭ ، بىزنىمۇ خەۋەردار قىلىپ قوي، ــ سۇپۇرگە ئاخۇن ،ــ دەپ دۇكىنىنى شەرەتلەيتى قورساقلىق ئاشپەز، ــ ھارغانسەن ، دۇكىنىمدىن بەش مانتا يەپ كەت .

ــ سۇپۇرگىنىمۇ بۇ ؟ ــ دەپ قىزغىن تۈۋلىۋەتتى تۇمۇرلىرى كۆپۈپ چىققان بىلەن بولقىسىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان تۆمۈرچى ،ــ توختا ، ئېشىكىڭنىڭ تاقىسى ئۇپراپ توگىگەندۇر ؟ مەن ئەڭ ياخشى مىخلار بىلەن تاقا ئۇرۇپ بېرەي........

سۇپۇرگە ھەممەيلەن بىلەن سالاملىشىپ ، ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا ئۆزرىسىنى ئېيتىپ ئۆتەتتى . ئۇ خېرىدارلار بىلەن تولۇپ تۇرغان چايخانىلارنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . ئېشەكنى ئىشىك ئالدىدىكى موم ياغاچقا باغلىدى . ھاردۇق يەتكەن ئېشەك كىملەرنىڭدۇر

ئۆلاغلىرىدىن ئېشىپ قالغان بىردە قالدۇقلىرىنى قېلىن كالپۇكلىرى بىلەن يىغىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن يالمىغىلى تۇردى .

– جاھانكەزدى ، جاھانكەزدى سۇپۇرگە قايتىپ كەپتىغۇ ؟ – دېيىشىپ تەۋرەپ كەتتى چايخانىدىكىلەر .

سۇپۇرگە چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىدىكى چاڭلارنى قېقىپ ، سالام بىلەن چايخانىغا قەدەم قويدى .

– ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، شەھىرىمىزنىڭ بىغەم پۇقرالىرى .

– ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، يۇقۇرى ئۆت سۇپۇرگە .

– ئادەملەر سىغدىلىپ سۇپۇرگىگە ئورۇن بوشاتتى . بۇ يۇرتتىكىلەر ئۈچۈن چايخانا چاي ئىچىپ ئارام ئېلىش ، مۇڭدىشىش سورۇنى ئىدى . سۆز ئارىسىدا يەنە بەزى سودا سېتىق ئىشلىرىمۇ پۈتۈپ تۇراتتى . شۇ تاپتا ھەممە جىمىپ ، چاپانلىرىنىڭ پەشلىرىنى يىغىپ ، قىستىلىپ ئولتۇرىۋاتقان سۇپۇرگىگە كۆز تىكىشتى .

– خوش ، سۇپۇرگە ، ئۇزۇن بولدى كۆرمىدۇققۇ ؟ سەپەر قاياقتىن ؟

– جاھان كەزدىم .

– شۇنداق ، ساڭا « جاھانكەزدى» دىگەن نام بىكار قويۇلمىغان – دە، نەلەردە بولدۇڭ . ؟

– ئاجايىپ شەھەرلەرنى ، خىلمۇ خىل خەلىقلەرنى ئارلىدىم ، لېكىن دۇنيادا ئۆز يۇرتۇم بۇلاقلىرىنىڭ سۈيىدەك تاتلىق سۇنى تېتىپ باقمىدىم . سىلەردەك باياشات بىغەم ياشاۋاتقان ئەلنى كۆرمىدىم .

چايخانىدىكى ئادەملەر بۇ ماختاشتىن ھوزۇرلاندى ، چاققان چايچى سۇپۇرگىگە ئەڭ ياخشى دەملەنگەن چاي ، يېڭى قومۇرۇلغان گىردىلەرنى كەلتۈردى . ئادەملەر توختىماي سۇپۇرگىدىن سورىشاتتى .

– قېنى ئېيتقىنا ، بۇ قېتىمقى سەپىرىڭدە قانداق ئاجايىپ ۋەقەلەرگە يولۇقتۇڭ ؟

– قۇياشنىڭ ھەممە يەردە ئەتىگىنى مەشرىقتىن چىقىپ ، كەچتە مەغرىپكە

پېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ،ـ دېدى سوپۇرگە قولىدىكى نان ئۇۋاقلىرىنى كاپ ئېتىپ تۇرۇپ ،ـ قولى باغلانغان پالۋانلار دار ئالدىدا تۇرۇپتۇ ، ھېكمەت ئىگىلىرى زىندانلاردا چىرىۋېتىپتۇ . بىلىمسىز ، مەككارلار جاھان سوراۋېتىپتۇ ، بىر نانغا زار يوقسۇللارنى ، ئەركىنلىكىنى يوقاتقان قۇللارنى كۆردۈم : ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان شاھ ئوردىلىرىدا مۇھاببەت ۋە قۇياشنۇرىغا تەشنا بولۇپ ياتقان نازىنىنلارنىڭ ھەسرەتلىرىنى ئاڭلىدىم ...

ــنىمە ، سېنى بىر پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدا بوپتۇ، دەيدىغۇ؟ ــ دەپ سورىدى بىرەيلەن .

ــئېسىمدە يوق ، ــ دېدى سوپۇرگە ئالدىدىكى قىزىق چاينى ئوتلاپ تۇرۇپ .

ــبىز شۇنداق ئاڭلىدۇق ، سەن شا ھوزۇرىدا كاتتا ھۆرمەتكە ئېرىشىپتۇدەكسەن . پادىشاھ سېنى ئەمەلدار بولۇشقا تەكلىپ قىپتۇ ، ھەتتا ئۇنىڭ قىزىنى بەرمەكچىمۇ بولۇپتۇدەك .

ــ چاست شۇنداقمۇ بىر ئىش بولغان ،ـ دەپ ئېسىگە ئالدى سوپۇرگە،ـ يىراق بىر يەردە ، ئېگىز تاغلارنىڭ ئىچىگە جايلاشقان بىر يۇرتنى كەزدىم ، بۇ كىچىك پادىشاھلىققا قارايدىغان يەرلەر ئىكەن ، شاھ مېنى ئۆز ھوزۇرىغاچاقىردى . ناھايىتى ئوبدان مېھمان قىلدى . ئۇ مېنى يىراق بىر ئەلدىن كەلگەن ئۇستا تۇۋۇپ ياكى بىر سېھرىگەر دەپ قالغان ئوخشايدۇ . ئاخىرىدا:‹ ئازاپ چېكىۋاتقان بىر قىزىم بار ئىدى ، كۆرۈپ باقساڭ›دېدى . مېھماندارچىلىقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماقۇل بولدۇم ، ئوردا ئىچىدىكى خاس بىر باغچىغا كىردۇق . قىز شۇ يەردە ، گۈللەرنىڭ ئىچىدىكى ھۇجرىسىدا تۇرىدىكەن . قىزنىڭ گۈزەللىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ . ئەمما ئەقلى جايىدا ئەمەس ئىكەن ، تاماق بەرسە يەيدىكەن ، بولمىسا بىر نوقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇۋېرىدىكەن . ، ياراتقان ئىگەم بېكىتكەن تەقدىرگە مېنىڭ نىمە ئامالىم بار دەيسىلەر ؟ پادىشاھقا :‹ ئاللا ئەڭ يېقىن بەندىلىرىنىڭ بېشىغا ئەڭ مۇشكۇل كۈنلەرنى سېلىپ سىنايدۇ . ئۇنىڭ داۋاسىنى يەنە ياراتقان ئىگەم بىز ئويلىمىغان بىركۈنى ، خىلمۇ خىل سەۋەپلەر بىلەن يەتكۈزىدۇ . سەۋرى قىلسىلا شاھىم› دەپ تەسەللى بەردىم . شاھ :‹ گېپىڭ توغرا ، ئۇنى

كۆرسەتمىگەن تۇرۇپ ، قىلمىغان داۋايىم قالمىدى ، دوست دۈشمىنىم كۆپ ، قىزىمنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يەردىكىلەرگە كۆرستىپ كۆلكىگە قېلىشنى خالىمايمەن ، خالىساڭ شۇ قىزىمنى سەن ئېلىشىڭگە ئال ، ساڭايېتەرلىك مال دۇنيا بېرەي ، قىزىمنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە يىراقلارغا ئەكەت » دېدى .

— سەن نىمە دېدىڭ ؟ ـ دىدى بىرنەچچەيلەن تەڭلا.

— سەپەردىكى ئادەممەن ، دەپ ئوشۇقچە ئاۋارىچىلىقنى يۈكلىۋىلىشنى خالىمىدىم .

— ئەمدى سەيياھلىق تۇرمۇشۇڭنى قوي ، ـ دېدى يېشى سۆپۈرگە بىلەن دېمەتلىك بىرەيلەن ، ـ قارا ، سەن بىلەن تەڭتۇشلىرىمىزنىڭ ھازىر ئۈچ تۆتتىن بالىمىز بار ، ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىپ نەۋرە كۆرگىلى تۇردۇق ، جاھاننىڭ خوتۇن ، بالا چاقىلار بىلەنمۇ بولىدىغان قىززىقىنى كۆر . قىز چوكانلىرىمىز بىر بىرلەپ يېتىشىۋاتىدۇ ، ھېچ ئەلنىڭكىدىن قالغۇچىلىكى يوق .

— شۇنداق،ـ دېدى يەنە بىرەيلەن ،ـ مانا خالىساڭ مەن ساڭا قىزىمنى بېرەي .

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت ، ـ دېدى سۆپۈرگە ،ـ مەن قىز بالىغا لايىق بولىدىغان ياشتىن ئۆتۈپ كەتتىم .

— تووۋا ،ـ دېدى بىر بوۋاي ، ـ مانا بىزنىڭ سۆپۈرگە شۇنچە كۆپ جاھانلارنى كېزىپتۇ ، مەن بولسام شۇ ياشقا كىرگۈچە يېقىن ئەتراپتىكى سەھرالارغىمۇ بېرىپ باقماپتىمەن .

— بولمىسا سۆپۈرگە ئېيتقان ھېلىقى پادىشاھلىقتا بىر بېرىپ ، شاھنىڭ قىزىنى ئېلىپلا كېلەمسەن ـ يە، بوۋا ؟ـ دەپ چاخچاق قىلدى بىرى .

ـ راست، ـ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى بىر سودىگەر ،ـ سەن ئۇنى شاھ بەرگەن مال دۇنيا بىلەن ئەكىلىپ ئۆيۈڭگە تاشلاپ قوي ، بىر يەرگە تىكىلگىنىچە ئولتۇرسا ئوتۇرىۋەرسۇن . سەنمۇ مال دۇنيانى بولۇشىغا خەجلەپ ئويۇنۇڭنى ئويناۋەر ، تاماق يېمەيدىغان خوتۇن بولسا تېخى ياخشىدە ،

شۇنىڭ بىلەن چايخانا ئىچىدە كۈلكە چاقچاق قايناپ كەتتى .

سۈپۈرگە يۇرتداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ چاي ئىچىپ ئولتۇرغان شۇ پەيتتە ، ياقا يۇرتتىن كەلگەن غەيرى ئۈچ تۆت ئادەم بازار مەيدانىنى ئارلاپ يۈرەتتى . بۇ شەھەرنىڭ بەگلىرى كىم ؟ بۇ شەھەر قايسى پادىشاھلىققا قارايدۇ ؟ دېگەن سوئاللار ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتتۇراتتى . ئۇلارنىڭ شەھەر چېتىدىكى بىر سارايغا چۈشۈپ ، ئات ئۇلاغلىرىنى سارايۋەنگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ، بۇ شەھەرنى شۇنداق ئارلاپ يۈرگىنىگە ئىككى ئۈچ كۈن بولۇپ قالغانىدى .

ئۇلار بۇ يەردىكى ھەممە نېمىگە ھاڭۋاقتىنىچە ھەيران بولۇپ قارايتى ، سېخىي قۇياش ئۆز نۇرىنى شەھەر ئۈستىگە تۆكۈشى بىلەن تەڭ بۇ شەھەرنىڭ رەستىلىرى ئادەملەرنىڭ ۋاڭ چۇڭىغا چۆمەتتى . كارۋان باشلىرى سارايلاردا ئېغىر تېڭىقلىرىنى يېشىشكە باشلايتى . بىردەمدىلا ئۇلار ئۆز ماللىرىنى شەھەرنىڭ ئوتتۇرسىدىكى كەڭ بازار مەيدانىغا ئاچىقىپ يېيىپ سودا سېتىقنى باشلىۋېتەتتى . بازار تۆت تەرەپتىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان كاسىپلار ، دېھقانلار ، مەدىكارلارنىڭ ۋاڭ چۇڭى ، ئېلىپساتارلارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى بىلەن جانلىنىپ كېتەتتى . بۇ يەردە يىراق شەرىقنىڭ جانان چىنە قاچا، ئۈنچە مەرۋايىت ، تاۋار دۇردۇنلىرى كۆزنى قاماشتۇرسا ، ئۇ يەردە ھېندى ، تىبەت سودىگەرلىرىنىڭ ھەر خىل بوياق ، دورا دەرمانلىرىنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغنى ياراتتى . بىر يەردە قەشقەر چەكمەنلىرى ، كۇچا ئەلتېرلىرى ، خوتەننىڭ گىلەم ، ئەتلەسلىرى قۇياش نۇرىدا ئوتتەك تاۋلىنىپ تۇرسا ، يەنە بىر يەردە كۇلالچىلار چىۋىق بىلەن كوزىلىرىنى جاڭىلدىتىپ ئۇرۇپ ماختايتى . : قايسىبىر ئۈستى يېپىق ، سالقىن رەستىلەردە ئاجايىپ گۈللەر كەشتىلەنگەن دوپپىلارنى كۆتۈرىۋېلىشقان ئاياللار خېرىدارلىرى بەن قىزغىن سودىلاشسا ، يەنە قانداقتۇر بىر كوچىلاردا بولسا مىسگەرچى ، تۆنكىچىلەرنىڭ جاڭىلدىتىپ ئۇرغان بولقا ئاۋازلىرى قۇلاقنى زىڭىلدىتاتتى . ... بۇ بازاردا مېۋە چېۋىلەر دانلاپ ئەمەس ، سېۋەتلەپ سېتىلاتتى . نىپىز شاپاق سوپپىسىنى قىرلىۋالغان باققاللار ئۈنىنى بولۇشىغا قويىۋېتىپ : « يەۋال ئوغۇل باللار ،بىر تويۇشۇڭ مانچە پۇل» دەپ ۋارقىرىشاتتى . باققاللارنىڭ ئالدىدىكى يوغان ، شىرنىلىك شاپتۇللاردىن ھەرقانچە ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپمۇ ئون تالدىن ئوشۇق يەپكەتكىلى بولمايتى .

هېلىقى ياقا يۇرتلۇقلار ئۆز ئۆمرىدە بىرىنجى قېتىم ئۇچراتقان بۇ غەلىتە شەھەر توغرىسىدىكى دەسلەپكى سوئاللىرىنى ئۆزلىرى چۆشكەن سارايىنىڭ خوجايىنىغا قويىدى:

ــ سىلەرنىڭ بۇ شەھىرىڭلارنىڭ نىمىشقا سىپىلى يوق ؟ــ دەپ سورىدى ئۇلار سارايۋەندىن .

ــ نىمە ؟ــ دىدى سارايۋەن ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنى چۈشۈنەلمەي.

ــسىلەرنىڭ بۇ شەھىرىڭلار نىمىشقا ئىگىز تاملار بىلەن قورشالمىغان ؟ــ دەپ قايتا چۈشەندۈردى ئۇلار .

ــ ھە ، سېپىل دەمسىلەر ؟ــ دىدى سارايۋەن ،ــ مەنمۇ بۇ شەھەردىن باشقا يەرگە بېرىپ باقمىغان ، باشقا يۇرتلارغا بېرىپ قايتقانلاردىن ئۇ يەردىكى شەھەرلەرنىڭ شۇنداق ئېگىز تاملىرى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن .

ــ شۇنداق شەھەر دىگەننىڭ مۇستەھكەم سېپىللىرى ، يوغان دەرۋازىلىرى بولىشى كېرەك ،ــ دە .

ــئۇنىڭ نىمە ھاجىتى ؟ــ دىدى ھەيران بولغان سارايۋەن ،ــ تام بىلەن قورشاپ دەرۋازا قويىدىغانغا شەھەر دىگەن بىر ئادەمنىڭ خۇسۇسىي قورو جايى ئەمەس،ــ دە .

ــ ئەگەر شەھىرىڭلارغا دۈشمەن كەلگۈدەك بولسا قانداق قىلىسىلەر ؟

ــ دۈشمەن ؟ ــ تېخىمۇ ھەيران بولدى سارايۋەن ، ــ نىمە دەپ دۈشمەن بېسىپ كەلگۈدەك ؟ خۇداغا شۈكرى شەھىرىمىزنىڭ ئادەملىرى ھازىرغىچە ھېچكىم بىلەن ئازارلىشىپ باققان ئەمەس . نۇرغۇن ئەللەردىن شەھىرىمىزگە ئادەملەر كېلىپ كېتىپ تۇرىدۇ . بىزنىڭ مېھماندوستلىقىمىزنى ، شەھىرىمىزنىڭ ئاۋاتلىقىنى ماختىمايدىغىنى يوق .

ــ بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى كىم ؟

ــ پادىشاھ ؟ ..ھازىرغىچە بىزنىڭ ئۇنداق ئادەمگە ھاجىتىمىز چۈشۈپ باقمىدى . شەھىرىمىزنىڭ ئاقساقاللىرى ، مۆتىۋەرلىرى بار . پادىشاھسىزمۇ ئۇلار بىلەن ئىشلىرىمىز پۈتۈپ تۇرىدۇ .

ــ هېچ بولمىغاندا ، بۇ شەھەرنىڭ بىرەر ئىگىسى بولسىمۇ باردۇر . ؟

ــ ئىگىسى دېدىڭلارمۇ ؟..ئىگىسى ئۆزىمىز . مۇشۇ شەھەرنىڭ خەلىقلىرى.......

ھېلىقى ئادەملەر ھەيران بولۇپ بىر بىرگە قارىشىپ قويىدى . سارايۋەنىنىڭ جاۋابلىرى ئۇلارنى تازا قانائەتلەندۇرەلمىگەندى . ئىككىنجى بىرى يەنە سۇئال سوراشقا باشلىدى : .

ــ مەسلەن سىلەر كىمگە سېلىق تۆلەيسىلەر؟

ــ سېلىق ؟ بىز نىمە دەپ سېلىق تۆلەيتۇق ؟ ......بىز ھېچكىمگە قەرىزدار ئەمەسمىز . نىمانداق بىر بىرىدىن غەلىتە سۇئاللارنى سورايدىغان ئادەملەر سىلەر؟ــ دەپ ئازىراق تېرىككەندەك بولدى سارايۋەن .

ــ بىزنىڭ دېگىنىمىز ، دەپ سەۋرىلىك بىلەن چۈشەندۇردى يەنە بىرەيلەن ،ــ مەسىلەن ئالايلى ، جامائەت ئورتاق پايدىلىنىدىغان بىرەر يول ياكى بىرەر كۆۋرۈك بۇزۇلغان بولسا ئۇنى سىلەر قانداق قىلىسىلەر ؟

ــ ئېيتتىمغۇ ،ــ دېدى سارايۋەن ، بىزنىڭ ئۆز ئاقساقاللىرىمىز بار ، ئۇنداق چاغلاردا ئۇلار ئوتتۇرغا چىقىپ : ھاي خالايىق ، پالانى يول ياكى كۆۋرۈك بۇزۇلۇپتۇ . ياكى بولمىسا پالانى مەزلۇم بەش بالىسى بىلەن تۇل قاپتۇ ، ياكى پالانى ئۆستەڭنى يار ئېلىپ كېتىپتۇ ، قېنى خۇدا يولىدا ئاتىغىنىڭلارنى تاشلاڭلار ، دەيدۇ دە، ھەر قايسىمىز ئۆز قۇربىمىزغا لايىق تاپقىنىمىزنى بېرىمىز ، ئىش مانا مۇشۇنداق پۈتىدۇ .

سارايۋەنىنىڭ گەپلىرى ھېلىقىلارنىڭ بۇ شەھەرگە بولغان قىززىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى . دۇنيادا مۇشۇنداق نە پادىشاھى ، نە بىرەر ئىگە بولغۇچىسىنىڭمۇ تايىنى يوق شەھەرنىڭ بارلىقىغا ئۇلارنىڭ ئاقلى يەتمەيتى . ئۇلار شەھەر ئارلاپ سورىغان ئادملەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ سۇئالىغا سارايۋەنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان جاۋاپ بېرىشتى . يىراق بىر ئەلدىن كېلىپ ، بۇ يەردە ماللىرىنى يېيىپ قويۇپ سودا قىلىۋاتقان سودىگەرلەردىن ئۇلار:

ــ سىلەر ئالغان پايداڭلاردىن بۇ شەھەرگە قانچىلىك ئولپان تاپشۇرىسىلەر ؟ــ دەپ سورىۋىدى ، ھېلىقى سودىگەر ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى ــ دە،

ـ سەنلەر نىمە ئادەم ، بۇ يەرگە قەيەردىن كېلىپ قېلىشتىڭ ؟... بۇ شەھەردە سودىگەرلەردىن ئولپان ئالىدىغان قانۇن يوق ، يوق ئىشلارنى ئۇلارنىڭ ئېسىگە سالماي ئاغىزىڭنى يۇمۇش،ـ دەپ زەردە بىلەن سىلكىۋەتتى.

بۇ غەيرى ئادەملەر ‹ قۇياش شاھى› پايتەختىدىن كەلگەنلەر ئىدى . ‹ قۇياش شاھى› ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئوردىدىكى بارلىق رەقىبلىرىنى قانلىق قىلىچ بىلەن بويسۇندۇرۇپ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان ، ئەڭ كىچىك شاھزادىنىڭ ئوردا ئىچىدىن غايىپ بولغانلىقىنى سېزىپ ، تەرەپ تەرەپكە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتىپ ، ئايغاقچىلارنىڭ قاچقان شاھزادىنى تاپماستىن ، ھېچ بولمىغاندا خەۋىرىنى ئالماستىن ئوردىغا قايتماسلىقىنى پەرمان قىلغاندى .

كىمكى شاھزادىنى تىرىك تۇتۇپ ياكى كاللىسىنى ئېلىپ ئوردىغا يەتكۈزۈپ كەلسە، يۇقۇرى مەنسەپ ۋە كۆپ ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغاندى .

سۈپۈرگىنىڭ شەھىرىدە ئايلىنىپ يۈرگەن بۇ غەيرى ئادەملەر شاھزادىنى ئىزدەپ چىققان ئايغاقچىلارنىڭ بىر قىسمى ئىدى . ئۇلارنى ھەممىدىن ھەيران قالدۇرغىنى شەھەر سىرتىدا ھەر كۈنى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان بەزمىلەر بولدى .

ھەر كۈنى قۇياش شەرىبكە قىيسىيىپ سايىلەر ئۇزىراشقا باشلىغاندا ، شەھەرگە يىراق يېقىندىن سودا سېتىققا كەلگەن ئادەملەر ئالىدىغىننى ئېلىپ ، ساتىدىغىننى سېتىپ بولۇپ ، شەھەر سىرتىدىكى ھاۋالىق جايلارغا ئارام ئېلىشقا يىغىلاتتى . بۇ يەردە ناخشا ئۇسۇل ، نەغمىلەر ئەۋج ئالاتتى . كىشىلەر ئوتتۇرىغا كەڭ مەيدان قالدۇرۇپ ، دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇپ تاماشا كۆرۈشەتتى . نەغمىچىلەر داپ، ساتار ، تاش ، قوشۇق ، لېگەن ، تاۋاق .......ئىشقىلىپ قولىغا چىققان ھەرقانداق نەرسىدىن رېتىملىق سادا چىقىرىپ بىر بىرىگە تەڭكەش قىلاتتى . كىملەردۇر سۇ تەڭشەلگەن چىنىلارنى چوۋىق بىلەن ئۇرۇپ ، زىل ئاۋاز چىقىرىپ جور بولاتتى . ناخشىچىلار خۇددىنى يوقاتقان ھالدا بېرىلىپ ناخشا ئېيتاتتى . ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى گويا بورانىنىڭ گۈركىرىشى ، بۇقىلارنىڭ ھۆركىرىشى ، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىشىغا ، بەزىدە بولسا قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ، تاغ سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى .

بـۇ ناخشىلارنــىڭ تېكىستلــرىدە چۆللــەردە ئۆســۈپ چــوڭ بولغــان شــۇ ئادەملەرنــىڭ ئۆتمۈشــى ، بۈگــۈنى ، كەلگۈســى ، مۇھاببــەت نەپرــتى ، ئارزۇ ئارمــان ، چــۈش ۋە خىياللىرنــىڭ ھەممــسى سۆزلــىنەتتى . نەغمــە تــازا ئەۋجــگە چــىققاندا ، مەيــدانغا ئەر ئايــال ئۇسۇلچــىلار چۈشــەتتى . قــىران يىگــىتلەر قوللــرىنى بۇركۈتنــىڭ قانتــىدەك كېرىــپ ، تــاغ تېكىلــرىدەك ســەكرەپ پــەرۋاز قىلــىشاتتى . لــۆەن چوكــانلار قۇملۇققــا تۆكۈلگــەن تــوغراق ياپراقچىلــرىنى شــامال ئۇچۇرغانــدەك ، تىپتىنــچ ســۇ يۈزىدــن ئۇشــشاق دولقــۇنلار جىمــرلاپ ئۆتكەنــدەك يىنــىك قــەدەم ئېلىــشاتتى . سازەندىــلەر گــاھ ئېككــى تەرەپكــە ئېرغــاڭلاپ ، گــاھ ئۆزىــنى ئالــدى كەيىــنگە تاشــلاپ پۈتــۈن ھۇجــۇدى بىــلەن نەغمــە قــىلاتتى . ناخشىچىلارنــىڭ ئاۋازى كانتــىدىن ئەمــەس ، نــەق يۈرىكىنــىڭ قــات قېتــىدىن ئۇرغــۈپ چىقاتتى . ئۇسۇلچىلارنــىڭ ھەممــە ئۆگىلــرى ھەركەتكــە كېلــىپ گويــا شــۇ نەغمــە ساداسـى ئىچــىدە ئۆلارنــىڭ ئۇستىخانلــرى ئېرىــپ يۇمــشاپ كېتــىۋاتقاندەك كۆرۈنــەتتى . نەغمــە تــازا ئەۋجــگە كۆتۈرۈلگەنــدە ئەتــراپتا تاماشــا كــۆرۈپ تۇرغــانلارمۇ بــىر بــىرلەپ مەيــدانغا چۈشــۈپ قايىنــام ھاســىل قــىلاتتى . مۇنــداق چــاغلاردا ئاسماندىــكى يۇلــۇت ، ئەتىراپتــىكى تــاغ داۋان، چۆللۈكلــەر ، ھــەتتا پۈتــۈن يــەر شارىنــىڭ ئۆزىــمۇ شــۇ ئادەملــەر بىــلەن بىــلله پىرقــىراۋاتقاندەك قىلاتتى . كىشىلەرنــىڭ قېــنى تومــۇرلاردا پــۇرۇقلاپ قاينــايتتى. دۇنيــادا ئۆلــۈم ، جاھاندارچىلــىق ، ئــىش ئوقــەت، ئۇيقــۇ ، تامــاق دېگەنلەرنــىڭ ھەممــسى ئۇنتۇلــۇپ ، پەقــەت ئاشــۇ سەبــىي ھەركــەتلا قالغانــدەك قىلاتتى . .. بەزى كۈنلىرى مۇنداق بەزملەر قاراڭغۇ چۈشۈپ تاكى تاڭ يورىغىچە داۋام قىلاتتى .

بــىر كــۈنى ئەنــە شــۇنداق بەزمــە مەيــدانىنى ئارلاپ يۈرگــەن ئايغاقچىلارنــىڭ كــۆزى سۈپۈرگــگە چۈشــۈپ قالــدى . مەيداندىــكى ھەممــىلا ئادەم ئۇنــىڭغا ســالام ســائەت قىلــىپ ئۆتۈشــگە قارىــغاندا ، بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ شەھەردىكى خېلىلا ھۆرمەتلىك ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى .

ــ ئەســسالامۇ ئەلــەيكۇم ســۈپۈرگە ، قاياقتــىن كېلىشــىڭ ؟ــ دەپ ســورايتى ئۇنــىڭ يېنــىدىن ئۆتكەنلەر .

ــ قانداق ئەللەرنى كەزدىڭ ؟

ــ نىمە يېڭىلىقلارنى ئۇچراتتىڭ ؟

ــ‌ھەرقاچان شەھىرىمىزنىڭ بۇ كۆڭۈللۈك بەزمىلىرىنى سېغىنغانسەن . ؟

ــ مەن ساڭا ئېيسام ، مۇنداق ئاجايىپ بەزمە شاھ ئوردىلىرىدىمۇ بولمايدۇ...........

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئايغاقچىلار بىر بىرنى نوقۇشتى .

ــ ئاڭلاۋاتامسىلەر ، ئۇ يىراق ئەللەرنى كېزىپ كەلگەن ئادەم ئوخشايدۇ .

ــ ئۇنىــڭ كــيىملىرىنــىڭ رەڭگــى ، يېتىلــۋالغان ئېشــكــگە قــارا ، ئۇ سەپەردىــن يېڭــىلا قايتــىپ كەلگەندەك قىلىدۇ .

ــ ئۇنىڭدىن شاھزادە ھەققىدە ئۇچۇر ئاڭلاشقا بولماسمىكىن.........

ئايغاقچــىلار سۇپۇرگىنــىڭ ئارقىســىدىن قالمــاي ئەگىشــىپ مېڭــىپ ، ئاخــىر ئۇ بەزمــە مەيدانــىدىن يىراقلىشىپ ، شەھەرنىڭ تېرەكلىك ، خالىي كوچىسىغا قايرىلغاندا ۋارقىراپ توختىتىشتى .

ــ ھاي ھۆرمەتلىك ئادەم ، توختىغىنا .

ــ ســۇپۇرگە بۇرۇلــۇپ قــاراپ ، ئارقىســىدىن پايپاســلاپ كېلــۋاتقان نــاتونۇش ئادەملــەرنى كــۆرۈپ ھەيران قالدى .

ــ مېنى چاقىرىۋاتامسىلەر ؟

ــ ھــە، ســېنى .......ــ دېــدى ئايغاقچــىلار سۇپۇرگــىگە ئەگىشــىپ كېلــىپ ،ــ قــارا ھۆرمەتلــىك ئادەم ، بــىز ســېنى ئاۋارە قىلــىپ بــىر ئــشنى سورىــماقچى ، قارىــغاندا ســەن يــىراق سەپەردىــن كەلگــەن ئوخشىمامسەن ؟

ــ شــۇنداق ، مېنــىڭ بــۇ شەھەردىــن چىقــىپ كەتكىنــمگە بــىر يــىلچە ، بەلكــىم ئۇنــىڭدىن ئوشۇقراق بولغاندۇر .

ــ كۆپ يەرلەرنى ئارلىدىڭ ھە قاچان ؟

ــ شۇنداق ، ئۆزۈڭلار كىم بولىسىلەر؟

ــ بىز يىراق بىر پادىشاھىقتىن كەلدۇق ، سەن ‹ قۇياش شاھى› دەپ ئاڭلىغانمۇ ؟

ــ نىمــشقا ئاڭلــمايدىكەنمەن ؟ مــەن كــۆپ ئەللــەرنى ئارلــغانمەن ، شــۇڭا ، بــۇ شەھــىرىمدىكى يۇرتداشلــىرىم مېــنى ‹ جاھانكــەزدى ســۇپۇرگە› دەپ ھۆرمــەت بــىلەن تــىلغا ئېلىشــىدۇ . مــەن كۆرگــەن

پادىشاھلىقنىڭ ئىچىدە « قۇياش شاھى» ئەڭ بۈيۈك . سۇپۇرگىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغانلار ئۇنىڭ ماختاشلىرىدىن خوشال بولدى .

— بەلكىم سىنىڭ خەۋىرىڭ يوقتۇر .؟— دەپ سۆز باشلىدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شالاڭ ساقال ، ياشتا چوڭراق بىرى ،— ئەنە شۇ ئۇلۇغ شاھىمىز « قۇياش شاھى» ئالەمدىن ئۆتتى .

— بۇ خەۋىرىڭنىڭ ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق ، — دېدى سۇپۇرگە ،— شاھمۇ ، گادايمۇ ، ھەممىمىز بەربىر بىر كۈنى ئۆلىمىز .

— شۇنداق ، ھەممىمىز ئۆلىمىز . ۋاپات بولغان شاھىمىزنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تەختكە چىقتى . ئۇ ئۆزىنىڭ مۇبارەك نامىنى « قۇياشتىن ئۇلۇغ» قويدى . دېمەك ، ئىسمىدىنلا بىلىسەك بولىدۇكى ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى دادىسىنىڭكىدىنمۇ بۈيۈك ....بىز ئەنە شۇ يېڭى شاھىمىزنىڭ پەرمانى بىلەن بۇ يۇرتلارغا كېلىپ قالدۇق . سەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىڭدا شۇنداق ، بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىڭدا ، سەپەر ئۈستىدە - بىرەر بازار ياكى قانداقتۇر خالىي بىر يەردە ، بالا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرەر ئايالنى ئۇچراتمىدىڭمۇ ؟

— بالا كۆتۈرگەن ئايال ؟ ....دۇنيادا بالا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئاياللار ئازمۇ ؟ سىلەر قايەردە ، قانداق بالا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئايالنى دەيسىلەر ؟ — دېدى سۇپۇرگە .

ئەمما ئۇ كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ كىمنى سۈرۈشتە قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ بولدى . « ھە ، شاھزادە بىلەن ھېلىقى چوكانغا باغلىق ۋەقەلەرنىڭ داۋامى تېخى تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ . — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە ، — شۇنداق ، بۇ ئالەمدىكى ئىشلار ئېقىن سۇدەك بىر بىرگە ئۇلىشىپ كەتكەن بولىدۇ . بىر ۋەقەنىڭ داۋامى ھامان ئىككىنچى بىر ۋەقەنىڭ بېشى بولۇپ چىقىدۇ .» — مەسىلەن ، سەن — دەپ چۈشەندۈردى شالاڭ ساقال ئايغاقچى ، — مېڭىش تۈرىشى غەيرىرەك ، بەستلىك كەلگەن چىرايلىق بىر خېنىمنى كۆردۈڭمۇ ؟

— بۇ ئەتراپتىكى يۇرتلاردا چىرايلىق خېنىملار ناھايىتى كۆپ ، ئەتراپىڭغا قارا ، ئەنە ئاۋۇ كوزا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان خوتۇن نىمە دىگەن قاۋۇل -ھە ؟ يولنىڭ چېتى بىلەن يۈزىنى توراپ كېلىۋاتقان مۇنۇ قىز قانداق چىرايلىق........

— ئوبدانراق ئېسىڭگە ئال ، بەلكىم سەن ئالاقىزادىلىك ئىچىدە كېتىۋاتقان بىرەر چوكاننىڭ مېڭىش تۇرىشىدىن بىرەر گۇمانغا كەلگەنسەن ؟

— سىلەر زادى نېمىنى ئۇقماقچى بولىۋاتقىنىڭلارنى نىمىشقا ئوچۇق ئېيتمايسىلەر ؟ — دېدى سۇپۇرگە ، — بالا كۆتۈرگەن ئايالنىڭ يېڭى پادىشاھىڭلار بىلەن نىمە ئالاقىسى بار ۋە ئۇنى مۇنچە سۈرۈشتۈرۈپ كېتىشىنىڭ سىلەرگە نېمىگە لازىمى بولۇپ قالدى . ؟

— ساڭا ئېيتمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ ، — دەپ سۇپۇرگىگە يېرىنراق سىلجىشتى ئايغاقچىلار ،— ئەنە شۇ مەرھەمەتلىك يېڭى شاھىمىزنىڭ كىچىك ئىنىسىنى ئۇنىڭ ئانىسى ئوردىدىكى بىر ئايال خىزمەتكارغا قوشۇپ قاچۇرىۋېتىپتۇ . شاھىمىز بىزنى شۇ كىچىك شاھزادىنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن چىقارغاندى . يول بوي
قاتتىق ئات چاپتۇرۇپ ماڭدۇق ، كۆپ يەرلەرنى ئىزدىدۇق . دېرىكىنى ئالالمىدۇق . شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى ئالمىغۇچە شاھىمىزنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپمايدۇ .

— نىمىشقا ؟

— بىرىنچىدىن ، شاھزادە تېخى بوۋاق ، شاھىمىز ئۆز قېرىندىشىنىڭ ساق سالامەت قايتىپ كېلىشىنى تىلەيدۇ . ئىككىنچىدىن ، شاھزادىنىڭ ئوردا سىرتىدا تۇرۇشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭدىن يامان نىيەتلىك ئادەملەر پايدىلىنىپ ، شاھلىق تەختىگە خەۋپ سېلىشى مۇمكىن .

— چۈشەندىم ، — دېدى سۇپۇرگە ، — شۇ تاپتا ئېسىمگە بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ ، بىر كۈنى مەن مانا بۇ ئېشىگىم بىلەن پاراڭلىشىپ بىر يېزىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم . مەن شۇ چاغدا ئېشىگىمدىن : ئەگەر ئاللا ساڭا شۇنداق ئامەت ئاتا قىلىپ ، بىرەر شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ قالغۇدەك بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ ؟ دەپ سورىغانىدىم . ئېشىكىم كۈلۈپ : ئەگەر راستىنلا ماڭا شۇنداق ئامەت كېلىپ پادىشاھ بولىدىغان بولسام . شەھەرلەرنى تۈزلەپ ئېشەكلەر ئېغىنايدىغان توپىلىق مەيدان ياساتتىم . ئېتىزلارنىڭ ھەممىسىگە بېدە بىلەن قوناق تېرىغۇزەتتىم دەپ تۇرىۋىدى ، شۇ چاغدا يېزا چېتىدىكى كۆۋرۈك بېشىغا ئولىشىۋالغان

ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ چۇرۇڭى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى بۆزۇۋەتتى . نىمە گەپكىن ، دەپ بىرىپ قارىساق ، بىر نارىسىدە بالىنىڭ جەسىتى توپىغا مىلىنىپ يېتىپتۇ .

جەسەتنىڭ بېشىنى كىمدۇر بىرى كېسىپ ئەكىتىپتۇ . سىلەر ئىزدەپ يۈرگەن بوۋاق شۇ بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە ؟

— سەن ئۇنى قاچان ، قەيەردە كۆردۈڭ ؟ — دەپ ئايغاقچىلارنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە سۈپۈرگىنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى .

— بىر قانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدىمىكىن ، نەدە كۆرگەنلىكىم تازا ئېسىمدە يوق .

— ئەگەر سەن كۆرگەن جەسەت شاھزادىنىڭ جەسىتى بولغان تەقدىردە ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئايالمۇ بولىشى كېرەكتىغۇ ؟

— ئايال ؟ — دېدى سۈپۈرگە نېمىشقىدۇر ئەندىكىپ — توغرا ، شۇ جەسەتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانلار ئايالنىڭمۇ گېپىنى قىلغاندەك قىلىۋىدى .

— ئۇلار نىمە دېيىشكەن ؟

— ئۇلارنىڭ دېيىشىچە . بوۋاقنى بىر ئايال كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانىكەن . دەل ھېلىقى كۆۋرۈكنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلگەندە ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق لەشكەرلەر يېتىشىپ كېلىپ قاپتۇ . كۆۋرۈك يېنىدا ئازىراق ئېلىشىشمۇ بولغان ئوخشايدۇ . ھېچكىم ئۇ يەرگە بېرىشقا پېتىنالماپتۇ . لەشكەرلەر كەتكەندىن كېيىن يېزىلىقلار بېرىپ قارىسا ، ئۇيەردە بوۋاقنىڭ كاللىسى يوق جەسىتى ياتقۇدەك ، ھېلىقى ئايالنىڭ نەگە يوقالغىنىنى ئۇلارمۇ ئاڭقىرالماي قاپتۇ... .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئايغاقچىلار بىر بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى . « دېمەك ، شاھزادىنىڭ كاللىسىنى باشقىلار كېسىپ ئەكىتىپتۇ . مۇكاپاتتىن قۇرۇق قاپتۇق» دەپ ئويلاشتى ئۇلار . شۇنداق بولسىمۇ ، سۈپۈرگە يەتكۈزگەن خەۋەر ئايغاقچىلارنى ئازىراق خۇشال قىلدى . چۈنكى ، ھېچبولمىغاندا ئۇلار ئوردىغا شاھزادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ بولسىمۇ قايتالايتى . ئۇلار سۈپۈرگىگە رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئالدىراپ ئارقىسىغا قايتىشتى .

# سەككىزىنچى باپ

## ئاجايىپ خەۋەر

جاھانكەزدى سۈپۈرگە بىلەن ئۇچراشقان ئايغاقچىلار ئوردىغا بالا شاھزادىنىڭ كالىلىسىنى ئەكىلەلمىگەن بولسىمۇ ، يىراق چۆللۈكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئاجايىپ باي ، ئاۋات ئەمما ھېچقانداق بىر پادىشاھلىققا تەۋە بولمىغان ‹ بىغەملەر شەھىرى › توغرىسىدىكى ئاجايىپ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ كەلدى . بۇ خەۋەر يېڭى پادىشاھ ‹ قۇياشتىنمۇ ئۇلۇغ › نىمۇ قاتتىق ھاياجانغا سالدى . ئۇنىڭغا ئەمدى بالا شاھزادىنىڭ كالىلىسى لازىم ئەمەس ئىدى . ئۇ شاھزادىنىڭ كالىلىسىنى ئالىلىۋۇرۇن قولغا چۈشۈرۈپ خاتىرجەم بولغان ، قالغان بارلىق تەخت ۋارىسلىرىنىمۇ بوي سۇندۇرۇپ ئۆزىنىڭ شاھلىق ئورنىنى مۇقىملىۋالغانىدى . راستىنلا شۇنداق بايلىق بىلەن تىنىپ كەتكەن مۇداپىئەسىز بىر ئەل بولىدىغان بولسا ، ئۇنى قوشۇن تارتىپ بېرىپ بېسىۋالغاندا ، بۇنىڭ بىلەن يېڭى شاھ ئۆز شۆھرىتىنى ئاشۇرۇشى ، پۇقرالارنىڭ دىققىتىنى چالغىتىپ ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان نارازىلىقىنى پەسەيتىشى مۇمكىن ئىدى . شاھ ھېلىقى ئىگىسىز شەھەرگە بېرىپ قايتقان لەشكەرلەرنى ئالدىغا چاقىرتتى .

قاتمۇ قات ئوردا دەرۋازىلىرىدىكى قېتىپ تۇرغان قاراۋۇللار ، ئوردا ئىچىدىكى بىر بىرىدىن ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلار ، شاھنىڭ خاس ھۇجرىسىغا ئېلىپ بارىدىغان ئەگرى بۈگرى مەخپىي يول ۋە بۇ يەردىكى جىمجىت ، سۈرلۈك كەيپىيات ئوردا خادىمىغا ئەگىشىپ كېتىپ بارغان لەشكەرلەرنى ھەم ھەيران قالدۇراتتى ، ھەم ئەندىشىگە سالاتتى . ھەر ھالدا ئۇلارنىڭ شاھ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە كۆڭلى تىندى . شاھنىڭ بۈگۈن كەيپى خوش ئىدى . ھەتتا ئۇ لەشكەرلەرنى ناشتىدا بىللە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى .

داستىخان شۇنچىلىك مول راسلانغانىدىكى ، لەشكەرلەر بۇ يەرگە تىزىلغان نازۇ نىمەت ،

تائاملارنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بېرەلمەيتى . بۇ يەردە چۈمۈلە مۇراببباسىدىن تارتىپ يولۋاسنىڭ جان يىرىدىن قورۇلغان سەيلەرگىچە ھەممە نىمە تېپىلاتتى . شاھ بۇ ئاددي لەشكەرلەر بىلەن ناشتىدا بىللە بولۇپ ئۆزىنىڭ قانچىلىك كەمتەر ۋە خەلىقچىل ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلماقچىدى . شاھ ئۆزى بىلەن بىرەر نۆۋەت ھەمداستىخان بولۇپ قالغان ئەخمەقلەرنىڭ سىرتقا چىققاندا ئوردىدىكى بايلىق ۋە ئاجايىپ تائاملار توغرىسىدا بىر ئۆمۈر ماختىنىپ سۆزلەپ يۈرۈيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى .

-مەن سىلەردىن بىر ئىشنى سوراپ بىلىپ باقماقچىمەن ؟ - دېدى شاھ تاماق ئۈستىدە.

- ئالىيلىرىغا جاۋاپ بېرىشكە تەييارمىز .- دەپ چۇرقىراشتى لەشكەرلەر .

- سىلەر كۆرگەن ھېلىقى شەھەر توغرىسىدىكى گەپلەر ھەقىيقەتمۇ ؟

-ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلەش ھەددىمىز ئەمەس . - دەپ تىز چۆكۈشتى لەشكەرلەر .

- بىر راستىنلا شۇنداق نە لەشكىرى ، نە پادىشاھى يوق ئاجايىپ بىر شەھەرنى كۆردۇق ، - دەپ چۈشەندۈردى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شالاڭ ساقاللىقى . ئۇ شۇ ئايغاقچىلارنىڭ قۇر بېشى ئىدى . - ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى قاۋۇل كېلىدىكەن ، ئەمما تولىمۇ بىلغەم ياشايدىكەن ، شەھىرىنىڭ سېپىلىمۇ يوق . ئۇ يەردىكى يۈرۈشۈپ تۇرغان سودا سېتىق ، قايناق بازارلىرىدىكى ئاجايىپ ماللار ، سودىگەرلەرنىڭ سارايلىرىدىكى ھېسابسىز دۇنيا ، راستىنى ئېيتساق ، جانابىي شاھ ، بىز تېخى مۇنداق ئاۋات بىر ئەلنى كۆرمىگەن .

-ئۇلارنىڭ قوغۇن تاۋۇز ، مىۋە چېۋىلىرىنىڭ شىرنىلىكلىكىچۇ ،- دەپ قوشۇمچە قىلدى ئىككىنچى لەشكەر ، - باھاسىمۇ شۇنچە ئەرزانكى ، بىكارغىلا بېرىدىكەن دىسىمۇ بولىدۇ .

- ئاھ ئۇيەردىكى نەغمە ناۋا ، - دەپ سۆز قاتتى ئۈچىنچى لەشكەر ،- ئۇ يەردىكى ئادەملەر شۇنچىلىك ئەركىنكى ، بىكار بولسىلا نەغمە ناۋا بىلەن ئويۇن تاماشا قىلىدىكەن ، يىراقتىن قارىغان كىشى ئۇلارنى ساراڭ بولۇشقان ئوخشايدۇ ، دەپ قالىدىكەن . يېقىن بېرىپ تىڭشىغان ئادەمنىڭ ئۆىمۇ سازنىڭ لەرزىدە ئىختىيارسىز ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتىدىكەن .

ــئۇلارنىڭ ئاياللىرىچۇ ؟ .....ئاياللار توغرىسىدا سىلەر جانابىيى ئاللىرىغا ھېچنىمە ئېيتمىدىڭلار ، ــ دەپ ئالدىراپ سۆز ئالدى تۆتىنچى لەشكەر لەۋلىرىنى تامشىتىپ ، ــ ئۇ يەرنىڭ قىز جۇۋانلىرى شۇنچىلىك گۈزەلكى ، ئاپپاق بەدەن ، ماڭسا بېلىقتەك تولغىنىپ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ... .

لەشكەرلەر كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىنى شاھقا بەس بەستە بايان قىلىپ شاھنىڭ قىززىقىشىنى تېخىمۇ ئاشۇرىۋەتتى .

ــ سىلەر مۇنداق غەلىتە شەھەرنى چۈشۈڭلاردا كۆردۈڭلارمۇ ياكى ھېلىقىدەك مەست قىلىسىغان بىر نىمىلەرنى چېكىشۋالغاندىمۇ ؟ ــ دەپ سىناق نەزىرىدە قارىدى

شاھ لەشكەرلەرگە .

ــدېگەنلىرىمىزنىڭ ھەقلىقلىقى ئۈچۈن تەڭرى نامى بىلەن قەسەم ئىچىمىز .

ــئۇ شەھەرنىڭ ئىسمى نىمە ئىكەن ؟

ــ ئىسمى ؟ ــ لەشكەرلەر ھودۇقۇپ بىر بىرگە قارىشىپ قالدى .

ــشەھەرنىڭ نامى « بىغەملەر شەھىرى» ئىكەن . ھۆرمەتلىك شاھىم ،ــ دېدى شالاڭ ساقال تەۋەككۇلگىلا. چۈنكى ، شاھنىڭ ئالدىدا تىلىنى چايناپ تۇرۇش خەتەرلىك ئىدى . شۇ تاپتا « بىغەملەر شەھىرى» دېگەن گەپنى ئۇ ئۆزى ئويلاپ چىقاردىمۇ ياكى ئۇ شەھەرنىڭ نامى راستىنلا شۇنداقمىدۇر ؟ « بىغەملەر شەھىرى» دېگەن بۇ نام ئۇنىڭ كاللىسىغا قانداق كىرىپ قالدى ؟ بۇ تەرەپلىرىنى ئۇ ئۆزىمۇ جەزىم قىلالمايتى .

ــنە سېپىلى ، نە تۇۋرۇكى يوق ، بايلىق تىنىپ كەتكەن قانداق شەھەركەن ئۇ ئۆزى ؟ ــ دەپ غودۇراپ كەتتى شاھ ، ــ بەلكىم ئۇ شەھەردىكى خەقلەرنىڭ ئۆزىنى قوغدايدىغان باشقا بىر ھۈنەرلىرى باردۇر ؟ سەن ھاڭۋاقتىلارغا ئۇنداق سىرلىرىنى بىلدۇرۇشمەيدۇ ـ دە ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېھىرگەرلەردۇر .

ــ ئۇ تەرەپلىرىنى بىلمىدۇق ، شاھىم ،ــ دېدى شالاڭ ساقال ــ بىز پەقەت ئۇ شەھەردە بىر نەتچە كۈنلا تۇردۇق ئەما ، نامىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇكى ، ئۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى

ناھايىتىمۇ بىغەم كۆرۈنىدۇ ، ئۇلارنىڭ شۇنچىلىك باياشات ياشاۋاتقىنىغا كىشىنىڭ زوقى كېلىدۇ......

شۇنىڭدىن كېيىن ، شاھنىڭ ئارقا ئارقىدىن ئەۋەتكەن باشقا ئايغاقچىلىرىمۇ ئۆزىگە قوشنا يىراق بىر يەردە ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بىر ئىگىسىز شەھەرنىڭ بارلىقىنى خەۋەر قىلىشتى . ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە يەنە ئىلگىركىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇقلاپ ،« بىغەملەر شەھىرى» دىكى ئاجايىپ گۈزەللەر ، مول ھوسۇللۇق ئېتىزلار ، تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرغان مال دۇنيا ...يەنە شۇنداق نۇرغۇن نەرسىلەر توغرىسىدا ھىكايە قىلىشاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پايتەختتىن ئىلگىرى ( بىغەملەر شەھىرى) گە بېرىپ سودا سېتىق قىلغان سودىگەرلەرمۇ تېپىلىپ قالدى . بۇ سودىگەر دىگەن شەيتاندەك غەلىتە خەق بولۇپ ، پايدا ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارمايدىغان يېرى ، كىرمەيدىغان تۆشۈكى بولمايتى . ئۇلارمۇ ئۆز سۆزلىرىدە يىراقتا شۇنداق بىر باي شەھەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپات قىلىشتى . ( قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ) بۇ ئىگىسىز لوق گۆشنى قوشۇن ئەۋەتىپ يۇتىۋېلىپ ، ئەتراپىقا ئۆز سەلتەنىتىنى جەۋلان قىلىش ، تەخت دۈشمەنلىرىگە ئۆز قۇدرىتىنى

بىر كۆرسىتىپ قويۇش قارارىغا كەلدى . كېچىيىش ئۈچۈن ئوردا يىغىلىشىنى چاقىردى .

شاھ چاقىرغان ئوردا يىغىلىشىغا قەلەم تۇتقان ، ئەلەم تۇتقان ئاتامانلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك قاتناشتى . (بىغەملەر شەھىرى) نىڭ خەۋىرىنى تۇنجى بولۇپ ئوردىغا مەلۇم قىلغانلىق ھۆرمىتىدىن بۇ يىغىلىشقا شالاڭ ساقالمۇ چاقىرتىلغاندى . شاھ تېخى يىغىلىش ئورنىغا كىرمىگەن بولۇپ ، ئەمەلدارلار بۇ قېتىمقى پەۋقۇلادە كېڭەشنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە پىچىرلاشماقتا ئىدى .

ــ ئۇرۇش قىلغۇدەكمىز ئۇرۇش ،ــ دېدى كۆز خالتىلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بىر ۋەزىر يېنىدىكى ئەمەلدارغا شىۋىرلاپ .

ــ يەنە نىمە ئۇرۇش ؟ ئوردا تېخى ئەمدىلا تىنىچلانغانتىغۇ ؟

ــ يىراقتا ناھايىتىمۇ باي بىر ئەل بارمىش ، بىز ئۇنىڭغا قارشى قوشۇن تەشكىللىگۈدەكمىز .

ــ ئۇلار بىز تەرەپكە بىسىپ كىلىۋىتىپتۇمۇ ياكى بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىسىپ بارغۇدەكمىزمۇ ؟

ــ ئەلۋەتتە بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ بارغۇدەكمىز....

شالاڭ ساقال گالۋاڭراق ، تۈزلا كەتكەن ئادەم ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ قۇر بېشلىق شۇ كىچىككىنە مەنسىپىگە مەككارلىقى ياكى خوشامەتكويلىقى بىلەن ئەمەس ، شاھ جەمەتىگە قانداقتۇر يىراق تۇغقانچىلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئېرىشكەندى . شۇ تاپتا ئۇ ‹ بىغەملەر شەھىرى› گە قوشۇن ئەۋەتىش نىمىشقا شۇنچە زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئەتراپقا قارايتى .

ــ تۇۋا ، تېنىچ ياتقان خەلىقنىڭ ئۈستىگە ھە ؟.. ــ دەپ غودىرايتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە .

ــ ئەخمەق ،ــ دېدى ئۇنىڭ يىنىدا ئولتۇرغان بىر سەركەردە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ . ــ قانداقتۇر بىر ئىگىسىز شەھەر توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئۆزۈڭ كۆتۈرۈپ كىلىپ ، ھەممىنىڭ ئارامىنى بۇزدۇڭ . يەنە نىمە غوتۇلدايسەن ، شاھنىڭ غەزىپىدىن قورقمامسەن ؟

ــ ئەمدى دەيمىنا .........بىز نىمىنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بارغۇدەكمىز ؟

ــ دەستەك دېدىڭما ؟ ئۇرۇش دېگەنگە دەستەكنىڭ نىمە لازىمى ؟ ئاڭلاپ تۇر ، بىز ئاۋال ئۇ يەرنى كۈچ بىلەن بېسىۋالىمىز ، ئاندىن ئوردىدىكى نانقېپى قەلەمكەشلەر بۇ توغرىسىدا شۇنداق تارىخلارنى يىزىشقا باشلايدۇكى ، ھېلىقى سەن كۆرگەن شەھەرنىڭ ئېتى نىمىدا ؟

ــ بىغەملەر شەھىرى .

ــ ھە ، شۇ بىر نىمىلەر شەھىرى دېگىنىڭ خۇدا تېخى زىمىننى ئاپىرىدە قىلماستىن ئىلگىرىلا بىزگە تەۋە ئىكەنلىكىنى سۆزسىز ئىسپاتلاپ چىقىشىدۇ . ئۇ چاغدا ، ئوردىدىكى شاھلىرىمىزنىڭ كۈچ قۇدرىتى ، ئادالەتپەرۋەرلىكى ، تاپىنىدا چۈمۈلىنىمۇ ئۆلتۈرمەيدىغان رەھىمدىللىكىنى ماختاپ يازغان قەسىدىلىرىنى ئوقۇپ ھەيران بولۇپ ياقاڭنى تۇتىسەن . ئۇلارنىڭ تىللىرى شۇنچىلىك شېرىنكى ، ۋاقتى كەلگەندە پوقنىمۇ ھالۋا قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ... .

شالاڭ ساقال يەنە بىر نىملەرنى دەپ سەركەردىگە ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، شاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى ئاڭلىنىشى بىلەن ھەممە گۈلدۈرلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى . شاھ ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىپ ، ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن ، ئەمەلدارلار چاپانلىرىنى يىنىك شىلدىرلىتىپ ، ئۈنسىز ئولتۇرۇشتى .

كېڭەش ناھايىتى قىسقىلا بولدى . شاھنىڭ غەربىزىنى ئاللىبۇرۇن چۈشىنىپ بولغان ۋەزىر سەركەردىلەر « بىغەلەر شەھىرى» نى قوشۇن ئەۋەتىپ بېسىۋېلىشنى بىر ئېغىزدىن قوللاشتى .

ـ بىزگە قوشنا بولۇپ تۇرغان بىر يەردە قانداقتۇر بىر پادىشاھسىز شەھەرنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ياخشى ئىش ئەمەس ،ـ دەپ ھۆكۈم چىقاردى شاھ ئاخىرىدا ،ـ ئۇنىڭ قول ئاستىمىزدىكى شەھەرلەرگە يامان ئۈلگە بولۇپ قېلىشى چوقۇم . مۇنداق بولغاندا پۇقرالارنىڭ كاللىسىغا :« پادىشاھسىزمۇ بىر ئوبدان ياشاۋېرىشكە بولىدىكەنغۇ . دىگەن بىمەنە خىيال كېلىدۇ دە ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بىزگە قارشى كۆتۈرۈلىدۇ . سەركەردىلەر ، ياراملىق قوشۇن تەييارلاڭلار ،. بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ بېرىپ ، دۇنيادا ئىگىسىز نەرسىنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويايلى .

يىغىن ئەھلى دۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ «قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ»ىمىز ياشىسۇن ، تۈمەن مىڭ ييللار ياشىسۇن.

ـ ئۇلۇغ شاھىمىزنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن .ـ دەپ چۇقان سېلىشتى .

شۇنىڭ بىلەن ئالدىراشلىق ئىچىدە قوشۇن تەشكىللەندى . « بىغەملەر شەھىرى»گە دەسلەپتە بېرىپ قايتقان شالاڭ ساقال قوشۇن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى .

مەككار سەركەردىلەر يىراق چۆللۈكتىكى تېخى سىرى مەلۇم بولمىغان بىر شەھەرگە يۈرۈش قىلىشقا تەۋەككۈل قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندى . مەنسىپىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن خوشال بولۇپ تېرىسىگە پاتماي قالغان شالاڭ ساقال بۇ ئىشقا بولغان نارازىلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى . ئىلگىرى بىغەملەر شەھىرىگە بېرىپ قايتقان بىر قانچە سودىگەرلەردىن يول باشلىغۇچىلار تاللاندى . ئاتلىق لەشكەرلەر ، ئېغىر يۈكلەر ئارتىلغان ھارۋىلار پايتەختتىن كوچىلىرىنى چاڭغا

كۆمۈپ ، شەھەر دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت بىلەن چىقىپ ، يۈرۈشنى باشلىۋەتتى.

قوشۇن ناھايىتى جاپالىق ئۇزۇن يول بىسىپ ، مىڭ مۇشەققەتتە ‹ بىغەملەر شەھىرى› ئەتراپىغا يىتىپ كىلەلىدى . چۆل يولىدا مۇنداق زور قوشۇننى قۇملۇقلارنىڭ بوران چاپقۇن ۋە دەھشەتلىك ئىسسىقلىرىدىن دالدىغا ئالماق مۇشكۇل ئىدى . ئۇزۇنغا سوزۇلغان چۆل يوللىرىدا لەشكەرلەرنىڭ تولىسىنىڭ ئاتلىرى ئۆلۈپ پىيادە يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى . ھارۋىلارنىڭ جۇلۇقى چىقىپ يول بويى تاشلىنىپ قالدى ، ئۇلار ‹ بىغەملەر شەھىرى› ئەتراپىدىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا

كىلىپ چېدىر تىكىپ توختىغاندا ، قوشۇندىكى ئادەملەرنىڭ ئاران يېرىمى ھايات قالغانلىقى بىلىندى . ھايات قالغانلىرىمۇ چارچاپ ، ئۇرۇش قىلغۇدەك ھالى قالمىغانىدى . شالاڭ ساقال ‹ بىغەملەر شەھىرى› دەيدىغان يىگانە يۇرتنىڭ يىراق چۆللۈك ئىچىدە نىمىشقا بۇگۈنگىچە ھىچبىر ھۇجۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي خاتىرجەم ياشاپ كىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدى . ئەمما ، ئەمدىلىكتە بىرەر نەتىجە قازانماي ئوردىغا قۇرۇق قول قايتىش

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمدىن دىرەك بىرەتتى . شالاڭ ساقال قوشۇننى توختىتىپ ، دەم ئېلىشقا بۇيرۇپ ، ‹ بىغەملەر شەھىرى› نى چارلاپ كىلىشكە ئايغاقچىلارنى ئەۋەتتى.

## توققۇزىنچى باب

### ‹بىغەملەر شەھىرى›دە جەڭ

شۇنداق بىر قوشۇننىڭ باستۇرۇپ كىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئاللىبۇرۇن ‹بىغەملەر شەھىرى›گە يىتىپ بولغانىدى . ئەلۋەتتە مۇنداق خەۋەرلەرنى ئالدى بىلەن ھىلىقى چۆلنىڭ ئوغرى يوللىرىدا شەيتاندەك ھەركەتلىنىپ يۈرىدىغان سودىگەرلەر يەتكۈزۈپ بولاتتى . شۇ تاپتا ئادەملەر شەھەر سرتىغا توپلانغان بولۇپ ، بۇ كىشىلەرنى شەھەرنىڭ چوڭ ئاقساقىلى ــ يانتاق ئاقساقال تەشكىللەپ يۈرەتتى .

ــ ھاي كۆمۈرچىلەر ، سىلەر مانا ماۋۇ سەپكە ، باققاللار ، ئاۋۇ تەرەپكە ......ھەي سىلەر باپكار

سـەن قاياقتـا قـاراپ تۇرسـەن ؟ جـەك مانـا مـاۋۇ ئارقاڭدىـكى مەيدانـدا بولمـاقچى ........خۇدايـا توۋا، هوي خوتۇنلار ، سـىلەرگە بـۇ يـەردە نـىمە بـار ؟ بـۇ يـەردە تـوي ئەمـەس جـەك بولمـاقچى ، جـەك . قىـنى هىچبولمـىغاندا ئارقىغـىراق سىلجـىڭلار .ــدەپ ۋارقـىرايتى ئاقـساقال كىشـىلەر ئارىسـىدا تۇرۇپ .

ــ مانــا بــۇ تالىپلارنــىڭ ، ئۇلارنــى قەيەرگــە قويىمــىز ؟ــ دەپ ســورايتى ئالدىراشچىلــىقتا بىشـدىكى سەللىسى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن خەلپەت .

ــ خەلپىتـىم ، سىنـىڭ بـۇ تالىپلـىرىڭ نـىمانداق هاڭۋىقـىپ قـىز چوكـانلار تەرەپكـىلا قـاراپ تۇرىدۇ ؟ ئۇلارنى ئاۋۇ مىسگەرلەرنىڭ قاتارىغا باشلا ....هاي، ئۇياقتا دىيمەدىم ، مانا بۇياقتا.........

بــۇ ئادەملەرنــىڭ چــرايى ، يــۈرۈش تۇرۇشـىدىن جەڭگــە ئەمــەس ، كۆڭۈللــۈك بــىر سەيلــىگە چىقىــشقاندەك كۆرۈنــەتتى . نــاغرا دۇمبــاق چالغۇچــىلار هــەۋەس بــىلەن چوكــا ئۇراتــتى . كارنــاي سونايچــىلار قوۋزىــنى بولۇشــىغا كۆپتــۈرۈپ قــۇلاقنى يــارغۇدەك قاتتــىق ئاۋازدا چىرقىرىــشاتتى . ئۇششاق باللار هەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈرشەتتى .

خــۇددي بــۇ يــەردە بــىرەر مەرىــكە بولــۇۋاتقاندەك يــىمەك ئىچمــەك ، ئۇسسـۇلۇق ساتقۇچــىلارمۇ توپىــىڭ بــىر چېتــىگە ئۆز يايمىلــىرىنى يىيىــپ ئۈلگۈرگەنــىدى . بــۇ ئالامــاننى تەرتــىپكە سېلىشنــىڭ ئۆزى بــىر گــەپ ئىــدى . تۆمۈرچىنــىڭ قولــىدا بولقــا ، دېهقاننــىڭ قولــىدا ئارا ، ياغاچچىنــىڭ قولــىدا توقمــاق ......ئىشقىلــىپ هەركــىم قولــىغا چــىققان نەرســىنى كۆتــۈرۈپ بــۇ مەيــدانغا كەلگەنــىدى . ئۇلار هــە دەپ بىر بىرى بىلەن چاقچاقلىشاتتى.

ــ هــەي ســەپەر بايۋەتچــە ،ــدەپ ۋارقــىرىدى ئويناقشــىپ تۇرغــان بــىر ئارغــىماقنى مىنــىۋالغان سودىـگەرگە قـاراپ بـىرى ،ــياخـشى ئىتـىڭنى مىنـىپ چىققىنـىڭغا قارىـغاندا بـۇ يـەردە بەيگـە بولىـدۇ ،دەپ قالغان ئوخشىمامسەن ؟

ــ كۆرىــسەن ،ــ دىيــدى سودىــگەر ،ــ هــىلى جــەڭ باشــلانغاندا مــەن ئىتــىمنى چــاپتۇرۇپ ھەممىڭنىڭ ئالدىدا بولىمەن .

ــ هەيتاڭــەي ،ــ دىيــدى يەنــە بــىرەيلەن ، ــ پايدىســىغا كىلــىپ قالــسا ئىتــىڭنى دۈشــمەنگە

سېتىۋېتىپلا قايتامسەنكىن..........

– ھەي ساتىراش ئۇستام ،– دەپ چېقىشاتتى قاۋۇل بىر تۆمۈرچى ئۇستىرسىنى تۇتۇپ كۆلكىلىك ھالەتتە تۇرغان ئورۇق ساتىراشقا قاراپ (ئۇ ‹ بىغەملەر شەھىرىدىكى ئۇستا ساتىراشلارنىڭ بىرى ئىدى ) ،– سەن بۇ ئۇستۇراڭ بىلەن بىزگە ھۆجۈم قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ساقال بۇرۇتىنى پاكىز ئېلىپ خىزمەت كۆرسەتمەكچىمۇ سەن ؟

– قارا ، سەن ئۇلارنى تۇتۇپ يىقىتسەن ،– دېدى ساتىراش ،– مەن يىقىلغانلارنىڭ پېيىنى بىر بىرلەپ كېسىپ تاشلايمەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىنچىلەپ ئورنىدىن قوپالمايدۇ .

– يىقىتقان ئادەم ئۇنى ئۆزى ئورنىدىن قوپالماس قىلىۋېتەلمەمدىكەن ؟ – دەپ كۈلدى باشقىلار .

– ئۇنىڭغا قارىغاندا كاپىلىغۇچۇڭ ياخشىراق ئىدى ،– دېدى ساتىراشقا يەنە بىرەيلەن ، – كاپىلىغۇچۇڭ بىلەن ھەر قانداق دۈشمەننىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئەپلەپ تۇرۇپ بىرنى سالىدىغان بولساڭ ، تىك چۈشمىسە مانا مەن .

شۇ ئارىدا بۇ يەرگە ساقال بۇرۇتلىرى ھەر خىل رەڭدە بويالغان بىر بوياقچى كېلىپ قالدى .

– ئەمدى بۇ نېمەڭ ؟– دەپ ھەيران بولۇپ سوراشتى كىشىلەر ئۇنىڭ قولىدىكى خالتىغا قاراپ .

– بۇنىڭ ئىچىدە ھىندىستاننىڭ تاش بويىقى بار ، – دېدى بوياقچى جىددىي ھالدا قولىدىكى خالتىنى شەرەتلەپ .

– نىمە ، سەن دۈشمەننىڭ ساقال بۇرۇتلىرىنىمۇ ئۆزۈڭنىڭكىگە ئوخشاش بوياپ چىقماقچىمۇ ؟

– بۇ بوياق ،–دەپ چۈشەندۈردى بوياقچى ، – ئىنتايىن زەھەرلىك ، مەن ئۇنى ھۆجۈم قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ كۆزىگىلا چاچىمەن ، ئۇ كۆزىنى ئاچالماي تىپىرلاپ قالىدۇ – دە ، قالغان ئىشنى سىلەر ئەپلەيسىلەر .

– ھەي ، مەن نېمىشقا ئۆزەمنىڭ يىلىملىرىنى ئۇنتۇپ قالدىم ھە. – دەپ ئەپسۇسلاندى بىر يىلىمچى ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ئاچچىق يىلىم پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى ، – ئەگەر ياسىغان

يىلمىلىرىمنى ئۆلارنىڭ يۈزىگە بىرلا سۈرتىۋېتىدىغان بولسام ، كۆزى تۇرماق ئاغزىنىمۇ ئاچالماي قالاتتى....

ــ قاراڭلار ، قاراڭلار ، ئاۋۇ نىمە كارامەت ؟ ــدەپ ۋارقىرىدى تاۋۇز تىلىدىغان يوغان قىڭرىقىنى كۆتۈرىۋالغان باققال .

كىشىلەر ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى . ئۇ يەردە بىر موزدوز ئامبۇر بولقىلىرىنى ئىككى قولدا تۇتۇپ ، ياغاچ قېلىپلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى . موزدوزنىڭ غەلىتە سىياقىغا قاراپ ھەممە قېتىپ كۈلۈشتى .

ــ ھاي موزدوز ئۇستام ، سەن ھەممە جابدۇقلىرىڭنى بوينۇڭغا ئېسىپ ، دۇكىنىڭنى كۆچۈرۈپلا چىقتىڭمۇ نىمە ؟......

يانتاق ئاقساقال كىشىلەر توپى ئىچىدىن جاھانكەزدى سۈپۈرگىنى تەستە ئىزدەپ تاپتى . ــ دە ، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ :

ــ ھۆرمەتلىك سۈپۈرگە ، سەن جاھان كەزگەن ، كۆپنى كۆرگەن ئادەمسەن ، ئاڭلىسام ،لەشكەرلەر يېقىن ئارىغا يېتىپ كېلىپ چىدىر تىكىپ توختاپتۇ . سەن شەھەر خەلقى ئۈچۈن ئەلچى بولۇپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئاتامانى بىلەن كۆرۈشۈپ ، زادى نىمە غەرەز بىلەن كەلگىنىنى ئۇقۇپ باقساڭ ، ــ دېدى .

سۈپۈرگە سۆز ئېشىگىنى مىنىپ ، كىشىلەر توپىدىن ئايرىلىپ ، لەشكەرلەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئارقىدىن خالايىقنىڭ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى .

ــ ھاي كۆپچىلىك قاراڭلار ، بىزنىڭ سۈپۈرگە يەنە سەپەرگە چىقتىمۇ قانداق ؟

ــ ھاي سۈپۈرگە ئارقىڭغا قايت ، ھازىر جاھان كېزىدىغان ۋاقىت ئەمەس .

ــ قاراڭلار ، بىزنىڭ سۈپۈرگە بىرىنجى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ئوخشايدۇ.... .

سۈپۈرگە چارلىغۇچى لەشكەرلەر بىلەن ئۇچراشقاندى . لەشكەرلەر ئۇنى قوشۇن بارىگاھ تىككەن ئورۇنغا باشلاپ كەلدى . بۇ يەردە چاقى سۇنغان ھارۋىلار ، ئېگەر جابدۇق ، يىرتىلغان توقۇملار چېچىلىپ ياتاتتى . چىدىرلار ئەتراپىغا قازان ئېسىلغان بولۇپ ، ئۇ يەر بۇ يەردە

ئاشپەزلەر ئالدىراش ھەركەتلەنمەكتە ئىدى .

چارچىغان ئاتلار ئىغىر پۇشۇلدايتى . لەشكەرلەر چىدىرلارنىڭ سايىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆگىدەيتى . ... سۇپۇرگىنى لەشكەرلەر شالاڭ ساقال لەشكەر بىشى ئولتۇرغان چىدىرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختاتتى . چىدىر ئالدىدا تۇرغان قاراۋۇللار سۇپۇرگىنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ ، ئۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۇرىدىغان بىرەر قورالنىڭ يوقلىقىغا ئىشەنگەندىن كىيىن ، ئۇنىڭ چىدىر ئىچىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى . چىدىرنىڭ تۆرىدە يانپاشلاپ ياتقان شالاڭ ساقال بىشىنى كۆتۈرۈپ

سۇپۇرگىگە قارىدى . ئۇستىگە كونىرىغان يەكتەك ، پۇتىغا يىنىك كەشە كىيىپ ، بىلىنى پوتا بىلەن مەھكەم باغلىۋالغان سۇپۇرگە قارىماققا شۇ زامانىنىڭ قانداقتۇر بىر دەرۋىش ياكى سىھرىگەرلىرىگە ئوخشاپ كىتەتتى .

– نىمە ئادەمسەن ؟ – دەپ سورىدى شالاڭ ساقال .

› – بىغەملەر شەھىرى›نىڭ ئەلچىسىمەن . – دىدى سۇپۇرگە

– ئەلچى ؟ – شالاڭ ساقال روسلىنىپ ئولتۇردى ، – ئەلچى بولساڭ مانا بۇ يەردە ئولتۇر .

سۇپۇرگە ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ چىرايىنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلغانلىقىنى ئەسكە ئالدى

.

– ھۆرمەتلىك لەشكەر باشلىقى ، – دىدى سۇپۇرگە شالاڭ ساقال كۆرسەتكەن ئورۇنغا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ ، – خاتا تونىمىغان بولسام ، ئىككىمىز ئىلگىرى بىر يەردە ئۇچراشقانغۇ دەيمەن . ؟

– قاچان ؟ ......قەيەردە ؟ – دەپ ھەيران بولدى شالاڭ ساقال .

– سەن بىر چاغلاردا بىزنىڭ شەھىرىمىزدە مىھمان بولغان ، بىر قانچە ئادەملىرىڭ بىلەن مىنى ۋارقىراپ توختىتىۋىلىپ ، قانداقتۇر بىر بالا كۆتۈرگەن ئايال ، بوۋاق شاھزادە توغرىسىدا سۇئاللارنى سورىغان ئەمەسمىدىڭ ؟...... ھۆرمەتلىك لەشكەر باشلىقى ، ئەمدى سەن شۇنچىۋالا قوشۇننى باشلاپ كىلىپ نىمە قىلماقچى ؟

شالاڭ ساقال ئالدىدىكى سۆپۈرگىنى ئېسگە ئالدى ۋە بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى .

ـ ئۆزۈڭ بىلىسەن ، ـ دېدى شالاڭ ساقال ، ـ مەن بىر لەشكەرمەن ، شاھنىڭ ئەمرىنى ئىجراقىلماي ئىلاجىم يوق ، ...سىلەر تەرەپتە داقا دۇمباق چېلىنىپ نىمە ئالامەت بولىۋاتىدۇ. ؟

ـ شەھەرنىڭ پۇقرالىرى سېنىڭ قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكىڭدىن خەۋەر تېپىپ شەھەر سىرتىغا توپلاندى ، نىمە قىلماقچىسەن ، مەقسىدىڭنى ئوچۇق ئېيت ، ئۆزۈڭگە مەلۇم ، سېنىڭ ئالدىڭدا تۇرغىنى ئاجايىپ بىر شەھەر ، بۇ شەھەرنىڭ سېپىلىمۇ ، لەشكەرلىرىمۇ يوق ، ئۇ يەرگە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن سودىگەرلەر كېلىپ چۈشۈپ ئۆتىدۇ . ئاق نىيەت بىلەن كەلگەنلەرگە داستىخىنىمىز يېيىقلىق ، ......مەن ئويلايمەنكى ، مۇنداق مۇداپىيىسىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ھېچقانداق بىر شاھقا شەرەپ كەلتۈرمەيدۇ . يولنى ئۆزۈڭ تاللا ، مېھمان بولۇپ كەلگەن بولساڭ ، شەھەر خەلقى كۈلۈپ قارشى ئالىدۇ . ئۇرۇشماقچى بولساڭ ، ئۆلۈپ تۈگىگىچە جان تىكىپ ئېلىشىدۇ .

سۆپۈرگىنىڭ سۆزلىرى شالاڭ ساقالنى ئويلاندۇرۇپ قويدى ، ئۇ سۆپۈرگىنى چىقىرىۋېتىپ ، يېنىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشتى .

ـ بۇ شەھەرنى ئۇرۇشۇپ ئالغان تەقدىردىمۇ ،ـ دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى بىر مەسلىھەتچى ئۇنىڭغا ، ـ مۇنداق يىراقتىكى شەھەرنى لەشكەرلەقويۇپ ئۇزۇن يىل ساقلاپ قالماقنىڭ ئۆزى بىر گەپ .

ـ شۇنداق ـ دېدى يەنە بىرى ، ـ ھازىر لەشكەرلەر ھاردى ، ھالسىزلاندى ، مۇبادا بۇ يەردىكى تاياق توخماق تۇتقان خەلق بىلەن ئۇرۇشۇپ يېڭىلىپ قالساق بۇنىڭدىن ئېغىر شەرمەندىچىلىك يوق . ياخشىسى ئىشنى چىرايلىق ھەل قىلغان تۈزۈك..........

ئۇلار ئۇزاق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ، سۆپۈرگىنى قايتا چاقىرىشتى .

ـ سەن شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىگە ئېيت ، ـ دېدى لەشكەر بېشى شالاڭ ساقاللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ، ـ ئۇرۇشنى خالىمىساڭلار بىزنىڭ شەرتىمىزمۇ ئېغىر ئەمەس ، شەھەر بىزنىڭ « قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ»نىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتىدۇ . بىز ئۇنى ئۆز شەھىرىمىز قاتارىدا تىزىمغا

ئالىمىز . شەھەرگە بىزدىن ھاكىم قويۇلىدۇ .

ئاقساقاللار شۇ ھاكىمنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلىدۇ . پۇقرالار ھەر يىلى پادىشاھلىققا ئولپان سېلىق تاپشۇرىدۇ . بۇ شەرتلەرگە كۆنمىسەڭلار قانلىق جەڭ بولىدۇ .

سۇپۇرگىنىڭ ئەكەلگەن خەۋىرى شەھەر خەلقىنى غۇلغۇلىغا سېلىپ قويىدى . ئۇرۇش دېگەننىڭ نىملىكىنى كۆرمىگەن ، ئۇرۇش توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى پەقەت جەڭنامىلەردىلا ئاڭلىغان كۆپچىلىكنىڭ مۇشۇ قىززىقچىلىقتا بىر ئۇرۇشۇپ باققىسى بار ئىدى . شەھەر ئاقساقاللىرى سەل ئويلىنىپراق ئىش قىلماقچى بولۇپ ، ھەر قايسى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە شەھەرنىڭ بايلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى . سودىگەرلەر بۇ ئىشنىڭ پايدا زىيىنى ئۈستىدە ھېساب قىلىشىپ ، ئۇرۇش قىلىشتىن پۈتۈنلەي يالتىيىشتى .

— ئەگەر بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولسا،— دەپ مۇلاھىزە قىلاتتى بىر سودىگەر ،— شەھىرىمىزگە سودا ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن كېلىپ كېتىپ تۇرىدىغان كارۋانلارمۇ توختايدۇ . تىجارىتىمىز ئۆلىدۇ .

— ئۇ چاغدا سېنىڭ شەھەر سىرتىغا يېڭىدىن سالغان ئۆي ئىمارەت ، قىلغان باغلىرىڭمۇ ۋەيران بولىدۇ ،— دېدى بىرى .

— سېنىڭ ئۈچىنچى خوتۇنۇڭنىڭ ئۈستىگە ئالماقچى بولىۋاتقان تۆتىنچى خوتۇنۇڭنىڭ ئىشىمۇ سۇغا چىلىشىدۇ . ؟— دېدى يەنە بىرەيلەن .

— لەشكەر يېتىپ كەلسە ئالدى بىلەن سېنىڭ چىرايلىق خوتۇنلىرىڭغا ، ھېلىقى ماختاپ ھالىڭ قالمايدىغان داڭلىق ئاتلىرىڭغا كۆزى چۈشۈشى تۇرغانلا گەپ......... .

— ھەي مېنىڭ سارايدىكى ماللىرىم نىمە بولۇپ كېتەر ؟ — دەپ ھەسرەت چەكتى بىرى ئېغىر پۈشۈلداپ.

كىملەردۇر بىرى بارماقلىرى بىلەن بولىدىغان زىيانىنى ھېسابلاپ ئاخىرىغا چىقىرالماي ئاۋارىچىلىكتە ئىدى . يەنە بەزىلەر بولسا زادى قانداق قىلىش لازىملىقىغا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي ھاڭۋاقىنىچە چەكچىيىپ ئولتۇراتتى .

— ياخشىسى ئۇراش قىلمايلى — دېيىشتى سودىگەرلەر ئاخىرىدا ، يانتاق ئاقساقالمۇ ئويلىنىپ

، ــ نارسدىلەر ، مەزلۇملارغا ئۇۋال بولمىسۇن ، شەھىرىمىزدە قان تۆكۈلمىسۇن ،ــدېدى .

ــ ئولپان سېلىق دېگىنى زادى نىمىسى ؟ــ دەپ سورىدى بىرى چۈشەنمەي .

ــ ئولپــان سېلــىق دېگــىنى ئۇلارنــىڭ پادىشاھــىغا بــىز ھــەر يــىلى قــىلغان ئــىش ئوقىتىمــىزدىن پــۇل تاپشۇرغۇدەكمىز ،

ــ خۇداياتوۋا ، مۇنداقمۇ ئۇششۇقلۇق بولىدىكەن ھە .

ــ ئۇرۇش قىلمىز دېسەڭ زىيان تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ ــ دە،

ــ ئۇرۇش قــىلمايلى ، ــ دېيــشتى باشــقا مۆتــىۋەرلەرمۇ ،ــ ئۇلار شەھىرىمــىزنى ئۆزىنــىڭ شەھــىرىگە قوشۇپ تىزىملىۋالسا تىزىملىۋالامدۇ ، ئۇنىڭ كارى قانچىلىكتى.

ــ شــۇنداق بولــسۇن ،ــ دېيــشتى سودىــگەرلەرمۇ ، ــ ئازغــىنە ئولپــان سېلــىق بېرىــپ ، شاھنــىڭ ئەۋەتكــەن ھاكــىمى بــىلەن لەشكەرلىرىنــىڭ قورسىقــىنى باقــساق باقارمــىز . ئۇنىڭســىزمۇ شەھىرىمىزگە ھەر كۈنى كېلىپ كېتىپ تۇرىدىغان مۇساپىرلار ئازمىدى.....

شۇنــىڭ بــىلەن ، ‹ بــىغەملەر شەھــىرى› ئاسمىنــىدا پەيــدا بولغــان قــارا بۇلــۇت ھېچقانــداق بــوران چــاپقۇن چــىقارمايلا ئۆتــۈپ كەتكەنــدەك بولــدى . شــەھەر ئاقساقاللــىرى ھارغــان لەشــكەرلەرنى دوستانىلــىك بــىلەن شــەھەرگە باشــلاپ كــىردى . شــالاڭ ســاقال قاتارلــىق بــىر قانچــە لەشــكەر باشلىقلــىرى ئاقــساقال يانتاقنــىڭ ئۆيــىدە زىــياپەتتە ئولتــۇردى . قالغــان لەشــكەرلەر شەھەرنــىڭ ئادەتتــە بــازار بولــىدىغان چــوڭ مەيدانــىدا ئۆي ئۆيلەردــىن ئەكىلــىنگەن كىگــىز گىلەملەرنــىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تويۇپ تاماقلاندى .

شــالاڭ ســاقال يــول بــويى ئۆز لەشكەرلــىرىگە ‹ بــىغەملەر شەھــىرى› دىــكى چېچىلــىپ تۇرغــان بايلــىق ، ناخشــىچى قــىزلار ، ئۇســۇلچى نازىــنلار توغرىســىدا ســۆزلەپ ئۇلارنــى روھلانــدۇرۇپ كەلگەنــىدى. لەشــكەرلەر قورســىقى تويــۇپ ، هــاردۇقى چــىققاندىن كېيــىن ، بايلــىق ۋە هېلــىقى ۋەدە قــىلغان گۈزەللەرنــىڭ قارىســىمۇ كۆرۈنمەيۋاتقانلىقــىغا قــاراپ ئىچــى پۇشۇشــقا باشلــىدى . كــۈن ئولتــۇرۇپ ، بارغانسىرى قاراڭغۇ چۈشمەكتە ئىدى . ھەر بىر لەشكەرنىڭ كاللىسىدا :‹ ھەقاچان ،

لەشكەر باشلىقلىرى بىر يەردە چىرايلىق خېنىملار بىلەن پەيزى قىلىپ ، يانچۇقلىرىنى ئالتۇن

كۆمۈشلەر بىلەن پومپايتىۋاتىدۇ . ئەتىلا بىزنى بۇ يەردىن قۇرۇق قول قايتۇرۇپ ماڭىدۇ . ھەر كىم ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك .....، دىگەن خىياللار ئەگىپ يۈرەتتى . ئۇزاق مەزگىل خوتۇن يۈزى كۆرمىگەن بۇ لەشكەرلەرنى ئاياللار بىلەن يېقىنلىشىشقا بولغان تەقەززالىق ھەممىدىنمۇ بەكرەك بىئارام قىلماقتا ئىدى .

لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدىكى مەرتىۋىسى سەل چوڭراق ئىككىسى بىر بىرى بىلەن ئاستا پىچىرلىشىپ كۆز قىسىشتى ـ دە، ئەتىراپ قاراڭغۇ بولىشى بىلەن ، ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ، تار كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولۇشتى . بۇ ئىككى لەشكەرنىڭ ئۇرۇق كەلگەن بىرى پىشايۋانلىق بىر ھويلىغا تەۋەككۈل قىلىپ كىردى . پىشايۋان ئۈستىدىكى ياسىداق ئۆيلەرنىڭ بىرىدە چىراغ يورۇپ تۇراتتى . ئاياللار لەشكەر ئىززەت بىلەن تۆرگە ئۆتكۈزۈپ ئاستىغا كۆرپە سالدى . شاراپ چىلىم كەلتۈردى . ئۇرۇق لەشكەر شارابنى يېتەرلىك ئىچىپ چىلىم تارتتى . چىلىمنىڭ سەيخانىسىدىن كۆتۈرۈلگەن ياپيېشىل ئىس تاملاردىكى گىلەملەر ۋە ئۆينىڭ گۈللۈك تورۇسلىرىدا قۇيۇق بۇلۇت ھاسىل قىلىپ ئەگىيتى . لەشكەر خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى بىر بىردىن چىرايلىق بۇ خوتۇنلاردىن ئۈزەلمەيتى .

ئاياللارنىڭ بىرى ساز چالماقتا يەنە بىرى تولغۇنۇپ ئۇسۇل ئويناماقتا ئىدى . ئۈچىنچىسى چىلىم راسلاپ ، شاراپ قۇيۇپ ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى . لەشكەر ئورنىدىن تۇرۇپ ، خوتۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى شۇنچە خالايتى . نىمىشقىدۇر بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ ، يەرگە چاپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرالمايتى . لەشكەرنىڭ كۆز ئالدىغا يېشىل يۇپۇرماقلار ، كېچىنى بىزەپ تۇرغان يۇلتۇز ، بۇلۇتلار ئارىسىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاي . توپىلىق يوللارغا چۈشكەن دەرەخ كۆلەڭگىلىرى كېلەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يات شەھەرگە نىمىشقا ، نىمە مەقسەتتە كېلىپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى . بارا بارا كۆز ئالدىدىكى ھەممە نىمە خىرەلەشمەكتە ئىدى . ئاخىرىدا ئۇ بۇ دۇنيانى تاشلاپ ، قانداقتۇر بىر غايىۋى ئالەم ، خىيالى تۇيغۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدى ،ـ دە ، كۆزلىرى يۇمۇلدى . ئاياللار بۇ لەشكەرنى

زەھەرلەپ قويۇشقانىدى .

لەشكەرنىڭ ئىككىنچىسى سىمىزلىكتىن تىقىلىپ ، قورساقلىق كۆپكىلا ئوخشاپ قالغان ئادەم ئىدى . ئۇ ئۆزى ھاسىراپ ھۆمىدەپ ئۇسۇپ كىرگەن ئۆيدىمۇ ئۇرۇق بۇرادىرىنىڭكىدەك قىزغىن كۈتىۋېلىنغانىدى . بۇ ئۆيدە ئىككى ساھىبجامال چوكان بولۇپ ، ئۇلار سودا ئىشى بىلەن يىراققا كېتىپ قالغان سودىگەرنىڭ خوتۇنلىرى ئىدى . ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان خوتۇنلار لەشكەرلەرنى ئوبدان مىھمان قىلدى . مەست بولۇپ كۆزلىرى خۇمارلاشقان لەشكەر خوتۇنلارغا بىللە كۆڭۈل ئېچىش تەلىپىنى ئوتتۇرغا قويدى .

– ئىختىيارىڭ – دېدى خېنىملار .– سەن مېھمان ، ساھىبخانىنىڭ ۋەزىپىسى مېھمانىنى خوشال قىلىپ كۆڭلىنى ئېلىش . ئەمما بىر شەرتىمىز بار . ئاۋال بىز بىلەن چېلىشقا چۈشىسەن . قايسىمىزنى يىقىتىۋالساڭ ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭنى خوش قىلساڭ بولىدۇ .

لەشكەرنىڭ سېمىز بەدىنى چېلىشىشقا ئانچە قولىشىپ كەتمەيتتى . لېكىن ئۇ : « ئاياللار بىلەن چېلىشقا چۈشۈش قانچىلىك ئىش ئىدى» دەپ ئويلىدى – دە :

– چېلىشسام چېلىشاي ،– دەپ ئورنىدىن دەلدەڭشىپ تۇردى . قېلىچ ، كەمەرلىرىنى يېشىپ قويۇپ ئۆينىڭ ئوتتۇرسىغا كەلدى .

ئۇنىڭ بىلەن چېلىشقا چۈشمەكچى بولغان خېنىممۇ يېشىنىپ يېرىم يالاڭاچ ھالەتكە كەلدى . ئۇلار بەل ئېلىشىپ بىر بىرنى ئالدى كەينىگە ئىتتىرەتتى . ئايال سېمىز لەشكەرنىڭ بېلىگە قولىنى يەتكۈزەلمەي گاھ ئۇنىڭ بوينى . گاھ مۆرىسىدىن تۇتۇپ تارتاتتى . چوكاننىڭ يۇمشاق كۆكرەكلىرى لەشكەرگە ئۇرۇلۇپ ، ئاپئاق يوتىلىرى ئۇنىڭغا چىرمىشىپ قالاتتى . لەشكەر ئايالنى بېلىدىن ئوبدان قامالاپ تۇتىۋالغان بولسىمۇ ، ھەر قانچە قىلىپ ئۇنى يەردىن كۆتۈرىۋالالمىدى .

– سەن پۇتۇڭغا تاش ئېسىۋالدىڭمۇ قانداق ياكى بىرەر ئەپسۇن ئوقۇۋاتامسەن ؟ – دەيتى لەشكەر ھاسىراپ .

ئاياللار قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۇنى مەسخىرە قىلىشاتتى .ئاخىر لەشكەر ئايالنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى

تاشلاپ ، ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنى بېسىۋالدى . شۇ چاغدا ئىككىنچى ئايال لەشكەرنىڭ تاشلىنىپ تۇرغان قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرىۋالدى ـدە، بىر ئۇرۇش بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ چۇشۇردى....

هېلىقى ئىككى لەشكەرنىڭ بىر كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگىنىنى كۆرگەن باشقا لەشكەرلەرنىڭ تاقىتى تاق بولۇشقا باشلىدى . ئاخىرى ئۇلار بىر بىرلەپ شەھەر كوچىلىرىغا كىرىپ تارقىلىپ كېتىشتى . قىلىچلىرىنى يالاڭئاچلاپ ، ئالدىغا ئۇچىرىغان ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىپ ، بۇلاڭچىلىقنى باشلىۋەتتى . شەهەرنىڭ ئىتلىرى بەس بەستە قاۋاپ شەهەرنى چوقانغا تولدۇردى . هويلا هويلا ، كوچىلاردىن خوتۇنلارنىڭ ئەنسىز قىيقاسلىرى كۆتۈرۈلدى . شەهەرنىڭ ئەركەكلىرى ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نىمە بولاركىن ، دەپ لەشكەرلەرنى كۈزۈتۈپ تۇرغاندى . بىرىنچى ئۆيگە كىرگەن لەشكەرنىڭ بېشىنى تۆمۈرچى بازغىنى بىلەن يانچىپ .

ئۇنىڭ كۆزىنى گۆرجەكنىڭ يۈزىدەك ياپلاق قىلىپ قويدى . ئىككىنچى ئۆيگە كىرگىنى پاختىچىنىڭ پاختا ئاتىدىغان توخمىقىنى يەپ يىقىلدى . شۇنىڭ بىلەن شەهەر ئىچىدە چاپ چاپ ، ئۇر ئۇر باشلىنىپ كەتتى . ئەتراپقا تارقىلىپ كەتكەن قوشۇن ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاللىقاچان يوقاتقاندى . ئۇلار هەر بىر دوقمۇش ، هەر بىر كوچىدا ۋايداد سېلىپ يىقىلىشقا باشلىدى . قايسى بىر ئۆيلەردىن ئايالالار ئىشتىنىنىڭ بېغىنى ئېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن لەشكەرلەرنى قوغلاپ چىقماقتا ئىدى . ئۇلار ئەسلى ئايالالارنىڭ ئاۋازى چىققان ئۆيگە ئالدىراپ كەتكەنلىكتىن ئىشتىنىنىڭ بېغىنى بوشىتىۋېتىپلا كىرىپ كېلىشكەندى........

لەشكەرلەرنىڭ هالاكىتى توغرىسىدىكى خەۋەر يانتاق ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن ، لەشكەر باشلىقلىرىنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى . ئۇلار ئالدىرىغىنىچە قالغان لەشكەرلەرنى يىغىپ ، يانتاق ئاقساقالنى ئۈچ ئوغلى بىلەن باغلاپ گۆرۈگە ئېلىپ قاچتى .

## ئونىنچى باب

ئاز كۈن ئۆتمەيلا شەھەرنىڭ كۈندىلىك ھاياتى ئەسلىگە كەلدى ، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ھەقىقەتەنمۇ شۇنچىلىك بىغەم ئىدىكى ، ئۇلار ئۆز ئىش ئوقەتلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ تېخى يېقىندىلا بۇ يەردە بولغان مالىمانچىلىقنى ، يوقىلىپ كەتكەن يانتاق ئاقساقالنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشتى . شەھەر مەيدانلىرى ئىلگىركىدەكلا سودا سېتىق بىلەن قىززىپ تۇراتتى . ھەر كۈنى يەنە بەزمىچىلەرنىڭ نەغملىرى ئۈزۈلمەي داۋام قىلاتتى . نەغمە ناۋالار ئىچىدە ئۇسۇلچىلار ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە تاشلىشاتتى . ھاپىزلار ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا تۈگىمەس ناخشىلىرىنى تىوۋلايتى . كىشىنى مەست قىلىدىغان بۇ شاۋقۇن ئىچىدە دۈشمەن نېمە ، جەڭ نېمە ، ھايات نېمە ، مامات نېمە ؟.......ھەممىسى ئۇنتۇلاتتى .

› بىغەملەر شەھىرى› دىن قېچىپ چىققان لەشكەرلەر يانتاق ئاقساقالنى ئۇچ ئوغلى بىلەن قوشۇپ ، ‹ قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ›نىڭ پايتەختىگە يالاپ كېلىشتى .

شالاڭ ساقال لەشكەر بېشى يېتىپ كەلگەن كۈنىلا ئۆزىنى ئازىراق تۈزەشتۈرۈپ ئوردىغا باردى ۋە دەرھاللا شاھنىڭ قۇبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى . لەشكەر بېشى ‹بىغەملەر شەھىرى› دە بولغان ئىشلارنى شاھقا قايسى تەرىقىدە بايان قىلدى ، شاھ ئۇنىڭغا نىمە دېدى ، بۇ تەرىپى كىشىلەرگە قاراڭغۇ ، ئەمما ئوردىدا : خان لەشكەرلىرىنىڭ نۇرغۇن قۇربانلىقلارنى بېرىپ يىراقتىكى ‹ بىغەملەر شەھىرى› دەيدىغان ئاجايىپ بىر شەھەرنى قولغا كىرگۈزگەنلىكى ، شەھەر ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ زىمىنى بىلەن پادىشاھلىقنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەنلىكى ، غەلبە نىشانى ئۈچۈن يېڭىلگەن شەھەرنىڭ چوڭ ئاقساقىلى پايتەختكە يالاپ كېلىنگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تارقالدى .

ئىككىنچى يىلى ‹ بىغەملەر شەھىرى› گە چىرايىدىن مۇغەمبەر كۆلكىسى كەتمەيدىغان ، ياۋاش يۇمشاق ھاكىمدىن بىرنى ئەۋەتتى . يېڭى ھاكىم بىر مۇنچە ياساۋۇل ۋە قوغدىغۇچىلىرىنى ئېلىپ ، ھېچقانداق داغدۇغىسىزلا شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ، شەھەر

چېتىدىكى بىر سارايغا ئورۇنلاشتى . يەنە بىر ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ شەھەرنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى يىغىپ ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىدىن بەرگەن يارلىقىنى كۆرسەتتى . بۇ يارلىققا يانتاق ئاقساقالنىڭ بىر پارچە خېتىمۇ قوشۇمچە قىلىنغانىدى ، ئاقساقال ئۆزىنىڭ بۇ شەخسىي مەكتۇپىدا پايتەختتە « قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ» نىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇپ ناھايىتى ئوبدان تۇرىۋاتقانلىقىنى ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ، شەھەرنى باشقۇرۇشقا يېڭى ھاكىم تەيىنلىگەنلىكى ۋە پۇقرالارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ياساۋۇللار ئەۋەتىلگەنلىكى ، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ يېڭى ھاكىمغا بويسۇنۇپ ، ئۇلارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن تەلەپ قىلىنغان ئولپان سېلىقلارنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇشى لازىملىقى ھەققىدە يازغان ۋە خەتنىڭ ئاخىرسىغا ئۆزىنىڭ شەھەر مۆتىۋەرلىرىگە تونۇش مۆھۈرىنى باسقانىدى . بۇ خەتكە يانتاق ئاقساقالنىڭ مۆھىرى قانداق مەجبۇرلاشلار ئاستىدا بېسىلغانلىقى نامەلۇم ئىدى . شەھەر مۆتىۋەرلىرىنىڭ كۆڭلىدىن بىر گۇمان كەچكەن بولسىمۇ يانتاق ئاقساقالنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ، يېڭى ھاكىم ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ۋاقىتلىق تۇرغان ئورنىدىن يۆتكەپ ، شەھەر ئىچىدىكى بىر كاتتا قوروغا ئورۇنلاشتۇردى .

شەھەر پۇقرالىرى يېڭى ھاكىم ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگىمۇ خۇددى بۇ شەھەرگە ھەر كۈنى كىلىپ كېتىپ تۇرىدىغان ئۆتكۈنچىلەر ، ياقا يۇرتلاردىن كېلىپ پاناھلىنىۋاتقان مۇساپىرلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى . قىلىدىغان ئىشى بولمىغانلىقتىن لەشكەرلەر ھەر كۈنى بىكارچىلىقتىن بازار ئارلاپ ، قىزىقچىلىق كۆرۈپ يۈرۈشەتتى . چۈنكى بۇ يەردە خەلقنى تەرتىپكە چاقىرىشنىڭمۇ ، ئۇلارنى بىرەر ئىشقا تەشكىللەشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى . ئۇلار شۇنداق
لەشكەرسىز ، بەگلەرسىز ياشاپ ئۆگىنىپ كەتكەنىدى . ھەر كىم ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلىۋېرەتتى . بەزىلەر كوچىلاردا ئاندا ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان لەشكەرلەرنى شەرەتلەپ بىر بىرىدىن سورىشاتتى:.

ــ مۇنۇ بىكارلا لاغايلاپ يۈرگەنلەر كىملەر ئۆزى ؟

ـ كىم دەيدۇ ئەيتاۋۇر ، چوڭ بىر پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرىمىش ،

ـ ئۇلار بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىدۇ ؟

ـ ئەپلەپ سەپلەپ كۇنىنى ئۆتكۈزۈپ ، قورساق باقىدۇ شۇ ..تىلەمچىلەر بىلەن ئوخشاش .

ـ توۋا مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق قېلىچ ئاسقان تىلەمچىلەرنى كۆرمىگەن ئىكەنمەن .

ھەر ھالدا بۇ لەشكەرنىڭ ئۆتكەن يىلى بۇ يەرگە كېلىپ شەھەرنى بۇلاڭ تالاڭ قىلماقچى بولۇشقان قارا نىيەتلەر بىلەن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغاندى . ئۇلار بۇ لەشكەرلەرگە يەنە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن چاقچاق قىلاتتى .

ـ ھەي بۇرادەر،ـ دەيتى تۆمۈرچى ئالدىغا ئۇچرىغان لەشكەرنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ ،ـ سىلەرنىڭ ھېلىقى چاغدا كەلگەن لەشكەرلىرىڭلارنى قانداق باپلىغىنىمىزنى سەن بىلمەيسەن ھەقاچان ؟ ھاي ھاي ، ئۇ چاغدا ئاجايىپ قىززىقچىلىقلار بولغاندى .

ـ ئۇ رەسۋاچىلىقنى سەن ئاڭلىغان بولساڭ بۇ يەرگە ئاياغ باسماس ئىدىڭ ،ـ دەيتى ماي كۇپىلىرىنىڭ يېنىدا تۇرغان جوۋازچى ،ـ لەشكەر باشلىقلىرىڭ ئىشتىنىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغا قارىماي قاچقان.....

ـ ھاي مۇساپىر ،ـ دەپ چاقىراتتى يەنە بىرەيلەن ،ـسېنىڭ شاھىڭغا نىمە يېتىشمەي سەن بايقۇشلارنى شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە ئەۋەتىدۇ ؟ ھە قاچان ، ئۆز يۇرتۇڭدا بالا چاقا، ئۆي ماكانىڭ باردۇر ھە ؟

يېڭى ھاكىمنى شەھەر بايلىرى ھۆرمەت يۈزىسىدىن پات پات مېھمانغا چاقىرىپ ، ئۇنىڭغا سوۋغىلارنى بېرىپ تۇراتتى . بۇ يېڭى ھاكىم چىرايىدىن كۇلكە كەتمەيدىغان ، جاھاننىڭ رەپدارىغا بېقىپ ئىش كۆرۈشنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى ، ئۇ « بىغەملەر شەھىرى» نىڭ ئۆز شاھى ھۆكۈمرانلىقىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۇچۇن ، بۇ يەردە بىر ئەمەلدار سۈپىتىدە تۇرۇپ بەرسىلا بولىدىغانلىقىنى چۇشىنەتتى . شۇڭلاشقا ئۇ باشقىلارغىمۇ ئوشۇقچە كاشلا قىلماي ،

ئۆزىگە پۇختا بولۇپ ، يانچۇقىنى دۇنياغا تولدۇرۇپ جېنىنى بېقىش يولىنى تاللىغاندى . ئۇ پات پات ئۆز ئىشلىرىدىن پادىشاھقا مەلۇماتنامە يوللاپ تۇراتتى . « مەن بۇ شەھەرنى

مەسچىت ، خانىقالار بىلەن تولدۇرۇپ ، شەھەرنىڭ ئەرزىمەس پۇقرالىرىنى ئۇلۇغ ۋە شەۋكەتلىك شاھىمىز بىلەن ئاللادىن باشقا ھېچكىمنى ياد ئەتمەيدىغان قىلدىم ،ـ دەپ يازاتتى ھاكىم پادىشاھقا يوللاپ تۇرىدىغان نۆۋەتتىكى مەكتۇپلىرىنىڭ بىرىدە ،ـ ئىماملار ھەر كۈنى نامازلىرىدا ئۆزلىرىگە يۇمشاق پوشكال يېيىش پۇرستى يارىتىپ بەرگەن < قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ> ىمىزنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختايدىغان بولدى ، ھازىر بۇيەردىكى خانىقا مازارلاردا زىكرى سۆھبەت ، تەنقىدلەر شۇنچىلىك قىززىپ كېتىۋاتىدۇكى ، ھەر جۈمە كۈنى قانچە ئاشىقلار ئېسىدىن كېتىپ ، ئۇدۇل جەھەننەمگىلا سەپەر قىلىدۇ ، مەسچىتلەردە جامائەت قۇرئاندىكى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە بەس مۇنازىرە قىلىشىپ بىر بىرىنىڭ ياقىسىنى سىقىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ پادىشاھلارنىڭ ئىشلىرىدىن قۇسۇر تېپىشقا ۋاقتىمۇ يوق . كۆڭلى شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن تامامەن يىراق..... ›

بۇ ھاكىم بىغەملەر شەھىرىدىن كېتىدىغان چاغدا ئون نەتچە ھارۋىنى ئالتۇن كۆمۈش ، قىممەت باھالىق سوۋغىلار بىلەن تولدۇرۇپ ئىززىتى بىلەن كېتىۋالدى ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئىككىنچى ھاكىم باشقىچىراق چىقىپ قالدى . ئۇ ‹ بىغەملەر شەھىرى› دە ھۆكۈم سۈرىۋاتقان قائىدە نىزام ، باشباشتاقلىقلارغا زادى چىداپ تۇرالمىدى . ‹ بۇ سودىسى ئېقىپ تۇرغان شۇنچىۋالا چوڭ شەھەر بولسۇنۇ ،پادىشاھلىققا ئولپان سېلىق تاپشۇرمىسۇن ، ئادەملىرى پادىشاھنى تونىمىسۇن ، بۇ قانداق غەلىتە ئىش ھە .....؟› دەپ ئازابلىناتتى .

ھاكىم شەھەر مۆتىۋەرلىرىنى ئالدىغا چاقىرتتى .

ـ بۇ شەھەر پادىشاھلىققا ۋاقتى قەرەلىدە ئولپان سېلىق تاپشۇرۇپ تۇرىشى كېرەك ،ـ دېدى ھاكىم،ـ يەنى مەسىلەن ، ھەر بىر دېھقان ئالغان مول ھوسۇلىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ، كاسىپلار ئۆز كىرىمىنىڭ نەق يېرىمىنى.......

ـ نىمە دېدىڭ ؟ ـ دېدى بىرەيلەن ، ـ كاسىپلار كىرگەن كىرىمىنىڭ يېرىمىنى ساڭا بەرسە ئۆزى نىمە يەيدۇ ؟

ـ ئۆزى قالغان يېرىمىنى يەيدۇ ، باشقا شەھەرلەردە تېخى بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك تاپشۇرىدۇ .

.....سودىگەرلەر ھەركۈنلۈك سودىسىنىڭ يەتتىدىن تۆت قىسمىنى ،ـ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ھاكىم ، گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئولتۇرغان مۆتىۋەرلەرنىڭ ھەممىسى كوتۇلدىشىپ كەتتى . چۈنكى ئۇلار سودا تىجارىتى بىلەن ھەپىلىشىدىغانلار ئىدى .

ــ بۇ گەپچە سودىگەرلەر قىلغان كىرىمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تاپشۇرىشى كېرەكمۇ ؟

ــ يەنە ئۇسۇلچى خېنىملار ، سازەندىلەر ، قىمارۋاز ، ئوغرى دىگەنلەرمۇ بار ، ئۇلار تاپقىنىنىڭ ھەممىسنى بەرسە بولدۇ...........

ــ ئىمام مەزىن ، تۇل خوتۇن يىتىم ئوغۇل ، دىۋانىلەر قالدىغۇ ؟ ـ دېدى بىرەيلەن مەسخىرە ئارلاش كۈلۈپ.

ــ بىكارچىلارچۇ ؟ ـ دېدى يەنە بىرى.

ــ شۇنداق ، پادىشاھلىق خەزىنىسىگە سېلىق تاپشۇرمايدىغان بىرمۇ ئادەم قالماسلىقى كېرەك ، ـ دېدى ھاكىم ،ـ سىلەرنىڭ بۇ ئولپان سېلىقىڭلارنى بىزگە يىغىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار .

شەھەر مۆتىۋەرلىرى ھەيران بولۇپ بىر بىرىگە قاراشتى . ئۇلار ھازىرغىچە ھېچكىمدىن بۇنداق بۇيرۇق تەلەپپۇزىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى .

ــ ھۆرمەتلىك ھاكىم ،ـ دېدى مۆتىۋەرلەر،ـ بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆز تىرىكچىلىكىمىز ، ئىش ئوقتىمىز بار ، ئولپان سېلىق لازىم بولسا ئۆزۈڭ چىقىپ يىغىۋال .

شۇنداق دېدى دە، مۆتىۋەرلەر دۈررىدە ئورنىدىن تۇرۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى . ھاكىم تېرىككىنىدىن ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ ، ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىرىغىنىچە قالدى . ئاخىر ئۇ سېلىق يىغىشقا لەشكەرلەرنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى . سېلىق يىغقىلى چىققان لەشكەرلەرنى بازاردا كىشىلەر ھەرخىل گەپلەر بىلەن ھەزىل قىلاتتى .

ــ ئولپان سېلىق دېگىنىڭ نىمە ئۇ ؟ـ دەپ سورايتى بىرى.

ــ خوش سەن بۇ نەرسىلەرنى كىم ئۈچۈن يىغماقچى ؟ـ دەپ سورايتى ئىككىنجىسى.

ــ پادىشاھ ئۈچۈن دەيتى لەشكەر .

ـ ئەجەپ هە.ـ دەيتى ئۇلار،ـ ئۇ پادىشاھ بولسۇنۇ، يەنە بىزدەك ئاددىي سېتىقچىلاردىن بىر نەرسە يىغسۇن؟ شۇنىڭغا قارىغاندا پادىشاھنىڭ ناھايىتى نامرات ئادەم ئوخشىمامدۇ ؟

ـ بالا چاقىسى كۆپمۇ يا؟

ـ ھەر قاچان ئۆزى بىرەر ئىش تېپىپ قىلالمايدىغان يالقاۋ دېگىنە ؟

ـ چىكەمدۇ يە؟

ـ ئەمىسە ئۇچىغا چىققان بىر قىمارۋاز ئوخشايدۇ ، ئۇنداق ئادەمگە پۇل يىغمەن دەپ ئاۋارە بولما ، يىغىپ ئاپارغىنىڭنى بىر كېچىدىلا ئۇتتۇرۇپ تۈگىتىدۇ دە، ئەتىسى يەنە سىلەرنى كوچىغا چىقىرىپ قويىدۇ..........

ـ بار پادىشاھىڭغا بېرىپ ئېيت ،ـ دەيتى بەزىلەر ،ـ ئۇنىڭغا بىر نەرسە كېرەك بولسا ئۆزى كەلسۇن .

لەشكەرلەر ‹ قۇياشتىن ئۇلۇغ شاھ› نىڭ شەنىگە تىگىۋاتقان مۇنداق ھاقارەتلىك گەپلەرنى ئاڭلاپ قورققىنىدىن تىترىشىپ كېتەتتى .

ـ پادىشاھىمىز سانسىز سارايلىرى ، شۇ سارايلىرىدا تۇرىدىغان يۈزلەپ ساھىبجامال خوتۇنلىرى بار، شۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېقىش ئۈچۈن پۇل لازىمدە،ـ دەپ چۈشەندۈردى بىر كۆنى لەشكەر ، بۇ گەپ بازاردىكىلەرنىڭ تېخىمۇ كۈلكىسىنى قوزغىدى .

ـ پادىشاھنىڭ كېچىسى شۇ سارايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆزى قونۇپ چىقامدۇ ياكى ئەل ئاغىنىلىرى ھە ھۇ دېيىشەمدۇ ؟ ـ دېدى ئۈچۈنچىسى.

بازاردا قاتتىق كۈلكە چوقان كۆتۈرۈلدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇ يەردە تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ كۈلۈپ كېتىشتى . لەشكەرلەرنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپ سودىگەرلەرنىڭ كۆڭلى سەل ئېرىپ قالدى دە ، ؛

ـ ئال قېنى دۈكىنىمىزغا كىرىپ ماللىرىمىزدىن خالىغىنىڭنى ئال ، پادىشاھىڭغىمۇ ، ئۆزۈڭگىمۇ ئال . پادىشاھىڭغا ئېيتىپ قوي ، ئەلۋەتتە بىزنىڭ بالا چاقىلىرىمىزنىڭ بۇ دۇنيالىقى ، ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويسۇن .......ھەيران بولۇپ

قارايسەنغۇ ؟ بىزنىڭ بۇ يەردە بىكارغا بىز نىمە ئالغان ئادەم مال ئىگىسى ئۇچۇن جەزمەن دۇئا قىلىشى كېرەك ،ــ دېيىشتى .

هاكىم لەشكەرلەر يىغىپ كەلگەن دۇنيانىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا پادىشاھقا ماڭغۇزۇپ ، قالغىنىنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ھېسابىغا يازاتتى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىچى ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ ئازابلىناتتى . چۇنكى ئۇنى بۇيەردە ھېچكىممۇ كۆزگە ئىلىپ قويمايتى . كىشلەرنىڭ نەزىردە ئۇ كوچىغا چىقىپ سەدىقە يىغقۇچىلارنىڭ باشلىقىلا ئىدى ، خالاس .

» ئېيىھ ھۆرمەتلىك شاھ ،ــ دەپ يازاتتى ئۇ پادىشاھقا يېزىپ تۇرىدىغان مەكتۇپلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ،ــ ئۆمرۈمدە مەن بۇنداق ساراڭلار بىلەن تولغان شەھەرنى كۆرگەن ئەمەسمەن . بۇ يەرنىڭ پۇقرالىرى خۇددى ياۋايى ھايۋاننىڭ ئۆزى . بۇ شەھەردىكى توقچىلىق ، باياشاتچىلىق ئادەملەرنى شۇنچىلىك ئەركە قىلىۋەتكەنكى ، ئۇلار ئەدەپ قائىدە دېگەننى بىلمەيدۇ : نە پادىشاھ ، نە ھاكىمنى تونىمايدۇ ، ساراڭلارئىچدە يۈرۈپ ئۆزۈممۇ ساراڭ بولاي دەپ قالدىم ، خۇددى

ھەممىسىنىڭ ئىچىگە شەيتان كىرىۋېلىپ غىدىقلاۋاتقاندەك ئۇچىراتقاننى مەسخىرە قىلىپ كۈلگىنى كۈلگەن . مەن ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى ئولپان سېلىقلارنى ھەسسىلەپ ئاشۇردۇم . يۈزلەپ جاسوسلارنى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قويىۋەتتىم «.

» بىغەملەر شەھىرى« نىڭ يەنە بىر تەرىپىدە كەڭرى كەتكەن ئوچۇقچىلىق بار ئىدى . ئۇ ئوچۇقچىلىقنىڭ چېتىنى قىزغاقلىرىغىچە تولۇپ سۇ ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتەتتى . لايىقىپ ئاقىدىغان سۇ ياغاچ كۆۋرۈكلەر ئاستىدىن ئۆتكەندە قىسىلىپ ، بۇژغۇنلار چاچىرتىپ كۆچلۈك گۈرۈلدەيتى . ئۆستەڭ ياقىسىدىكى قايسى بىر زامانلاردا كىملەر تەرىپىدىندۇر تىكىپ قويۇلغان قەدىمى سۆگەتلەر ، مەجنۇنتاللار ئۆز ئەترايىغا قۇيۇق سايە تاشلايتى . كۈن

نامازدىگەردىن ئۆتكەندە بازارنىڭ ۋاڭ چۇڭلىرىدىن ، ئىسسىقتىن قاچقان ئادەملەر ھارغىنلىق بىلەن قەدەم ئېلىپ بۇ يەرگە قاراپ ئاقاتتى ــ دە، ئۆستەڭ بويىدىكى يۇمشاق قومغا كېلىپ ئۆزىنى تاشلايتى . خۇرجۇنلىرىنى بېشىغا قويۇپ ، كۆزىنى يۇمۇپ هاردۇقىنى چىقىراتتى .

سۆگەتلەرنىڭ سالقىن سايىسى ، ئۆستەڭ سۈيىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن شامال ئۇلارغا ئارام بەخش ئېتەتتى . بۇ يەرنىڭ قۇملىرى شۇنچىلىك يۇمشاق ۋە تازا ئىدىكى ، ھېچكىمنىڭ كىيىم كېچەكىدە داغ قالدۇرمايتى . ئۆستەڭگە قارىتىپ سېلىنغان ئاشخانىلارنىڭ ئوچاقلىرىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيەتتى . ئۇ يەردىن ئىسسىق نان ، قىزىرىپ پىشقان سامسا ، پەرمۇدە ، گۆشگىردىلەرنىڭ دورا دەرمانغا تويۇنغان ئۆتكۈر پۇرىقى كېلەتتى . دۇكانلار ئالدىغا سېلىنغان چىرايلىق قەپەسلەردە چىرايلىق قۇشلار سايرىشاتتى . كاۋاپ ۋە ھەرخىل قورۇمىلارنىڭ مەزىلىك پۇرىقى ئۆستەڭ بويىنىڭ سالقىن ھاۋاسىغا سىڭىشىپ كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايتى . تام تورۇسلىرىنى قاپقارا قۇرۇم باغلاپ كەتكەن ئاشخانىلاردا قىسىلىپ ، تەرلەپ ئولتۇرۇپ تاماقلانغان خېرىدارلار يەنە ئۆستەڭنىڭ بويىغا قايتىپ چىقىپ ، مۇزدەك سۇدا يۈزلىرىنى يۇيۇپ، پەشلىرىگە ئېيتاتتى . بەزى چاغلاردا قايسىبىر يوغان سۆگەتنىڭ سايىسىگە نۇرغۇن ئادەملەر توپلىشىپ قالغان بولاتتى . ئۆتكۈر تەر پۇراقلىرى چىقىپ تۇرغان

نۇرغۇن كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتكەن كىشى ئۇ يەردە نەغمىچىلەرنىڭ نەغمە قىلىشىۋاتقانلىقىنى ياكى بولمىسا ، قانداقتۇر بىر ھېنىدى سېھىرگەرى ياكى شەرىق سېرىكچىلىرىنىڭ ئويۇن كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى . سېرىكچىلەر ئىنچىكە تانىلار ئۆستىدە ئالدى ئارقىسىغا ماڭاتتى . تىك خادىلارغا مايمۇندەك چاقىقانلىق بىلەن يامىشىپ چىقىپ ، ھاۋادا موللاق ئېتىشاتتى . سېھىرگەرلەر ئاغىزىدىن بىردە سۇ ، بىردە ئوت چىقىرىپ پۈركىشەتتى . ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ پارچىلاپ قاپقا سېلىپ ، يەنە بىردەمدىلا تىرىلدۈرۈپ چىقىرىپ ، قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەتتى .ئادەملەرنى ھەممىدىن بەك جەلىپ قىلىدىغنى مەدداھلار سورىنى ئىدى . شۇ زامانلاردا نۇرغۇن ئۆلىمالار چىقىپ ، ئىلىم پەن ھەققىدە ئاجايىپ كىتاپلارنى يازغان بولسىمۇ ،ئۇنى ئوقۇپ چۈشىنىدىغان ئادەملەر ئاز بولغاچقا ، يەنىلا بۇ دۇنيانى ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلار بىلەن رەڭ بېرىپ كۆرسىتىدىغان غەلىتە رىۋايەتلەر ، ئاجايىپ غارايىپ ۋەقەلەر

ھەققىدىكى توقۇلمىلارنىڭ بازىرى ئەڭ ئىتتىك ئىدى . قانداقتۇر يەجۇج مەجۇج ، يەتتە

باشلىق يالماۋۇز ، قىرىق خىلغا ئۆزگىرەلەيدىغان جادۇگەرلەر ، سىرلىق كۆھقاپ ، جىن شاياتۇنلار توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى بىلەن مەدداھلار كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئوغۇرلاپ تالڭ قالدۇراتتى .

بۇگۇنمۇ مەيدان ئادەملەر بىلەن تولغانىدى . ئېشىكىنى يېتىلىۋالغان جاھانكەزدى سۇپۇرگە سېھرىگەرلەر ، ئەلنەغمىچىلەر قاتارىدىن ئۆتۈپ بىر مەدداھ ئەتىراپىغا ئولاشقان توپنىڭ يېنىغا كەلگەندە توختاپقالدى . مەدداھنىڭ سۆزلەۋاتقان ھېكايىسى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى . ئۇ ئاستا ئاستا مەدداھ يېنىغا يېقىنلاشتى .

› شۇنداق قىلىپ ، ھېلىقى پادىشاھ ئۆزىنىڭ قاچۇرۇپ قويغان قارچىغىسىنى قوغلا ـ قوغلا ، ئۆزى بىلەن بىللە ئوۋغا چىققان ھەمراھلىرىدىن يىراقلاپ كېتىپ قاپتۇ ــ دەپ ھېكايىسىنى داۋام قىلماقتا ئىدى مەدداھ ، ــ ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قارچىغا بىر چاغدا ئاستا ئاستا تۆۋەنلەپ ، بىر باغنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز ئۆسكەن ئامۇتنىڭ شېخىغا كېلىپ قونۇپتۇ . پادىشاھ ئۆمرىدە مۇنداق ھەشەمەتلىك چوڭ باغنى كۆرمىگەنىكەن ، < ئەتىراپ كەتكەن قۇملۇق ، كۆز يەتمەس دەشتى چۆل ، بۇ باغ بۇ يەرگە قانداق بىنا بولۇپ قالدى ؟نىمىشقا مەن شۇ كۈنگىچە بۇ باغنى كۆرمىدىم ؟> دەپ ئويلاپ ھەيران بوپتۇ شاھ. بۇ باغنىڭ ھەتتا قورۇق تاملىرىمۇ يوق ئىكەن . شاھ باغنى ئايلىنىپ ، باغنىڭ ئوتتۇرسىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ ۋە :

ـ ھاي بۇ باغنىڭ ئىگىسى كىم ؟ــ دەپ ۋارقىراپتۇ . شاھنىڭ ئالدىغا بىر ساھىبجامال قىز چىقىپتۇ.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، خۇدا يەتكۈزگەن مېھمان ، نىمە ھاجىتىڭىز باركىن ؟ــ دەپ سوراپتۇ قىز .

شاھ ئۆزىنىڭ ئوردىسىدا ئونلاپ خوتۇن ، يۈزلەپ كېنىزەكلەرنى تۇتۇۋاتقان بولسىمۇ ، ئۆمرىدە بۇ قىزدەك گۈزەلنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن . ئۇنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

ـ مەن چۆلگە ئوۋغا چىققان بىر ئوۋچى ئىدىم ، قارچىغىنى قاچۇرۇپ قويدۇم ، ئۇنى قوغلىشىپ

مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىم: قارچىغا ئەنە ئاۋۇ ئامۇت شېخىغا قونۇپ تۇرۇپتۇ . رۇخسەت قىلسىڭىز ، كىرىپ قارچىغامنى تۇتۇۋالسام ،ـدەپتۇ شاھ.

ــ ئاتامدىن سوراپ باقاي ،ــ دەپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ قىز .

قىزنىڭ ئاتىسى كەلگەن مېھماننى ئۆينىڭ پەرىجىسىدىن كۆرۈپ تۇرغانىكەن . ئاپئاق ساقاللىق بۇ باغۋەن مېھماننىڭ كىيىم كېچەك ، مىنگەن ئېتىدىنلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملەپتۇ ـدە، مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىپ سالاملىشىپتۇ.

قېنى قىزىم مېھماننى باغقا باشلا، قارچىغىسىنى تۇتىۋالسۇن ،ـدەپتۇ باغۋەن .

شاھ ئىگىز ئامۇتقا مىڭ بىر ھەلەكچىلىكتە يامىشىپ چىقىپ قارچىغىسىنى تۇتۇپ چۈشۈپتۇ . مېھماننىڭ تەرگە چۆمۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن باغۋەن:

ــ قىزىم مېھمان چارچاپ كەتتى ، ئانار شەربىتى بېرىڭ ،ـدەپتۇ .

قىز باغقا كىرىپ بىر تال ئانار ئۈزۈپ چىقىپ سىققانىكەن ، لىق بىر ئاپقۇر شەربەت چىقىپتۇ . شاھ شەربەتنى ئىچىپ تولىمۇ ھوزۇرلىنىپتۇ ۋە:< ئەجەپ شاھ تۇرۇپ مىنىڭ ئېلكىمدە مۇنداق چوڭ باغ يوق ، باغلىرىمدىكى ئانارمۇ مۇنداق شەربەتلىك ئەمەس .> دىگەن ئويغا چۈشۈپ قاپتۇ .

شاھ ئوردىسىغا قايتىپ كېلىپمۇ بۇ ئىشنى ئويلاپ ھەسرەتتە ئۆرتىنىپتۇ . ئاخىر ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ باغقا كېلىپ ، ھېلىقى مويسىپىتنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ . باغۋەن بوۋاي چىقىپ قارىسا ، ئۆتكەن قېتىم باغقا كىرىپ ئانار شەربىتى ئىچىپ كەتكەن ئوۋچى پادىشاھلىق تاجىنى كىيىپ ئات ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك ، ئەلپازىمۇ ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق تۇرغۇدەك.

ــ خوش شاھىم ، مەندىن نىمە سەۋەنلىك ئۆتتىكىن ؟ــ دەپ تىز چۆكۈپتۇ باغۋەن .

ــ سېنىڭ پادىشاھلىق زېمىنلارنى خالىغانچە ئىگەللەپ ، مۇنداق كاتتا باغ قىلىشىڭ ئېغىر گۇناھ ، ھازىردىن باشلاپ بۇ باغ مىنىڭ ئېلكىمگە ئۆتىدۇ .ـدەپتۇ

شاھ . شۇنداق قىلىپ ، شاھ باغۋەن بوۋاينىڭ ئاتا بوۋىسىدىن تارتىپ ھالال ئەمگىكى

بىلەن بىنا قىلغان بېغىنى تارتىۋاپتۇ . باغۋەننىڭ قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ ، ئۆزىنى چاكارلار بىلەن باغقا قاراشقا قويۇپتۇ .

بىر كۈنى شاھ يەنە ئوۋغا چىقىپ ئەتىراپنى ئارلاپ ھېلىقى باغقا كېلىپ قاپتۇ . باغۋەن بوۋاينى چاقىرىپ ئانار شەربىتى چىقىرىشقا بۇيرۇپتۇ . بوۋاي ئوننەچچە ئانارنى ئۈزۈپ چىققانىكەن ، شەربىتى بىر ئاپقۇرنىمۇ تولدۇرالماپتۇ . پادىشاھ شەربەتنى ئىچىپ كۆرگەنىكەن ، تەمى ناھايىتى مەزىسىز تېتىپتۇ .

ــ ئەجەبا .ــ ھەيران بوپتۇ شاھ،ــ ئۆتكەندە بىر تال ئاناردىن لىق بىر ئاپقۇر شەربەت چىققان ، ئۇنىڭ تەمىمۇ ناھايىتى لەززەتلىك ئىدى . بۇ قېتىم نىمىشقا ئون نەچچە تال ئاناردىن بىر ئاپقۇرمۇ شەربەت چىقمايدۇ ھەمدە بۇ شەربەتنىڭ تەمى نىمانچە قېرىق ؟

ــ ئۆتكەن قېتىمدا ،ــ دەپتۇ باغۋەن بوۋاي،ــ سىنىڭ نىيىتىڭ خالىس ئىدى ، شۇڭا ئاناردىنمۇ كۆپ شەربەت چىققان ، تەمىمۇ ئاغزىڭغا تېتىغان : شۇ قېتىمقى شەربەتنى ئىچىپلا نىيىتىڭ بۇزۇلدى . شۇڭا بۇ قېتىم شەربەتمۇ ئاز چىقتى ، تەمىمۇ ئۆزۈڭنى رازى قىلالمىدى . ھەممە ئىش نىيەتكە بېقىپ بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن پادىشاھ:

ــ بۇ ئەدەپسىز قېرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار .ــ دەپ ۋارقىراپتۇ .

جاللاتلار بوۋاينىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ . قىپقىزىل قانلار قاچىدىن تۆكۈلگەن ئانار شەربىتىگە قېتىلىپ يەرگە سىڭىپتۇ... ›

مەدداھ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ، كىمدۇر بىرى ۋارقىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى .

ــ ھاي نىمە ئادەمسەن ؟ گېپىڭنى توختات.

مەدداھنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ تىڭشاۋاتقانلار ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ ئارقىغا قاراشتى . بۇ توپنىڭ ئارقىسىدا يېڭى ھاكىم غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ دىۋەيلەپ تۇراتتى . ئۇ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ مەدداھنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ــدە، ئۇنى كانىيىدىن ئالدى .

ـ مەن سىنى نىمە ئادەمسەن دەۋاتىمەن ؟ـ دەپ سىلكىدى ئۇ مەدداھنى.

جۇغى كىچىك مەدداھ ھەيران بولغىنىچە ياردەم سورىغاندەك قىلىپ ئەتراپقا قارىدى .

ـ بۇرادەر ، بۇنىڭ كانىيىنى بۇنداق قاتتىق سىقما،ـ دەپ ھاكىمنىڭ قولىنى تارتتى سۇپۇرگە ،ـ سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن ؟

ـ ئۆزۈڭ كىم بولىسەن دېدىڭما ؟ـ دېدى ھاكىم مەدداھنىڭ گېلىدىن قولىنى ئاجرىتىپ ، سۇپۇرگىگە گۆلەيگىنىچە قاراپ ،ـ مېنىڭ كىملىكىمنى تېخى بىلمەمسەن ؟ مەن ...مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھلىقتىن بەلگىلەنگەن ھاكىمى بولىمەن . سەن كىم بولىسەن ؟

ـ ئاتا بوۋامدىن تارتىپ مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جاھانكەزدى سۇپۇرگە بولىمەن . خانابى ھاكىم ، سەن ھاكىم تۇرۇپ نىمشقا بىراۋنىڭ گېلىنى بىھۇدە سىقىسەن ؟

ـ سەن ئۇنىڭ نىمە دەپ قۇتىراتقۇلۇق قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟

ـ قۇتىراتقۇلۇق ئەمەس جانابى ھاكىم ، ئۇ كىشلەرگە ئۇزاق ئۆتمۇشتە بولغان ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتىدۇ . بىزنىڭ بۇ مەيداندا مۇنداق ئاجايىپ ھېكايىلەردىن ھەر كۇنى قانچىسى سۆزلىنىدۇ..

ـ ھېكايە ؟ ـ دەپ ئاچچىق كۇلدى ھاكىم ،ـ ئۇنىڭ نىمە دىمەكچى بولىۋاتقىنىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن ؟

ـ مەن باشقىلارنىڭ زىتىغا تەگكۇدەك نىمە دىمەكچى بوپتۇمەن ؟ـ دېدى مەدداھ سۆز قىستۇرۇپ.

ـ سەن بۇ يەردە ئاللىقانداق بىر ئەپسانىلارنى توقۇپ......

ـ ئەپسانە ئەمەس ، ھاكىم ، مانا ماۋۇ كۆپىنى كۆرگەن سۇپۇرگە ئېيتتىغۇ ، بۇ قەدىمىي ئىشلار سۆزلەنگەن بىر ھېكايە.

ـ خوش ، ئۇ ھىكايىمۇ بولسۇن ، شۇ ھىكايەڭنىڭ مەنىسى نېمە ؟

ـ مەنىسى ؟...ـ نىمە دەپ چۈشەندۇرۇشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى مەدداھ،ـ مەنىسى ، بەتنىيەتلەرگە ئالدىراپ ئىشك ئاچما .

ــ هــم مانــا ، نــەق تىلــىگدىن تۆتۆلــدۇڭ ، شــۇ قاملاشــقان ھېكايــە ــ چۆچەكلــىرىڭ بــىلەن ســەن :« بــىغەملەر شەھــىرى» بــىر تــېمى يــوق بــاغ ئــىدى ، بــۇ بــاغنى يــات بــىر پادىشاھلــىق يۇتــىۋالماقچى ، دېمەكچــىمۇسەن . بــاغلاشلار بــۇ مــەدداھنى ، ئاۋۇ جاھانكــەزدى دېگــەن ماكــانى يــوق سايىاقنــىمۇ قوشۇپ باغلا .

غوۋغــانى ئاڭــلاپ بــۇ مەيداندىكى پۈتــۈن خالايــىق بــۇ يەرگــە توپلاشقانــىدى . لەشكــەرلەر مــەدداھ بىلەن سۇپۇرگىنى باغلىماقچى بولۇپ مېڭىشى خەلق تەۋرەپ كەتتى .

ــ هــاي قولــۇغنى تارتــىش ......بىزنــىڭ سۇپۇرگــىنى نــىمە دەپ باغلىغۇدەكــسەن ؟......مــەدداھتا نىمە گۇناھ ؟...

ــ ئۇلار ســىلەرنى ئازدۇرغۇچــىلار ، ســىلەرنى پادىــشاھقا قارشــى قۇتــىراتماقچى .ــ دېــدى هاكــىم ،ــ تۇتــۇپ باغلانــسۇن ، مەدداھنــىڭ خۇرجــۇن چاربىلــىرنى مۇسادىــرە قىلــىڭلار ، ئاۋۇنــىڭ ئېشــىكى ماڭــا قالسۇن.

ــ ئۇرۇڭلار. ــ دېدى بىرنەتچەيلەن تەڭلا ،ــ بۇ خەق ئۆزى نەدىن كېلىپ قالغان ؟

ــ هاكىم دېگىنىڭ كىم ئۆزى ؟

ــ ئۇر مۇناپىقلارنى...

شۇنــىڭ بــىلەن دەهشەتلــىك قالايمىقانچىلــىق باشلىنــىپ كــەتتى . لەشــكەرلەر قېلىچلــىرنى يالاڭــاچلاپ بولغۇچــە چالمــا كېسەك ئاستــىدا قالــدى . هــەش پــەش دېگۇچە هاكىمنىڭ بــاش كــۆزى يېرىــلدى . ئەتىراپتــىكى ئاشخانــىلاردىن ئاشــپەزلەر ساپلــىق ، چۆمــۈچ ، گــۆش توغرايدىــغان قىڭىراقلــىرنى كــۆرۈپ چىقــىپ توپقاقــاراپ يۈگــۈرۈپ كەلمەكتــە ئــىدى . ئۇشــشاق بالــىلار قىززىقچىلــىق كــۆرۈش ئۈچــۈن ئۆســتەڭ بويــىدىكى ســۆگەتلەرگە يامــىشاتتى . ئەتــىراپقا بــاغلاپ قويۇلغان ئېشەكلەر

هاڭــراپ ، تۆگــىلەر پۈشــقۇرۇپ ، مالىمانچىلــىق تېخــىمۇ ئەۋىــج ئالــدى . لەشــكەرلەر ئادەملەرنــىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئۆملىگىنىچە چىقىپ ، ئۇتتۇر كەلگەن تەرەپكە قاراپ قېچىشتى......

# ئون بىرىنجى باب

## قېنى، كىم پادىشاھ بولىدۇ ؟

يېڭى ھاكىمنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن خەلق ئارىسىدا بولغان توقۇنۇشنى ئاڭلاپ شەھەر خەلقى ئۆستەڭ بويىدىكى مەيدانغا تەرەپ تەرەپتىن كېلىشمەكتە ئىدى . پەنجىرىلىرىنىڭ ئۈستىدىن گۈللۈك بەلۋاغلارنى چىگىۋالغان سودىگەرلەر ، ھېلىلا تونۇر بېشىدىن چۈشكەچكە بەدىنىدىن تەر ۋە ئىسسىق ناننىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرغان ناۋايلار ، كىيىملىرى مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن قاسساپلار ، قوللىرى قارىگۈل ۋە سىراج يۇقى بولۇپ قارايغان موزدوزلار ، سودا سېتىق ئۈچۈن چىققان خوتۇنلار نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بويۇنلىرىنى سوزۇپ توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستىلىشاتتى . ھاكىمنىڭ لەشكەرلىرى ئاللىبۇرۇنلا بۇ يەردىن قېچىپ جېنىنى دالدىغا ئالغان بولسىمۇ ، ئۇلار بىلەن تۇتۇشقانلارنىڭ تېخىچە قېنى قىززىپ تۇراتتى .

ــ ھاي خالايىق .ــدېدى سۇپۇرگە كىمدۇر بىرى شۇ يەرگە چىقىرىپ قويغان ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ،ــ بىرنى نېمە دەپ باشقىلار ئەۋەتكەن ۋاكىم باشقۇرغۇدەك ؟ بىزنىڭ ئۆز ئاقساقاللىرىمىز قېنى ؟

ــ راست ئېيتىسەن .ــ دەپ چۇرقىراشتى خەلق ،ــ يانتاق ئاقساقالنى ئۇلار قەيەرگە ئەكەتتى ؟ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئاقساقاللىرى باشقۇرسۇن .

ــ ئەلنىڭ بىر بېشى بولۇشى كېرەكتە ،ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى سۇپۇرگە ،ــ بولمىسا ياتلار كېلىپ بۇگۈنكىدەك كانىيىمىزنى سىقىدىغان ئىش بولىدۇ . يانتاق ئاقساقال قايتىپ كەلگۈچە ئۇنىڭ ئورنىغا ئارىمىزدىن بىر ئاقساقال كۆرستەيلى .

ــ بىزگە خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قېچىپ كېتىدىغان ئۇنداق ئاقساقالنىڭ نېمە كېرىكى ؟ــ دەپ سۇپۇرگىنىڭ يېنىغا سەكرەپ چىقتى ئاۋازلىرى گۈرۈلدەپ چىقىدىغان بىر ياش يىگىت ،ــ بىزنىڭمۇ باشقىلارنىڭكىدەك ئۆز پادىشاھىمىز بولىشى كېرەك . مانا ، شەھەرنىڭ پۈتۈن جامائىتى مۇشۇ مەيداندا تۇرۇپتۇ . بىز نەق پادىشاھنىڭ ئۆزىنى سايلاپ چىقايلى .

– نىمە دەۋاتقاندۇر ماۋۇ خەق ؟– دەپ ھەيران بولدى ھېلىقى ۋىجىك مەدداھ ، ئۇ تېخىچە بايا ھاكىم كېلىپ سىققان بوينىنى سىلاپ تۇراتتى ،– مەن ئوقۇغان جەڭنامىلەردىن قارىغاندا پادىشاھلار دىگەننىڭ ئۆزىگە يارىشا ئوردا سارايلىرى بولىشى كېرەكتە.

– سەن ئاۋال كىمنىڭ پادىشاھ بولىدىغانلىقىنى كۆرسەت ، بىز ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭكىدىنمۇ كاتتا سارايلارنى سېلىپ بېرىمىز .... قېنى كىم پادىشاھ بولىدۇ ؟

– سۇپۇرگە بولسۇن .– دەپ ۋارقىرىدى بىرى ،– ئۇ جاھان ئارلاپ جىق ئىش كۆرگەن .

– بولمايدۇ ، بولمايدۇ .– دەپ دەرھال رەت قىلدى سۇپۇرگە ،– مەن ئەلنىڭ مۇنداق چوڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن .

– ئۇ راس ئېيتتى ،– دېدى بىر مويسىپىت ،– سۇپۇرگىگە ئوردا ئىچىگە قاملىشىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر ئازاب. ئۇ بولغۇسى پادىشاھىمىزنىڭ قوشنا ئەللەرنى كېزىپ يۈرىدىغان ئەلچىسى بولسا بولىدۇ .

– ئاۋۇ تۇردى سەرراپ قانداق ؟– دەپ ۋارقىرىدى توپ ئىچىدىن بىرى ،– ئۆزى شەھرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ بايلارنىڭ بىرى . قاراڭلار ئۇنىڭ شاپ بۇرتى ، كېلىشكەن بەستىمۇ پادىشاھقا لايىق .

– بولمايدۇ .– دەپ ماقۇل كۆرمىدى بىر نەتچەيلەن ،– ئۇ تۆتىنچى خوتۇنىنىڭ ئۇستىگە يېقىندا بەشىنجى خوتۇننى ئالماقچى ، شۇمۇ مۇسۇلمانچىلىق بوپتۇمۇ ؟

– سودا قىلىپ بارغان ھەر بىر يېرىدە ئېلىپ تاشلاپ قويغان مەخپىي خوتۇنلىرىچۇ تېخى...

– ئىنساپ كېرەك – دە، ئەنە ئاۋۇ سۇپۇرگىنىڭ ھازىرغىچە بىرمۇ خوتۇنى يوق .

ئادەملەر ئارىسىدا كىرىلىپ تۇرغان تۇردى سەرراپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ كىچىكلەپ كەتكەندەك بولدى – دە، كۆزدىن غايىپ بولدى .

– ھوي خالايىق ، مۇنۇ تاشئاخۇن تۇۋپچۇ؟. ... ھەر قانداق كىشىنىڭ كېسىلىنى تاپالايدۇ ....

– بىر بۇ يەردە شىپاخانا ئاچمايمىز – دە،– دېدى زەردە بىلەن بىرى .

– لايىق ئەمەس – دەپ چۇرقىراشتى باشقىلارمۇ،– ئۇنىڭ كىسەل كۆرمەن دەپ كىرىپ ، ئېرى

يوق خوتۇنلارنىڭ ئۆيىدە نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى كىم بىلمەيدۇ .

ـ ئىنساپ بىلەن سۆزلەڭلار ، مۇسۇلمانلار ، مېنى سايلىمساڭلارمۇ سايلىماڭلار ، مېنىڭ شەنىمگە ئۇنداق نالايىق گەپلەرنى قىلماڭلار .ـ دەپ غودۇراپ كەتتى تىۋىپ .

ـ ماۋۇ سادىق تامچىچۇ ؟

ـ ئۇمۇ بولمايدۇ ، ئۆتكەن يىلى قوشنىسىنى قولىدىكى كىسەك چوقۇيدىغان كەكە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالغان .

ـ هەي ئىمىر قاسساپ سەنچۇ ؟ بازاردا ۋار ۋار ۋارقىرايسەن ، پادىشاھ قىلىپ قويساق ئەپلەشتۈرەلەرسەنمۇ ؟

ـ قويۇڭلار ئۇ قاسساپنى ، تارازىدا ئادىل ئەمەس ، قىپقىزىل ئوغرى.

ـ ماۋۇ تۇراق كەسكەكچۇ ؟

ـ شۇمۇ گەپمۇ ؟ ئادەم تېپىلمىغاندەك بىر كەسكەكچىنى پادىشاھ قىلىۋالساق خەق نىمە دەر ؟

ـ نىمانچە ئاهانەتبۇ ؟ ... سىلەرگە مېنى پادىشاھ سايلاڭلار دېدىممۇ ؟......كەسكەكچىلىك يامان ئىشمىكەن ؟ مەن سۈننەتنى ئادا قىلىپ قويمىغان بولسام هېلىقى بىر نىملىرىڭنى ....،ـ دەپ تېرىككىنىدىن ئاغزىدىن ئەپسانە گەپلەرنى چىقىرىۋېتىپ قالدى كەسكەكچى .

ـ بىز نىمە ئۈچۈن مۇنۇ توختى دوكارنى كۆرسەتمەيمىز ؟ـ دەپ ۋارقىرىدى بىرى تازىمۇ يوغان قورساق سالغان كىشىنى شەرەتلەپ تۇرۇپ ، ـ ماللىرىنى ئەرزىنىغىلا تۇپ ساتىدىغان ، ناهايىتىمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ، پادىشاھ بولۇشقا تازا باب كېلىدۇ .

ـ توختى دوكارغۇ ياخشى ئادەم ، بىراق، بىر قېتىم مەسچىلىكتە ئىشتىنى تىزىغىچە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ جامائەت ئالدىدا رەسۋا بولغان .

مەيداندىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى . خەلق بارغانسىرى چۈرۈلدىشىپ تەرتىپ بۇزۇلۇشقا باشلىدى . كىملەردۇر بىر بىرى بىلەن پادىشاھ نامزاتى ئۈستىدە گەپ تالىشاتتى . بەزىلەر كۈلۈپ بۇ ئىشنى چاقچاققا ئايلاندۇراتتى . ئۇياتچانراق كىشىلەر مىنىڭ ئىسمىم ئاتىلىپ

قالمىسكەن ، دەپ قورۇنۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى . شاھلىقتىن تەمەسى بارلار خەقنىڭ كۆزىگە چۇشۇش ئۇچۇن ئەتەي ئاۋازىنى چىقىرىپ سۆزلەپ ، ھەدەپ ئەتراپقا قاراپ بويۇندايتى . ئەگەر

ئۆزىنىڭ ئەمەس ، باشقىلارنىڭ نامى ئاتىلىپ قالغۇدەك بولسا ، دەرھاللا ئۇنىڭ ئۇستىدىن گەپ تېپىشاتتى . دۇنيادا نۇخسانسىز كىم بار ؟ خۇدا‹ بىغەملەر شەھىرى›گە پادىشاھ بولۇشقا بىر پەرىشتىنى چۇشۇرۇپ بەرمەيدۇ -دە،

- ھاي خالايىق ، تىنىچلىنىڭلار.- دەپ ۋارقىرىدى سۇپۇرگە ،- ئەيىبسىز ئادەمنى ئىزدەيدىغان بولساق ئەنە ئاۋۇ چوكاننىڭ قولىدىكى بالىنىلا سايلىمايلىمۇ .- دېدى ئۇ توپنىڭ ئىچىدە تۇرغان بىر بالىنىڭ قولىدىكى بوۋاقنى كۆرسىتىپ . بالىنىڭ ئانىسى گەپنىڭ كىم ئۇستىدە كېتىپ بارغانلىقىنى ئاڭقىرالماي كىم گەپ قىلسا شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى .

- پادىشاھلىققا دەمسەن ؟....ئۇ تېخى بوۋاققۇ ؟- دەپ ھەيران بولدى ئادەملەر.

- ھە شۇ بوۋاقنى دەيمەن ، قېنى كىم ئۆزىنى مەن ئاشۇ بوۋاقتىن پاكمەن دېيەلىسە ئوتتۇرغا چىقسۇن.

مەيدانى بىردىنلا جىمجىتلىق باستى . شۇ تاپتا ھەركىم ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ئۇستىدە ئويلىنىپ قالدى . پاكلىقتا ھېچكىممۇ ئۆزىنى تېخى ئانا سۇتىنى ئىمىۋاتقان سەبىي بالىغا تەڭلەشتۇرەلمەيتى .

- توغرا ئېيتتىڭ ،- دەپ ۋارقىرىدى بىرى ئاۋازىنى بولۇشىغا قويىۋېتىپ ،- پادىشاھلىققا ئاشۇ نارسىدىدىن ئارتۇق ئادەم يوق ....قېنى سىڭلىم ، بالىنى ماڭا بەر.

ئانا ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئادەملەر ئۇنىڭ قولىدىن يۆگەكتىكى بوۋاقنى ئېلىشتى -دە، چوقان سۇرەن ئىچىدە بېشىدا كۆتۈرۈپ كېتىشتى .

- ھاي توختاڭلار .- دەپ كىشلەرنىڭ ئارقىسىدىن يۇگرەيتى چوكان،- ئۇنى نىمە قىلماقچىسىلەر؟نەگە ئاپىرىسىلەر؟ بالىنى يەنە مەن ئىمىتىپ بېقىشىم كېرەكقۇ؟..تېخى

دادىسى نىمە دەيدۇ؟......

سۈپۈرگە بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران بولغۇنىچە ھارۋا ئۈستىدە يالغۇز قالدى . ئۇ ئۆزىنىڭ تەنە بىلەن ئېيتقان : ئەگەر نۇقسانسىز ئادەمنى ئىزدەيدىغان بولساق ، ئاشۇ بوۋاقنى پادىشاھ قىلساق بولىدۇ شۇ، دىگەن مەنىدىكى سۆزىدىن بۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى زادى ئويلاپ باقمىغان ئىدى .

› نىمە گەپ بولۇپ كەتتى . ؟ ــ دەپ پىچىرلايتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە ،ــ مەن نىمىشقا تۇرۇپ تۇرۇپ قىلۋاتقان ئىشىمدىن ئازىدىغان بولۇپ قالدىم . بۇ قېرىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ نىمە؟ ..نىمە دەپ شۇ بوۋاقنى پادىشاھ بولسۇن دېدىم ؟ بۇ بوۋاق كۆزۈمگە قانداق چۈشۈپ قالدى . ؟ بوۋاق كۆتۈرگەن چوكان توپنىڭ ئىچىگە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى ؟... يائاللا ، بۇ ھېلىقى <قۇياش شاھى > نىڭ شەھىرىدىن چىقىپ كېلىۋاتقىنىمدا ماڭا ئۇچرىغان ئالۋاستى چوكان ئەمەستۇر ـھە؟ ... توۋا ، شۇنچە ئەللەرنى كېزىپمۇ بۇگۈنكىدەك غەلىتە سايلامنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن ... . ‹

## ‹قاغىلىق باغ›

بۇ پادىشاھلىقتا ئەۋلادلىرىدىن قالغان بىر ئادەت بار ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىگە قارشى چىققان بەگلەرنىڭ بەگ ياكى ئاقساقال ، ئۇرۇق ـ جەمەتلىرىنىڭ باللىرىنى پايتەختتىكە ئەكىلىپ گۆرۆگە تۇتۇپ تۇراتتى . پەيتى كەلگەندە ئۇلاردىن ئۆز مەقسىدى ئۈچۈن پايدىلىناتتى ياكى ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرىۋېتەتتى . يانتاق ئاقساقال بىلەن ئۇنىڭ باللىرىمۇ شۇ مەقسەتتە گۆرۆگە ئېلىنىپ ‹قاغىلىق باغ›قا نەزەربەند قىلىنغانىدى .

› قاغىلىق باغ› شەھەرنىڭ چەت بىر بۇرجىكىدىكى تاشلاندۇق باغ ئىدى . بىر زامانلاردا قايسىبىر شاھ بۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان توقلى ئۈچۈن خاس باغچا قىلىپ بەرمەكچى بولۇپ بەرمەكچى بولۇپ ، بۇ يەرگە مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكتۈرۈپ ، باغنىڭ

ئەتراپىنى ئېگىز تاملار بىلەن قورشىغان ۋە تاملارنىڭ ئىچى تېشىغا نۇرغۇن دەل دەرەخلەرنى قويدۇرغاندى . لېكىن ، كىيىن باغ ئورنى دۆڭ بولغاچقا بۇ يەرگە سۇ راۋان چىقماي ، مىۋىلىك دەرەخلەر تازا ئاينىيالمىغانلىقتىن ، ئوردا بۇ يەرنى باغ قىلىش پىلانىنى تاشلاپ قويغاندى . كىينكى چاغلاردا باغ ئىچىدىكى مېۋىلەرنىڭ قۇرىغىنى قۇرۇپ ، ئاينىغنى ئىختىيارىچە ھەر تەرەپكە شاخ ئايرىپ باغ ئىچى جاڭگاللىشىپ كەتكەندى . پەقەت تامنى ئايلاندۇرۇپ قويغان دەل دەرەخلەر چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن قۇچاق يەتمەس بولۇپ يوغىناپ كەتكەندى . ھازىر باغ ئىچىدە بار بولغان مىۋىلەر ئۆز ۋاقتىدا باغۋەنلەر قويغان مېۋىلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىدىن تۆرەلگەن ياكى شۇلارنىڭ يىلتىزلىرىدىن كۆكلەپ چىققان ياۋا مېۋىلەر بولۇپ ، ئۇلار سۇسىز مۇھىتقا ماسلىشىپ ، قەيسەرلىك بىلەن كۆكىرىپ تۇرىشاتتى .

قىيان كەلگەن مەزگىللەردە ئېتىز ئېتىقلاردىن تاشقىنلاپ كەلگەن سۇلار باغنىڭ قاغجىراپ ياتقان ئېرىقلىرىنى تولدۇرىۋېتەتتى -دە ، باغ ئەنە شۇنداق تاساددىبىي كەلگەن ئامەت بىلەن يىلىغا بىر ئىككى قېتىم سۇ ئىچىپ قالاتتى . شۇنىڭ بىلەن تۆكۈلگەن ئۇرۇقلاردىن يەنە يېڭى بىلخلار ھاسىل بولاتتى . مېۋىلەرنىڭ سولاشقان ياپراقلىرى كەڭ يېيىلىپ ، قۇياش نۇرىدا ياپپېشىل بولۇپ پارقىراپ كېتەتتى . ياز كۈنلىرى كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن بۇ باغنىڭ تېرەكلىرى ئۇستىگە يۈزلىگەن قاغىلار كېلىپ قونۇپ ، چاڭىلدىشىپ ئەتراپنى بېشىغا كىيەتتى . بۇ باغنىڭ ئەينى چاغلاردىكى مېۋىلىك كۆچەت قويغان باغۋەنلىرى ، ئىگىلىرى ئاللىقاچان ئۇنتۇلغان بولۇپ ، ھازىر بۇ باغ كىشىلەرگە « قاغىلىق باغ» دىگەن نام بىلەن تونۇش ئىدى . « قاغىلىق باغ» دا ئالۋاستى بار . دەپ كېچىلىرى بۇ ئەتراپقا ھېچكىم ئاياغ باسمايتى . كۈندۈزلىرى باغنىڭ ئەتراپىغا ئاندا ساندا مال باقىدىغان ئادەملەر كېلىپ قالاتتى . باغنىڭ قۇياش نۇرى ۋە يامغۇر يېشىنلاردا ئۆڭۈپ قاغجىرىغان يوغان دەرۋازىسى كىملەر تەرىپىدىندۇر مىخلاپ ، ئېچىلماس قىلىپ بېكىتىۋەتكەندى .

ئوردا يانتاق ئاقساقالنى باللىرى بىلەن بىر يەرگە نەزەر بەند قىلىشنى ئويلاشقاندا ، قايسى بىر ئەمەلدارنىڭ ئېسىگە شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆزىدىن يىراق ئاشۇ تاشلاندۇق باغ كەلگەندى

. ئوردا خىزمەتچىلىرى باغنىڭ كونا دەرۋازىسى ئورنىغا مۇستەھكەم بىر يېڭى دەرۋازا ئورنىتىپ ، دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىدىن كىرەك بولغاندا كىرىپ چىقىش ئۈچۈن كىچىك ئىشىك قالدۇردى . تاملارنى ئېگىزلىتىپ ، ئۈستىگە توسۇقلارنى بېكىتتى . يانتاق ئاقساقالنى باللىرى بىلەن بۇ يەرگە ئەكىلىپ سولىدى . دەرۋازا ئالدى ۋە باغ ئەتراپىنى كۆزەت قىلىشقا قاراۋۇللارنى قويۇشتى . ئىچكىرىدىن ھېچكىمنىڭ چىقىشىغا ۋە ئوردىنىڭ رۇخسىتىسىز تاشقىرىدىن ھېچكىمنىڭ كىرىشىگىمۇ يول قويۇلمايتى . ئاقساقالنىڭ ئائىلىسىگە ھەر ئايدا بىر قېتىم ئامال قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرغىدەك ئوزۇق تۈلۈك كىرگۈزۈپ بېرىلەتتى . ئاقساقالغا نەرسە كېرەكلەرنى ئەكىرىپ بېرىدىغان خىزمەتچى ھېچكىمگە قاپىقىنىمۇ ئاچمايتى . ھېچكىم بىلەنمۇ پاراڭلاشمايتى . ئۇ تۇغما كېكەچ ئىدى .

يانتاق ئاقساقال باغ ئىچىدىكى بىر تاشلاندۇق ھوجرىدا تۇراتتى . بۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا باغقا ئىشلىگەن باغۋەنلەرنىڭ ۋاقىتلىق تۇرىشى ئۈچۈن سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆي بولۇپ ، ھازىر بۇ ئۆيلەرنىڭ تام تورۇسلىرىنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ ، بۇلۇڭلارنى تور بېسىپ كەتكەن ، ئىشىكلىرى قىيسىيىپ ئىلگىركى ئىسكەتىنى يوقاتقاندى . ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە باھار يامغۇرىنىڭ سۈيى بىلەن ھەر كۆلەمدە كۆپكۆك مايسىلار ئۈنۈپ كېتەتتى -دە ، يازغا بارمايلا قۇرۇپ قالاتتى .

ئاقساقالنىڭ يېنىدا تۇرىۋاتقان ئۈچ ئوغلىنىڭ ئالدىنقى ئىككىسى چوڭ خوتۇنىدىن بولغان بالا ئىدى . يانتاق ئاقساقالنىڭ چوڭ خوتىنى ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ ، باللارنىڭ ھەممىسىنى كىچىك خوتۇن قانات ئاستىغا ئېلىپ چوڭ قىلغانىدى . ئاقساقال ‹بىغەملەر شەھىرى› دە قالغان كىچىك خوتۇنىنىڭ ھالىدىن ھازىر بىخەۋەر ئىدى .

يانتاق ئاقساقال دەسلەپتە ‹قاغىلىق باغ›دىكى تۇرمۇشقا زادىلا كۆنەلمىدى . ئۇ تىت تىت بولۇپ نىمە قىلىشىنى بىلمەي باغنىڭ ئىچىدە توختىماي ئۇياق بۇ ياققا ماڭاتتى . ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلايتى . خۇدانىڭ ھەممە بەندىلىرىگە ئوخشاش ئۇمۇ نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە نۇرغۇن خاتالىقلارغىمۇ يول قويغانىدى . نىمىشقىدۇر ، كېيىن ئۇنىڭ

كۆزئالدىدىن جاھانكەزدى سۈپۈرگە كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى . سۈپۈرگە ھەر قېتىم يىراق يۇرتلارغا قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ ، ئاقساقالنى يوقلايتى . ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىنى ، دۇنيادىكى ئاجايىپ پادىشاھلىقلار ، ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان شەھەرلەر ، ئۇ يەردىكى قوراللانغان لەشكەر ۋە ھاكازىلار توغرىسىدىكى تۈگىمەس پاراڭلارنى قىلىپ بېرەتتى . يانتاق ئاقساقال ئۇ چاغدا جاھانكەزدى سۈپۈرگىنىڭ سۆزلىرىنى ئاددىي بىر ھىكايىنى ئاڭلىغاندەكلا ئاڭلاپ قويغاندى . «سۈپۈرگىنىڭ ئېيتقانلىرى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە گەپلەر ئىكەن ،-دەيتتى يانتاق ئاقساقال ئۆز ئۆزىگە ، - شۇ ئاجايىپ شەھەرلىرىمىزنىڭ ئەتراپىغا سېپىل سوقۇشنى ، ئادەملىرىمىزگە قورال ياراغ تۇتقۇزۇشنى ئويلاشمىغانىكەنمىز . ھوسۇللۇق ئېتىزلار ، يۇرۇشۇپ تۇرغان تىجارەت ، توق تۇرمۇش بىزنى بەكمۇ بىغەم ياشاشقا ئادەتلەندۇرۇپ قويغانىكەن ....» ۋاقىت ئۆتكەنسىرى يانتاق ئاقساقال ئۆز تەقدىرىگە شۈكرى قىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئەلۋەتتە بۇ تاشلاندۇق باغ مەڭگۈ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ، ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى ، جىسمانىي كۈچ قۇۋۋىتىنى تۈگەشتۈرىۋېتىدىغان ھېلىقى قاراڭغۇ ، زەي زىنداندىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى ئىدى . بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئىگىز تاملار قورشاپ ، تام ئارقىسىدىن قاراۋۇللارنىڭ قەدەم تاۋۇشى ، قېلىچ نەيزىلىرىنىڭ بىر بىرىگە تېگىپ جاراڭلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ ، قۇياش نۇرى يەنە ھەر كۈنى باغ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ ، ئۆزىنىڭ نۇرىنى سېخىيلىك بىلەن ئەتراپقا چاچاتتى . باھاردا ياۋا مېۋىلەر رەڭمۇ رەڭ چېچەك ئېچىپ ، ياپيېشىل ئوتلار باش كۆتۈرەتتى . ئاقساقالنىڭ باللىرى بولسا ھەر كۈنى ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ خىزمىتىنى قىلاتتى .

يانتاق ئاقساقالنىڭ ئىككى چوڭ ئوغلى ھازىر بۇرتلىرى خەت تارتىپ ئۆيلىنىش قورامىغا يېتىپ قالغاندى . چوڭ ئوغۇل ئۆمەر يۇزلىرى دۇگىلەك ، ئۆزىمۇ دوغىلاق كەلگەن قاۋۇل يىگىت ئىدى . ئوتتۇرانجىسى بارات ئورۇق ، ئېگىز ، چىرايلىق يىگىت ئىدى . بۇ ئوغۇللار تۇغۇلغان چاغدا ئاقساقالنىڭ ئۆيى ئومۇمىي شادلىققا چۆمگەندى ، چۈنكى بۇ ئاقساقاللىق نەسەبىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان خوشاللىنارلىق ئىش ئىدى . ئەمما بۇگۈنگە

كەلگەندە رەھىمسىز تەقدىر ئۇلارنىڭ ياشلىقىنى ئەنە شۇ تۆت تام ئىچىگە بەند قىلىپ قويدى .ئوغۇللار ئەتىدىن كەچ كىرگۈچە باغ ئىچىدە قەپەسكە سولانغان قۇشتەك تىپىرلاپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى . بەزىدە ئۇلارغا باغنىڭ تېمى ئارقىسىدىن قىز جۇۋانلارنىڭ چاقچىلداپ سۆزلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۆمەر بىلەن بارات قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ، باغ كەينىدىكى ئاۋازلارغا قېتىپ قۇلاق سېلىشاتتى . قىزلارنىڭ ئاۋازلىرى بىر دەمدىلا يىراقلاپ كېتەتتى ياكى قاراۋۇللارنىڭ ‹ هاي كىم سىلەر ؟ ئۇياق بىلەن مېڭىشقا بولمايدۇ! › دەپ ۋارقىرىشى بىلەن ئۈچەتتى .

› تۇفى! ـ دەپ لەنەت قىلىشاتتى ئوغۇللار قاراۋۇللارغا ، ـ خۇدايىم ، ئۆزىڭنىڭمۇ ئۇنى مەڭگۈگە ئۈچەر ‹!يىگىتلەرنىڭ كىشىدە يىقىملىق تۇيغۇ ، شېرىن ھىسسىياتلارنى پەيدا قىلىدىغان قىزلارنىڭ ھېلىقىدەك ئاۋازىنى يىقىندىن ۋە ئۇزاقراق ئاڭلىغۇسى بار ئىدى .

گەرچە بۇ باغ تۆت تام بىلەن قورشالغان بولسىمۇ ، تەبىئەت ئوغۇللارنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇھابىبەت ، سېغىنىش دېگەندەك ئاجايىپ تۇيغۇلارنى ئوخشاشلا يېتىلدۈرمەكتە ئىدى . گۈللەر، گۈللەر ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر ، تىنىق كەڭ ئاسمان ۋە ھەر باھاردا مېھمان بولۇپ كېلىپ ، كەچ كۈزدە قايتىپ كېتىدىغان پەسىل قۇشلىرى ئۇلارنى غەلىتە خىياللارغا سالاتتى .

ـ بىزنىڭمۇ شۇنداق قاناتلىرىمىز بولغان بولسا ـ ھە! ـ دەيتتى بارات بەزىدە ئاسماندا يىراقلاپ كېتىۋاتقان تۇرنىلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ .

ـ ھە ، قاناتلىرىمىز بولسا نىمە قىلماقچىدىڭ ؟ـ دەپ سورايتى ئۆمەر .

ـ بۇ لەنىتى شەھەر ، جىن تەككەن ئەسكى تاملىقلارنى تاشلاپ ، يىراقلارغا كېتەتتۇق .

ـ ئاتامنىچۇ ، ئاتامنى تاشلاپ ؟

ـ نىمىشقا تاشلايمىزكەن ، ھېلىقى ماختانچاق پاقا بىلەن ئەقىللىق غازلار توغرىسىدىكى چۆچەكلەرنى ئاڭلىمىغانمۇسەن ؟...شۇنداق بىر تال ياغاچنى تېپىپ ئىككى بېشىنى چىشلەيتۇق ، ئاتام ياغاچنىڭ ئوتتۇرسىنى تۇتاتتى . ئاندىن ھاۋاغا كۆرۈرلۇپ خالىغان تەرەپكە

قاراپ.....

ــ  ئىنىمىز سەپەرىنچۇ ؟

ــ  ھە ، سەپەرمۇ بار ـ ھە تېخى !

مۇنــداق سۆھبەتلەردىــن كېيىــن ئۇلار ئۇزاققىــچە جىمىــپ قــالاتتى . قانــداقتۇر بىــر يوغــان تۈكلــۈك ھــەرە ئۇلارنىــڭ بېشى ئۈستــىدە ئەگىــپ يەنــە يىــراقلاپ كېتــەتتى . يىگىــتلەر ئەگــەر قارارغــا كەلــسە بىــر ئامــال قىلــىپ بــۇ باغدىــن قېچىــپ چىقىــپمۇ كېتــەر ئىــدى . لىكىــن ئۇلار كۆڭــىدىن كۆڭگــە خــيال بېسىپ كېسەلچان بولۇپ قېلىۋاتقان ئاتىسىنى تاشلاپ كېتەلمەيتى .

ــ  مــەن نىمىشقــىمۇ ئاقــساقاللار ئائىلىســىدە تۇغۇلــۇپ قالغاندىــمەن ؟ــ دەيــتى بەزىــدە چــوڭ ئوغۇل ئۆمەر ، ــ مەن ساڭا ئېيتسام ، ئاددىي پۇقرا بولغانغا يەتمەيدىكەن .

ــ  قېنى قانداقچە دەيسەن ؟ــدەپ سورايتى بارات .

ــ  مەسىلەن ، ســەن بىــر ئاددىــي دېھقــان بولــساڭ ، ئازىــراق جاپــا تارتىــسەن ، ئەممــا ئارتۇقچــە غېمــىڭمۇ بولمايــدۇ . كۆڭــدۈزى تىرىشــىپ ئەمگەكــىڭنى قىلــىپ ، كېچــىسى ئۆيۈڭــدە خاتــىرجەم ئۇخلايــسەن ، ئۆزۈڭگــە ئوخــشاش بىــر كەمبەغەلنىــڭ چىرايلــىق قىــزىغا ئۆيلىنــىپ ، خۇداغــا شۈكرى ـ قانائىتــىڭنى بىــلدۈرۈپ نامــىزىڭنى ئوقــۇپ ، ئۆمــرۈڭنى بىــر خىــل ئۆتكۈزىــسەن . بــارات بولــسا تۇرمۇش توغرىسىدا باشقىچە مۇلاھىزە قىلاتتى .

ــ  نــىمە دەپ كەمبەغــەل بولــۇپ ياشــىماق كېرەككــەن ؟ــدەيــتى ئۇ ــ ، كەمبەغەلچىلىكنىــڭ نىمىــسى ياخشى ؟ بىــر نانىــڭ ھەلەكچىلىكــىدە ئېشەكتەك ئىشلەپ كۈنۈڭ ئۆتىــدۇ شۇ !... قــارا ، مــەن ئەگــەر ئادەمــنى زىرىكتۈرۈپ ســاراڭ قىلىۋېتــىدىغان قاماقتــىن قۇتۇلــۇپ چىقىــپ كېتــىدىغان بولــسام ، بىــر ئامــال قىلــىپ ، يەنــە ئاتامــدەك بىــرەر يۇرتنىــڭ ئاقساقــلى بولــىمەن . ئېيــتىڭچۇ ؟ كــچىــك ۋاقتىمــىزدا ئۆيــدە بــىزنى چاكــارلار قولــىدىن چۈشــۈرمەي كۆتۈرۈشــۈپ يــۈرەتتى . خىزمەتــىمىزگە ھــەر دائىــم ئادەم تــەييار ئىــدى . ئەگــەر ئاتــامنى پىشكەللىــك باسمــىغان بولــسا ، بــۇ چاغقىچە بىز شەھىرىمىزدىكى كاتتا بايلارنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن بولاتتۇق ...

شــۇ چاغــدا تامنىــڭ ئۇ يېنىــدىكى باغقــا يېقىــن يوللارنىــڭ بىــرىدىن يەنــە چوكانلارنىــڭ كۈلكــە

ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولاتتى . ئاكا ئۇكا ئىككەيلەن سۆزلىرىنى توختىتىپ ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشاتتى . بەزىدە ئۇلار باغ ئىچىدە ئېگىزرەك ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقىپ ، سىرتتىكى ئالامەتلەرنى كۆرمەكچى بولىشاتتى . بىراق ئۇلار بىكارغىلا ئاۋارە بولۇشاتتى . ھەر قانچە ئېگىزگە چىققىنى بىلەنمۇ پەقەت يىراقتىكى دەرەخلەرنىڭ ئۇچىلا كۆزگە چېلىقاتتى .

يانتاق ئاقساقالنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى سەپەر ئەمدىلا تەمتىلەپ مېڭىپ يۈرگەن بالا ئىدى . ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇشۇ چوڭ باغنىڭ ئىچى بىر كەڭ دۇنيا بىلىنەتتى . قالايمىقان ئۆسۈپ جاڭگاللىشىپ كەتكەن مېۋىلەر ، دەرەخلىكلەرگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئاياغ يوللار ، ئوت چۆپلەر ئۈستىدە ئۆملىشىپ يۈرىدىغان ھارماس چۈمۈلىلەر ، ئاجايىپ رەڭدار كېپىنەكلەر ، كىچە بىلەن كۈندۈز ئازغاشماي ئالمىشىپ تۇرىدىغان قۇياش بىلەن ئاي ... بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ھازىرچە ئۇنىڭ بالىلىق تەسەۋۋۇر دۇنياسىنى تولدۇرۇشقا يېتىپ ئاشاتتى . بەزىدە ئاكىلىرى ئۇنى ھاپاش قىلىپ ئوينىتىپ باغنىڭ ئېگىز تاملىرى يېنىغا ئاپىرىپ قالاتتى . كىچىك سەپەرگە بۇ ئالەمنىڭ چېگرىسى نەق شۇ تاملار بولۇپ كۆرۈنەتتى .

يانتاق ئاقساقالنىڭ كۈندىن كۈنگە سالامەتلىكى ئوساللاپ ، چوڭ ئوغۇللىرى نەلەردىندۇر كوناپەنلەرنى تېپىپ كېلىپ ئۆي ئالدىغا ياساپ بەرگەن كارۋاتتىن قوپالماس بولۇپ قالغاندى . كۆپ چاغلاردا سەپەر ئۆزىنىڭ چاڭلىداق ئاۋازى بىلەن تۈگىمەس سوئاللارنى سوراپ ئاقساقالنىڭ بېشىدىن نېرى كەتمەيتى .

- ئاتا ، سەن نېمىشقا بۇ كارۋاتتىن چۈشمەي يېتىۋېرىسەن ؟
- قۇياش نەدىن چىقىدۇ ؟
- كۈندۈزى يۇلتۇزلار قەيەرگە كېتىدۇ؟
- كېپىنەكلەرمۇ نان يەمدۇ ؟

سەپەر ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق بالىلارچە سوئاللىرى ، تاتلىق قىلىقلىرى بىلەن ئاقساقالنىڭ زېرىكىشلىك كۈنلىرىنى بىلىندۇرمەيتى . يانتاق ئاقساقال كىچىلىرى شۇ كىچىك ئوغلىنى يېنىغا

ئېلىپ ، دۇمبىسىنى سىلاپ ئۇخلىتاتتى . بالا ئۆزىنىڭ تاتلىق پۇشۇلداشلىرى ، يۇمران بەدەن ، ئىسسىق نەپىسى بىلەن ئاتىسىنىڭ قوينىنى تولدۇرۇپ تۇراتتى . ئاقساقال ھەر كۈنلۈك نامىزىدا يىغلاپ تۇرۇپ خۇدادىن بالىلىرىنىڭ بەختىنى تىلەيتى . بالىلىرىنىڭ تەقدىرى ، كەلگۈسى ھەققىدە بەكمۇ قايغۇراتتى . مانا ئۇ چوڭ بىر شەھەرنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ يۇرت سورىدى . شۇنچە نۇرغۇن يەر، سۇ ، مال دۇنياغا ئىگە بولىدىيۇ ، ئاخىرىدا بولسا يىنىدا بالىلىرىغا قالدۇرغىدەك سۇنۇق ياماقمۇ قالمىدى......

يانتاق ئاقساقالنىڭ ھالى كۈندىن كۈنگە ئوساللاپ كېتىۋاتاتتى . بىر كۈنى تۈن يىرىمىدا ئۇ قۇلاق تۈۋىدە شىپىرلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى .

– كىم ؟– دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ، يوتقاننى مەيدىسىگە تارتتى ئۇ .

– مەن !– دىگەن جاۋاپ كەلدى قاراڭغۇلۇقتىن .

– مەن دىگەن كىم ؟

– سەن مىنى تونىمايسەن ، ئۇنىۋۇڭنى پەس قىل ، مىنى بۇ شەھەردە ‹ تامتېشەر› دەپ ئاتىشىدۇ . ئۆز ۋاقتىدا شاھ خەزىنىسىنىمۇ ئامان قويمىغان تام تېشەرمەن .

– ئەمىسە بۇ يەرگە خاتا كىرىپ قاپسەن ،–دىدى ئاقساقال ،– بۇ يەردە سەن ئاچقىپ كەتكۈدەك بىر نەرسە يوق .

– ماڭا سىنىڭ بىرەر نەرسەڭ كېرەك ئەمەس ، مە ، بۇ ئامانىتىڭنى تاپشۇرىۋال .

‹تام تېشەر› جاھانكەزدى سۆپۈرگە بەرگەن تېرە خالتىنى يانتاق ئاقساقالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى .

– بۇ نىمە ؟

– نىملىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن ، بەلكىم تىللادۇر ، جاھانكەزدى سۆپۈرگە دىگەن بىر بۇرادىرىڭ كىرگۈزدى . ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى .

– سۆپۈرگە !– دەپ روسلىنىپ ئولتۇردى ئاقساقال ، – ئۇ ھازىر قەيەردە ؟...يەنە نىمە دىدى ؟

– ئۇ : ‹ ‹بىغەملەر شەھىرى› ئېغىر كۈندە قالدى ، خەلىققە بىر باشلامچى كېرەك . ئاقساقال

بىر ئامال قىلىپ قېچىپ چىقسۇن>›دېدى . قاچماقچى بولساڭ ،

باغنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى يوغان ياڭاقنىڭ يېنىدىكى تامدىن بىر تۆشۈك تېشىپ قويدۇم ، تەييارلىقىڭنى قىلىپ شۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كەت .

يانتاق ئاقساقال ئاچچىق كۈلدى .

ــ مەندە هازىر قېچىپ يۈرتۈمغا يېتىپ بارغۇدەك ماغدۇر نىمە قىلسۇن !ــدېدى ئۇ ، ــ مانا ئىككى يىلدىن بېرى مۇشۇ ئورۇندىن قوپالماي يېتىپتىمەن . هەي ئەپسۇس ، بىز خەلىققە ئۇۋال قىلدۇق . ئادەملىرىمىزنى تولىمۇ بىخۇد ئۆگەتكەن ئىكەنمىز . شۇ شەهەرگە ئاقساقال بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمنى ئويلىسام كۆپ ئىشلارنى خاتا قىلغانىكەنمەن.......

› تامتېشەر› ئاقساقالنىڭ سۆزلىرىگە كۈلۈپ قويدى .

ــ بۇ بارلىق ئەمەل تۇتقانلارنىڭ ئورتاق هەسرىتى ، ــ دېدى ئۇ ، ــ بىر چاغدا مەن بىر ئالىم كىشى بىلەن بىللە زىنداندا ياتقانىدىم . ئۇ ماڭا : ئەمەل نازلىق خوتۇنغا ئوخشايدۇ ، ئۇ گۈزەل ۋە ۋاپاسىز كېلىدۇ . ئۇ هېچكىمگە ، هەتتا شاهلارغىمۇ مەڭگۈ باقمەندە ئەمەس . ئۇ قولغا كېلىدۇ ، يەنە قولدىن كېتىدۇ . ئەمەل تۇتقۇچى بۇ هەقىقەتنى تەختنىڭ ئىگىز پەلەمپەيلىرىدىن دومىلاپ چۈشكەندىلا ئاندىن چۈشىنىپ ، نۇرغۇن ئىشلارنى خاتا قىلغانلىقىغا هەسرەت چېكىدۇ . ئۇ چاغدا ئۇ كېچىككەن بولىدۇ . دېگەنىدى . خەير مەن كەتتىم .

ــ توختا ! ـ دەپ ‹تامتېشەر›نى توختىتىۋالدى ئاقساقال ،ــ سەن بۇ خالتىنى كارۋات يېنىدىكى جىگدە تۈۋىگە ئۆز قولۇڭ بىلەن كۆمۈپ قويۇپ چىقىپ كەت . شۇ چاغدا سەن ماڭا هېچنىمە بەرمىگەن بولىسەن ، مەنمۇ سەندىن هېچنىمە ئالمىغان بولىمەن . بۇ نەرسىلەر بەلكىم ئوغۇللىرىمغا لازىم بولۇپ قالار . مەندىن سۈپۈرگىگە سالام ئېيت!

ــ سۈپۈرگە!... سۈپۈرگە دۇنيادا يا بار ، يا يوق ...

يانتاق ئاقساقال ‹تامتېشەر› گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى ئاڭقىرالماي قالدى ...‹ تامتېشەر› شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپلا غايىپ بولغانىدى .

ئەتىسى سەھەرلىكى يانتاق ئاقساقال ئىككى چوڭ ئوغلىنى يېنىغا چاقىردى .

ــ  ھەي ئۆمەر، بارات ، قېنى سىلەر؟ بۇ ياققا كېلىڭلار .

ئاقساقالنىڭ ئىككى ئوغلى كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ ئاتىسىنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى . كىچىك سەپەر بولسا ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى .

ــ  خوش ئاتا ، نىمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن ؟ ــ دېيىشتى ئوغۇللار .

ــ  مېنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغان ۋاقتىم ئاز قالغاندەك قىلىدۇ . گېپىمنى تىڭشاڭلار . بۇ ئۇستى ئوچۇق زىنداندا سىلەر مەن بىلەن تەڭ كۆلپەت تارتتىڭلار . خىزمىتىمدە بولدۇڭلار . مەن سىلەردىن ئىككىلا دۇنيا رازىمەن . لېكىن سىلەرنىڭ ئاغىزڭلارغا يېتەرلىك ئىلىم سالالمىدىم ، ئۆيلۈك ئوچاقلىق قىلالمىدىم . بۇ مېنىڭ ئۆز مەيلىمدىن ئەمەس ، ئامالسىزلىقىمدىن بولدى . مەندىن رازى بولۇڭلار .

ئوغۇللار ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلدى .

ــ  ئاتا ، بىز سىزدىن مىڭ مەرتىۋە رازى ، بالىلىرىم ، تىنىچلىنىڭلار ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار ، مەن ئۆلۈپ تارتىپ قالسام ، مېنى دەپنە قىلىپ بولۇپ ، ئاۋۇ جىگدە تۈۋىنى كولاڭلار ، ئۇ يەردە سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلار ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويۇلغان ئازغىنە بىرنەرسە تۇرۇپتۇ . ئۇنى ئېلىڭلار-دە، بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن قېچىڭلار .... ماۋۇ ئۇخلاۋاتقان سەپەر سىلەرنىڭ قېرىندىشىڭلار ، ئۇ تېخى كىچىك ، مەندىن كېيىن قالغاندا ئۇنى تاشلىۋەتمەڭلار ، جىگدە تۈۋىگە كۆمۈلگەن نەرسىدە ئۇنىڭمۇ بىر ئۈلۈش ھەققىي بار . ئۇنىڭغا مېنىڭ ئورنۇمدا ئاتىدارچىلىق قىلىشىنى سىلەرگە تاپشۇردۇم ،ــ ئاقساقال قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئوغۇللارغا دۇئا بەردى .

ــ  بۇ يەردىن بىز قانداق قېچىپ چىقىپ كېتىسەك بولار؟ ــ دەپ ئاتىسى بىلەن ئىنىسىگە قارىدى ئۆمەر .

ــ  بىر ياخشى نىيەتلىك ئادەم باغنىڭ غەربىدىكى چوڭ ياغاچ دەرىخىنىڭ يېنىدىكى تامدىن بىر تۆشۈك تېشىپ ، ئوت چۆپلەر بىلەن يېپىپ قويۇپتۇ . ئېسىڭلاردا بولسۇن.....

ــ  قېچىپ قەيەرگە بارىمىز ؟ــ دېدى بارات .

ــ ئەلۋەتتــە ئۆز يۇرتۇڭلارغــا ـ ‹ بــىغەملەر شەھــىرى›گــە بارىــسلەر ، ــ دېــدى يانتــاق ئاقــساقال ،ــ ئۇ يەردە ئەل سىلەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ ، سىلەر....

يانتــاق ئاقــساقال بالىلــىرىغا دەيدىــغان ئاخــىرقى مۇھــىم ۋەسىيەتلــىرىنى ئېيتــىپ بولالمــايلا تىنىقتىن قالدى .

‹ قاغىلــىق بــاغ›دىــن كۆتۈرۈلگــەن يــىغا ئاۋازىــنى ئاڭــلاپ دەرۋازا ئالدىدىــكى قــاراۋۇللار تېڭىــرقاپ قېلىشتى .

ــ هوي ، ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى بۇ ئاۋازنى دەسلەپتە ئاڭلىغان قاراۋۇل .

ــ نېمىنى ؟

ــ يىغا ئاۋازى ، باغ ئىچىدىن ئاڭلىنىۋاتىدۇ .

لەشــكەرلەر بــاغ ئىچــىدە بــىرەر هادىسىنــىڭ يــۈز بەرگەنلىكــىنى پەملەشــتى ـ دە، ئاقــساقالغا نەرســە كېــرەك ئەكــىرىپ بېرىدىــغان كېكــەچنى چاقىرىــشتى . كىچــىك ئىشــكنى شاراقشىتــىپ ئېچــىپ ، ئۇنــى نــىمە ۋەقــە بولغانلىقــىنى بىلــىپ چىقىــش ئۈچــۈن بــاغ ئىچــىگە كــىرگۈزۈشتى . كېكــەچ هايــال بولمــايلا قايتــىپ چــىقتى ـ دە ، چىرايلــىرىنى قــايغۇلۇق تۇســكە كــىرگۈزۈپ بــىر نــىمــىلەرنى دەپ شــەرەتلەپ ، لەشــكەرلەرگە ئاقساقالنــىڭ ۋاپــات بولغانلىقــىنى ئۇقتــۇردى . شەهەرنــىڭ چېتــىدىكى بــۇ تاشلاندۇق بــاغنى كــۆزەت قىلــىش جېنىــغا تەگكــەن لەشــكەرلەر جانلىنــىپ كېتىــشتى . بــىر نەتچىــسى بــۇ خــەۋەرنى ئوردىــغا يەتكۈزۈش ئۈچــۈن ئالدىــراپ ئات سېلــىشتى . لېكــىن ئۇلار ئوردىدىــن جــاۋاپ ئالالماي ، ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا يېرىم كۈن ساقلاشتى .

ئوردا دەرۋازىــسى ئالدىــغا قــاتمۇ قــات قــاراۋۇللار قويۇلغانــدى . ئوردا ئىچــى پاتپــاراق كۆرۈنــەتتى . ئۇ يەردىــن دۈپۈرلــەپ ئاتلــىقلار چىقىــپ قاياقلارغــىدۇر غايــىپ بولــىشاتتى . يەنــە قەيەرلەردىــندۇر ئات سېلــىپ يېتــىپ كەلگــەن ئەمەلــدارلار ئالدىــراپ ئوردا ئىچــىگە قــاراپ مېڭىــشاتتى . ئوردا قەتلــىئام قىلــىنغان شاهنــىڭ ئىشلــىرى بــىلەن ئالدىــراش ئىــدى . ئوردا ئىچــىدە زادى نــىمە ۋەقــە بولغانلىقــىدىن سىرتتىكــىلەر خەۋەرســىز ئىــدى . چۈشتىــن كېيــىن بولغانــدا ، ئوردىدىــن بــىر ئەمەلدار چىقىپ ‹ قاغىلىق باغ›دىن كەلگەن لەشكەرلەرگە :

ـ ئاقساقال ئۆلگەن بولسا ئۆلگەن بويىچە تۇرۇپ تۇرسۇن ، ئۆلۈم ئىشلىرى كېيىن بىجىرىلىدۇ ،ـ دەپ جاۋاپ بەردى .

يانتاق ئاقساقالنىڭ ئوغۇللىرى ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى باغ ئىچىگە دەپنە قىلىشتى . كۆز باغلىنىپ قالغاندى . ئۆمەر بىلەن بارات قىسقىلا خەتمىقۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن ، ھېلىقى جىگدە تۈۋىدىن دادىسى ئېيتقان نەرسىنى ئىزدەشكە باشلىدى . كۆپ كولىمايلا ئۆمەرنىڭ قولىغا بىر تېرە خالتا چىقتى .

ـ ئاتام بۇ خالتىنى تېخى يېقىندىلا كۆمگەن بولسا كېرەك ،ـ دېدى ئۆمەر .

ـ قانداق بىلدىڭ ؟ـ دېدى ئاكىسىنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ قاراپ تۇرغان بارات .

ـ قارىمامسەن ، بۇ يەردىكى توپا تېخى بوشلا تۇرىدۇ .

ـ خالتىمۇ نىمە ئۇ ؟

ـ ھە تېرە خالتا .

ـ ئىچىدە نىمە بار ئىكەن ؟

ـ ھازىر كۆرىسەن .

كىچىك سەپەر نىمە ئىشلارنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئاكىلىرىنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى . ئۆمەر بىلەن بارات خىرە كۆيۈپ تۇرغان چىراغنىڭ يېنىغا كېلىپ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى . ئۇنىڭ ئىچىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئالتۇنلارنى كۆردى ـ دە ، خالتىنىڭ ئاغزىنى دەرھال ئېتىشتى .

ـ ئەمدى بۇ لەنىتى باغدىن دەرھال يوقىلىش كېرەك ،ـدېدى بارات .

ـ سەل ئۆپكەڭنى بېسىۋالغىنە !ـ دېدى ئۆمەر ،ـ ئاتام بىز قېچىپ چىقىپ كېتىدىغان يەرنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىغۇ ؟

ـ مەن ئۇ يەرنى كۇندۇزى كۆرۈپ قويغان .

شۇ كېچە لەشكەرلەر باغنىڭ ئەتراپىنى كۆزەت قىلىشنى قويۇپ چوڭ دەرۋازا ئالدىغا يىغىلىۋېلىشقاندى . باغنىڭ ئىچىدىكى چوڭ جىنايەتچى ئۆلدى ، ئەمدى ئۆلگەن ئادەمنىڭ

قىچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەشىنىڭ ھاجىتى يوق ـ دە، ! ... ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراۋۇللار باشلىقى ئوردىدىن دەپنە ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى

ئوبدانراق ئۇقۇپ بېقىشنى باھانە قىلىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى . قاراۋۇللار ئەمدى ئۆزىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتىشتى . ئۇزۇن ۋاقىت بۇ لەنەت تەگكەن جىندىخانىنى <قاراۋۇللار ‹قاغىلىق باغ› شۇنداق ئاتىشاتتى .> كۆزەت قىلىپ زېرىككەن لەشكەرلەر ئەمدى بۇ ئىشتىن ئازاد بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خوشال ئىدى .

چۈنكى بۇ يەردە ۋاقىت ئۆتكۈزگەندە ئۇلار ئۈچۈن قىلچە پايدا يوق ئىدى . شەھەرنىڭ باشقىراق بىر ئەپلىك جايىدا بولغاندا ئۇلار ئاللىقانداق بىر باھانىلەرنى تېپىپ چىقىپ ، يولدىن ئۆتكەن دېھقانلار ، كاسىپلار ، سودىگەرلەردىن خېلىلا بىر نىمە ئۇندۇرىۋالالايتى . شەھەر ئىچىدە يەنە كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنلار بولۇپ تۇراتتى . ئۇ يەردە خالىغانچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىلى بولاتتى . بۇ لەنەت تەگكەن جىن ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا بولسا كېچىچە قاغىلارنىڭ قاقىلداشلىرى ، ھۇقۇشلارنىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋلاشلىرىدىن باشقا ھېچنىمىنى ئاڭلىغىلى بولمايتى . بۇ يەردە ئۇزۇن ۋاقىت كۆزەتتە تۇرۇپ ، زېرىككىپ ساراڭ بولايلا دېگەن قاراۋۇللار شۇ تاپتا ئەمدى بۇنۇڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قەيەرلەردە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقى توغرىسىدا قىزغىن پەرەزلىرىگە چۈشۈپ كەتتى .

ــ ھەي ، ھەي ، ئاۋۇ يىللىرى مەن شەھەر كوچىلىرىنى كېچىدە كۆزەت قىلىشقا چىقىپ ئوبدانلا تىرىلىپ قالغانىدىم . ــ دېدى بىر لەشكەر .

ــ ئۇنىڭدا قانداق تاپاۋەت قىلغىلى بولىدۇ ؟ ــ دەپ سورىدى ياشراق بىرلەشكەر .

ــ قانداق دېسەڭلار ، كېچىدە ماڭغان ھەر قانداق ئادەمنى توسۇپ ، ‹ نىمە دەپ كوچىدا يول يۈرىسەن ؟شاھىمىزنىڭ يېڭى پەرمانىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ ؟› دەپ بىر ئىككى پوپوزا قىلسەن ـ دە، يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ قۇرۇقداپ قويىسەن .

ــ ئەڭ ياخشى ئوقەت شۇ ! ــ دەپ تەستىقلىدى ئىككىنجى لەشكەر ، ــ كوچىلارنى ئارلاپ يۈرۈپ ، بەزىدە قىمار بولىۋاتقان سورۇنلارنىڭ تۆپىسىگىلا چۈشىسەن ، قىمارۋازلار ئىشتىنىنىڭ

چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي قاچىدۇ . تاۋكادىكى پۇلنىڭ ھەممىسى سېنىڭ بولىدۇ .

ــ ئۇنىمۇ دەيسىلەر ، بۇنىمۇ دەيسىلەر ، ــ دېدى يەنەبىرى ــ مەن سىلەرگە ئېيتسام ، ئىشنىڭ ھوزۇرى نەق پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئىچىدە قاراۋۇللۇق قىلىشمىكىن دەيمەن .

ــ شاھنىڭ ئوردىسىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرۇپ قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن ! ــ دېدى قېرى بىر لەشكەر ، ــ دوۋزاخنىڭ نەق ئۆزى ، ئۇ يەردە ساڭا تىرناقچىلىكمۇ ئەركىنلىكمۇ بولمايدۇ . ياغاچتەك قېتىپ تۇرماقتىن باشقا گەپ يوق شۇ .

ــ سەن نىمىنى بىلىسەن ؟ــ دەپ قارشى چىقتى قېرىنىڭ سۆزىگە ھېلىقى لەشكەر،ــ مانا ، مەن ئۇ يەردە تۇرۇپ كۆرگەن . قىززىقچىلىقنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ، ھاي ھاي ، بىر قېتىم ، بىر شاھزادە زىياپەت بولىۋاتقان ئۆيلەرنىڭ بىردىن مەست دەلدەڭشىپ چىقىپ كەلدى دىمەمسىلەر ، تۈن يېرىمىدىن ئاشقان ۋاقىت ئىدى .

شاھزادە مېنى چاقىرىپ:

› مېنى ئاۋۇ تەرەپكە يەتكۈزۈپ قوي !› دەپ شاھنىڭ كېنىزەكلىرى تۇرىدىغان باغ تەرەپنى كۆرسەتتى .

قورقۇپ كەتتىم . شاھنىڭ كېنىزەكلىرى تۇرىدىغان باغقا قالايمىقان يېقىنلىشىشقا بولمايتى .

› شاھزادە ، سىلى مەست بولۇپ قاپتۇلا ، ھوجۇرىلىرىغا يەتكۈزۈپ قويااي› دېدىم .

› جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ قانداق ؟!› دەپ بىر ئالىيىۋىدى ، ئىلاجىسىز ئۇنى يۆلەپ ماڭدىم .

باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئىككى قاراۋۇل بىزنى ئۇندىمەي ئۆتكۈزىۋەتتى . ئىشىكنى ئاچقان يەنە بىر لەشكەر بىزنى باشلاپ ماڭدى . بايا ئۇ شاھزادىنىڭ قايسى كېنىزەك بىلەن باردى كەلدىسى بارلىقىنى بىلىدىكەن . بىر كۆلنى ئايلىنىپ ئۆتتۇق . بىر تاش پەلەمپەيدىن چۈشتۇق . بىزنى باشلاپ كېتىۋاتقان لەشكەر :

› ئەنە ئاۋۇ ئۆيگە ئەكىر› دېدى ـ دە، ئارقىسىغا يېنىپ كەتتى .

قارىسام ، ئالدىمدىكى گۈللۈك ئىچىدە بىر ئىمارەت تۇرۇپتۇ . ئىشىكنى بىر كېنىزەك ئاچتى . ھېلىقى كېنىزەكنىڭ چىرايلىقلىقىنى دېمەمسىلەر ، ئۇزۇن بىر ئارا ئۆيگە كىرىپ قالدۇق ، ئارا

ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خاس ھوجرىلارنىڭ ئىشىكلىرى مەھكەم يېپىقلىق تۇرۇپتۇ . كېنىزەك بىزنى ئەڭ چېتىدىكى ئۆيگە باشلىدى . بۇ ئۆيدىكى جابدۇقلارنىڭ ئېسىللىقىنى ئېيتايمۇ ، ئىچكىردىكى ئۆيدىن يەنە بىر كېنىزەك چىقىپ شاھزادىنى قولۇمدىن ئالدى ، شاھزادىنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان كېنىزىكى شۇ ئوخشايدۇ .

ــ ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق بولسا كېرەك ؟ ــ دەپ گەپ ئارىلىدى ھېلىقى لەشكەر .

ــ راستىنى ئېيتسام ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىدىم. ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان خۇش پۇراق ، يىنىك شىپىرلاپ مېڭىشلىرىغا قاراپلا ھوشۇمنى يوقىتىپ قوياي دېدىم . تېخىمۇ قىزىق ئىش ئۇ يەردىن قايتىپ چىقىۋاتقىنىمدا بولدى . شاھزادىنى شۇ يەرگە قويۇپ قايتىپ چىقتۇق . ھېلىقى بىزگە دەسلەپتە ئىشىك ئېچىپ بەرگەن كېنىزەك مېنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولۇپ يەنە ئارا ئۆي بىلەن ماڭدى ، تاشقىرقى ئىشىككە يېقىنلىغان ۋاقتىمىزدا ئۇ مېنى بىرلا تارتىپ ياندىكى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى . نىمە بولغانلىقىنى بىلمەي قالدىم . ئىشىكنى گۆپپىدە ياپتى ـ دە ، ئۇستىدىكى كىيىملىرىنى شارت شۇرتلا قىلىپ سېلىپ يالاڭاچ بولدى .

› ھەي سەن نىمە قىلىۋاتىسەن ؟› دەپ قورققىنىمدىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتىم .

› كەل ، بىر كۆڭۈل ئېچىۋال› دەپ مېنى كارۋات تەرەپكە تارتتى ئۇ . چىمىلداق تارتىلغان كارۋاتتا چۈشەكلەر تەييار سېلىقلىق تۇرۇپتۇ . بايا ئۇ مۇشۇ يەردىن قوپۇپ چىقىپ بىزگە ئىشىك ئېچىپ بەرگەن ئوخشايدۇ .

› قوي ئۇنداق قىلما ، بىشىم كېتىدۇ› دەپ يالۋۇردۇم ، ھېلىقى يالغۇزلۇقتا زېرىكىپ ئۆلەي دىگەن كېنىزەك ئوخشايدۇ ، گېپىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس .

› گېپىمگە كىرمىسەڭ <ماڭا چېقىلدى > دەپلا تۆھمەت قىلىمەن ، بالاغا شۇ چاغدا قالىسەن . بول ، ئىشنى چاققانراق پۈتتۈرۈپ يولۇڭغا ماڭ !› دېدى .

ئىلاجىم يوق ، جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدا بىر دەم ياتتىم ــ دە ، قايتىپ چىقتىم .

ــ تازا مەززە قىلىپسەندە ؟ــ دەپ سورىدى لەشكەرلەر قىزىقىپ .

ــ قورققىنىمدىن نېمە لەززەت بولغىنىنىمۇ بىلمەپتىمەن ، ھازىر ئويلىسام ھوزۇرلىنىپ

كېتىمەن .

ــ ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ــ دېدى بىر لەشكەر،ــ « بىغەملەر شەھىرى» دىگەن بىر يەرگە بارغان لەشكەرلەر ناھايىتى بېيىپ كېتىپتۇدەكقۇ ؟ ....ئۇ يەردىمۇ چىرايلىق خوتۇنلار شۇنچە كۆپ دەيدۇ .

ــ بىز مۇشۇ باغدا ساقلاپ ياتقان جىنايەتچى ئەسلىي شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىمىش .

ــ بۇ گەپچە ، ھېلىقى پادىشاھنى بىز بۇ يەردە كۆزەت قىلىپ يېتىپتىمىز ، پايدىسىنى باشقا غوجاملار ئاپتۇ ـ دە !

ــ ئوردىغا ئۇ يەردىن ئولجا ئېلىنغان ماللارنى ئارتقان كارۋانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتىدۇ دەيدۇ .

ـ ئوردىدىكى ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئەمىلىنى ئۆستۈرگۈدەك...

ــ ھە راست ، سىلەرگە ئېيتىمەن دەپ ئۇنتۇپتىمەن ،ـ دېدى ئەتىگەن يانتاق ئاقساقالنىڭ ئۆلىمىنى ئوردىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بارغان قاراۋۇللارنىڭ بىرى ، ـ

ئوردىدا بىرەر ئەھۋال بولدىمۇ قانداق ؟ ئوردا ئىچى ناھايىتى پاتپاراق كۆرۈنىدۇ .

ـ ئۇ ئىشلارغا سەن بېشىڭنى قاتتۇرما! دېدى ھېلىقى قېرى قاراۋۇل ،ـ ئوردا دېگەندە ھەر كۈنى خىلمۇ خىل ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ ، ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىشايلى....

بىر ھەپتىدىن كېيىن يانتاق ئاقساقالنىڭ ئۆلۈم ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئوردىدىن بىر ئەمەلدار چىقتى . دەرۋازىنى ئېچىپ باغقا كىرىپ ھەممە ھەيران بولۇشتى . باغنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ ، ئوچاقلارنىڭ كۈلى ئاللىبۇرۇن سوۋۇپ كەتكەنىدى . باغ ئىچىدە نە ئاقساقالنىڭ ، نە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتى . قاراۋۇللارنىڭ ۋارقىراشلىرىغا ھۆپۈپنىڭ سايراشلىرى ، قۇرۇغان شاخ ئۈستىدە ئولتۇرغان پاختەكنىڭ گۇگۇلداشلىرى جاۋاپ بولدى . قاراۋۇللار تۆت تەرەپكە تارقىلىپ ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغىچە قويماي ئىزدەپ باغنىڭ ئىچىنى ئاستىن ئۈستۈن قىلىۋەتتى . ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى قانات ياساپ ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەكلا غايىپ بولغانىدى .

— بۇ نېمە گەپ ؟ - دېدى ياڭاق دەرىخى يېنىدىكى تام تۆشۈكىنى كۆرگەن ئەمەلدار .

— بۇ ، بۇ ...- دەپ دۇدۇقلىدى نەتچە كۈندىن بېرى تامنىڭ شۇ تەرىپىنى كۆزەت قىلغان قاراۋۇل ،- مەن بۇ يەردىن نەتچە ئۆتكەن ، بۇ تۆشۈكنى تېخى باغقا سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچمىكىن دەپتىكەنمەن .

قارس قىلىپ تەگكەن بىر كاچات بىلەن ھېلىقى قاراۋۇل ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى .

— ھوي نان يېمەسلەر، سەنلەر بۇ يەردە ئۇخلاپ يېتىشىپسەن ، ئۇلار تامنى تېشىپ قېچىپتۇ ... قېچىپتۇ ؟ - دەپ ئۆز ئۆزىگە سۇئال قويۇپ ئويلىنىپ قالدى ئەمەلدار ،- باشقىلارغۇ تام تېشىپ قېچىپ كەتسۇن ، ئاقساقالنىڭ ئۆلۈكىمۇ بىللە قېچىپ چىقىپ كېتەمدۇ ؟...سىلەر ئاقساقالنى ئۆلدى دەپ مەلۇم قىلغان ئەمەسمىدىڭلار؟!

— توغرا ، ئۇ ئۆلگەنىدى .

— ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭ ئۆلۈكى قېنى ؟...زادى ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى كىم كۆرگەن ؟ سەن كۆرگەنمۇ ؟

ئەمەلدارلار قاراۋۇللار باشلىقىغا تىكىلدى .

— بىزدە باغقا كىرىش ھوقۇقى يوق ئىدى ،- دەپ ئېتىراز بىلدۈردى قاراۋۇللار باشلىقى ،- شۇ كۈنى ئەتىگەندە باغ ئىچىدە يىغا زار قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . بىز نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن خاس خادىمنى كىرگۈزدۇق . ئارىمىزدا شۇنىڭغىلا باغقا كىرىش چىقىش ھوقۇقى بېرىلگەن . ئۇ بىزگە ئاقساقالنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېيتتى . بىز بۇ خەۋەرنى قائىدە بويىچە دەرھال ئوردىغا يەتكۈزدۇق .

بۇ گەپ بىلەن ھېلىقى بىچارە كېكەچ بالاغا قالدى . ئەمەلدار كېكەچنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشتۈرۈپ تۇرۇپ سورىدى ؛

— ئېيتە سەن زادى ئاقساقالنىڭ ئۆلگىنىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنمۇ ؟ ئۇ نېمە بولۇپ ئۆلگەنىكەن ؟ قانداق ئۆلۈپتۇ ؟ سەن كىرگەندە ئۇنىڭ باللىرى نېمە قىلىۋاتقانىكەن ؟

كېكەچ كانىيىدىن چۈشىنىكسىز تاۋۇشلارنى چىقىرىپ قوللىرىنى شەرەتلەپ تىپىرلاپ كەتتى .

- بۇ نىمە دەيدۇ ؟ ـ دەپ ئەتىراپىغا قارىدى ھېچنىمنى چۈشەنمىگەن ئەمەلدار .

- ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن ، دەيدۇ .

- بەلكىم ئۇ شۇچاغدا يالغاندىن ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالغاندۇر. ئۇلارنى قەيەردىن بولسۇن ئىزدەپ تېپىڭلار ! شۇنىڭ بىلەن شەھەر دەرۋازىسى ، شەھەر ئەتىراپى ، شەھەر كوچىلىرىدا جىددىي ئاختۇرۇش باشلىنىپ كەتتى . قاراۋۇللار ، پۇقراچە ياسانغان جاسوسلار قانداقتۇر بىر چايخانا ، ئاشخانىلارنىڭ ئوتۇن ياغاچ قويىدىغان ئۆيلىرى ، سودىگەرلەرنىڭ ئامبارلىرىغا ئۇسۇپلا كىرىشەتتى . يولدىن ئۆتكەن گۇمانلىق ئادەملەرنى توختىتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ چىرىيلىرىغا سەپ سېلىشاتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى يانتاق ئاقساقال ۋە ئۇنىڭ باللىرىنىڭ چىرايىنى كۆرۈشمىگەندى . ئۆلۈپ كەتكەن يانتاق ئاقساقال ئۇلارنىڭ ئالدىغا دوقۇرۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھېچقايسىسى تونىمىغان بولاتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇلار قارغۇلارچە ئاختۇرىشاتتى . ئالدىراشلىق ئىچىدە ھەر تەرەپكە چاپاتتى....

بۇ چاغدا يانتاق ئاقساقالنىڭ ئوغۇللىرى يىراقتىكى بىر يولدا ئالدىراش كېتىپ بارماقتا ئىدى .

## توقسان توققۇز تىللا

يانتاق ئاقساقالنىڭ باللىرى ‹قاغىلىق باغ›دىن قېچىپ چىققان كۈنى كېچىسى شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىدا دەككە دۈككە ئىچىدە تاڭ ئاتقۇزدى . تاڭ يورۇپ ،شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەنلا ئۇلار قانداقتۇر بىر كارۋانلار توپىغا قېتىلىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئامان ئېسەن چىققۇالدى . يېنىك تىنىشىپ ، ئارقا كەينىگە قارىماي جىددى يول باستى . شەھەر دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا خەۋىپ سالىدىغان ياساۋۇللار ئىغىر ئايپالتا ، قىلىچ ، گۇرزىلىرىنى تۇتقىنىچە

بارغانسىرى يىراقتا قالماقتا ئىدى . شەھەر دەرۋازىسىدىن باشلاپ ھەر تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ

كەتكەن چوڭ يول ئۇلارغا ئەركىنلىك ۋەدە قىلىپ يېپىلىپ ياتاتتى .

سەھەرنىڭ سالقىنىدا قۇشلار كۆڭۈللۈك چۇرقىرىشاتتى . شەھەردىن چىققان يولوچىلار شۇ يوللار بىلەن دېھقانلار ، كاسىپلار ، ئوتۇنچىلار شەھەرگە قاراپ ئالدىراپ ئېقىشاتتى .

هازىرچە ئاكا ئۇكىلار تېخى ئەركىنلىكنىڭ ئۆزلىرىگە تولۇق قايتىپ كەلگىنىگە جەزىم قىلىشالمايتى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىققان لەشكەرلەر ھېلىلا ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىشى ، ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن جازالاپ ، قاراڭغۇ زىندانلارغا بەند قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ئۇلار دەسلەپكى بىر قانچە كۈن ئىچىدە توختىماي ، كېچە كۈندۈز دېگۈدەك ئالدىراش يول بېسىشتى . يىگىتلەرنىڭ بىرى سەپەرنى ھاپاش قىلىۋالغانىدى . يەنە بىرى قويىنىغا تىللا قاچىلانغان خالتىنى سېلىپ ، مۈرىسىگە ئۇزۇق تۇلۇك سېلىنغان تۇگۇنچەكنى ئارتىپ كېتىپ باراتتى . ئۇلار ئاچا يوللارغا كەلگەندە ئەڭ خىلۋەت يوللارنى تاللايتى . زىرائەت مايسىلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللار بىلەن مېڭىپ قانداقتۇر بىر يېزىلار ياكى سۇپىسۇزۇك سۇلار ئېقىپ تۇرغان ئۆستەڭلەرنىڭ يېنىدىن چىقىپ قالاتتى . يېپىلىپ ئاققان سۇ ئاستىدا رەڭمۇ رەڭ تاشلار پارقىراپ تۇراتتى . تاشلارنىڭ يالتىراشلىرى كىشىگە ئېقىۋاتقان سۇنىڭ سۇزۇك ۋە تازىلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى . بەزىدە ئۇلار سۇ بويىدا توختاپ ، بوغچىلىرىدىكى ناننى سوغوق سۇغا چىلاپ مەزە قىلىپ يەيتى ـ دە ، ھەش پەش دېگۈچە يەنە كۆزدىن غايىپ بولۇشاتتى . كېچىلىرى ئۇلار ئوچۇق دالا ياكى قانداقتۇر بىر تاشلاندۇق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە ئۆگىدەپ بىر ئاز كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىپلا يەنە يولىنى داۋام قىلىشاتتى . ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان گەپلىرىمۇ ناھايىتى قىسقا ئىدى . جىمجىت يول بېسىپ ، كۆپىنچە ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولاتتى .

› خىلۋەت بىر جاينى تېپىپ خالتىدىكى تىللالارنى ساناپ كۆرىمىز، ـ دەپ خىيال قىلاتتى چوڭ ئوغۇل ئۆمەر ،ـ ئەلۋەتتە مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن تىللالاردىن كۆپرەك ئېلىشقا ھەقلىقمەن ، چوڭنىڭ ئۈلۈشى ئەلۋەتتە چوڭ بولىدۇ، ـ دە. ئاندىن يۇرتقا بېرىپ بىر باغلىق قورو سېتىۋالىمەن . بازار ئىچىدە گەزمال دۇكىنى ئاچىمەن ...ھەر قانچە تەكلىپ قىلىشسىمۇ ياكى

ئامەت كېلىپ قالسىمۇ شەھەرگە ئاقساقال بولمايمەن ‹....

ئاتىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ئۆمەردە ئەنە شۇنداق تەسىرقالدۇرغانىدى . ئۇ پۇقرا بولۇپ ياشاشنى ، پۇقرابولغاندىمۇ قانداقتۇر ئىسسىق ئوچاق ياكى ھور بىلەن بىخسىپ كەتكەن ئاشخانىدا كۈن ئۆتكۈزىدىغان ئاشپەز ، ئۆمرى كۈرسىدا مۈكچىيىپ ئۆتىدىغان موزدوز ۋە ياكى پىزغىرىم ئىسسىقتا قىززىق تۆمۈرگە بازغان ئۇرىدىغان تۆمۈرچى ئەمەس ، بەلكى قورساقنى تىوقلاپ چىقىپ ، سالقىن دۇكىنىدا بۇرتىنى تولغاپ چېيىنى ئىچىپ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ سودىسىنى قىلىدىغان سودىگەر بولۇشنى خالايتى .

‹تىللالارنى ئاكام ئىككىمىز بابىراۋەر بۆلۈشۇالىمىز ياكى مەن كىچىك بولغاندىن كىيىن تىللالاردىن كۆپرەك ئېلىشقا ھەقلىقمەن ،- دەپ ئويلىناتتى ئىككىنجى ئوغۇل بارات ،- مەن يۇرتقا بېرىپ كاتتا باينىڭ قىزىغا ئۆيلىنىمەن ، باينىڭ قىزى چىرايلىق بولمىسىمۇ مەيلى ، دادىسىنىڭ پۇلى جىقراق بولسا بولدى . كېيىن قېيناتامدىن كۆپلەپ مىراس ئالىمەن ، سەت قىزنى خوتۇن قىلغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە مىراسنى بولسىمۇ كۆپرەك بېرىدۇ -دە ، ... ئاندىن پۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ دومىلىتىپ ، بىرنى ئون ، ئوننى يۈز قىلىمەن . خوتۇندىن يەنە ئىككىنى ، ئۈچنى ، ئوننى ئالىمەن ، ئەلۋەتتە كېيىنكى خوتۇنلىرىمنى تاللاپ ، شەھەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق قىزلىرىدىن ئالىمەن ، ھەر بىر خوتۇنۇمغا ئايرىم باغلىق ھويلىلارنى قىلىپ بېرىمەن . ھەر كېچىسى ئۇلارنىڭ قېشىدا نۆۋەت بىلەن قونۇپ چىقىمەن...›

– ئاكا ، بىز نەگە بارىمىز ؟ مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟– دېگەنىدەك سۇئاللار بىلەن ئۆز ئاكىلىرىنىڭ خىياللىرىنى پات پات بۆلۈپ قوياتتى سەپەر .

– ھە ، سېنىما؟....سېنى ئۆز شەھىرىمىزگە ئەكىتىۋاتىمىز .

– ئوينىتىپ كېلەمسىلەر؟

– ئۇ دىگەن ئۆزىمىزنىڭ يۇرتى ، سەنمۇ ئەمدى شۇ يەردە چوڭ بولىسەن .

– ئۇ يەر يىراقمۇ ؟

– يىراق ، بىز سېنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىمىز .

- ئاتام قېنى ؟

- ئاتام هېلىقى باغدا قالدى.

- ئۇ كەلمەمدۇ؟

- ئارقىمىزدىن كېلىدۇ....

سەپەر ھەممىدىن خوشال ئىدى . شۇ كۈنگىچە ئۈنى ھېچكىممۇ مۇنداق ئۇزاق كۆتۈرۈپ ئوينىتىپ باقمىغان . ئۇ جاھاننىڭ ھېلىقى تۆت تام بىلەن قورشالغان باغقا قارىغاندا شۇنچە كەڭلىكىگە ، يىراقلاردىكى ئۇپۇق سىزىقىغا ، قۇياشنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى لاۋۇلداپ چوغ بولۇپ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ ، يەنە شۇنداق قىپقىزىل شەپەق ئىچىدە غايىپ بولىدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى . ئۇ ئىسسىق قوللىرى بىلەن ئاكىلىرىنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاقلاپ ، ھەممىسىگە شادلىق ئىچىدە نەزەر سالاتتى .

بارا بارا ئاندا ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان مەھەللىلەرمۇ تۈگەپ ، كۆز يەتكۈسىز چۆل يوللىرى باشلاندى . بىر كۈنى ئۇلار يىراقتىن بىر ئۆينىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ، شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى . ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كۆرگىنى ئۆي ئەمەس ، تاشلىنىپ قالغان كوناتۈگمەن ئىدى . ئاكا ئۇكىلار تۈگمەنگە يېقىنلاپ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈشتى . تۈگمەننىڭ ئۆيلىرى قىيسىيىپ پاكارلاپ كەتكەن ، تۈگمەن ئىچىنى قېلىن تور قاپلاپ ، تورۇسلارنىڭ چىرىگەن ياغاچلىرى قارداپ ساڭگىلاپ قالغاندى . بۇ يەر كىشىگە ھېلىقى قەدىمكى چۆچەكلەردىكى كېچىلىرى جىنلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ، كارۋانلارنى يولدىن ئازدۇرىدىغان تۈگمەنلەرنى ئەسلىتەتتى . تۈگمەن ئارقىسىدىكى كونا ئۆستەڭنىڭ بويىدا ئۆسۈپ تۇرغان يوغان بىر تۈپ ئۈجمە شاخلىرىنى كەڭ يېيىپ ، ئەتراپقا سايە تاشلاپ تۇراتتى . ئۈجمە شېخىدا

قارىغۇجا ، قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ ئۈجمە يېيىشمەكتە ئىدى . يەرگە چۈشكەن يوغان ئاق ئۈجمىلەر پاكىز قۇم ئۈستىدە پارقىراپ تۇراتتى . بۇ ھەيۋەتلىك ئۈجمە دەرىخىنىڭ يىلتىزلىرى ئېھتىمال يەرنىڭ قات قاتلىرىغا تارقىلىپ ، ناھايىتىمۇ چوڭقۇردىن سۇ ئىچىدىغاندۇر . شۇڭا ئۇ بۇ يەردىكى قۇرغاقچىلىق ، بوران چاپقۇنلارغا پەرۋا قىلماي قەيسەرلىك بىلەن ياشناپ

تۇرغاندى . ئۇ بۇ يەردىكى نۇرغۇن ئىشلارنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى . بۇ ئەتراپ قايسى زامانلاردا ئاۋات بولغان .

بۇ تۆگمەنلەرنى كىملەر ياساتقان ، بۇ يەرلەر قاچاندىن باشلاپ قۇملىشىپ كەتكەن ، بۇ ئەسكى تۆگمەن قانچە جىن شەيتان ، ئوغرى قاراقچى ، مۇساپىرلار ئۆچۈن قونالغۇ بولغان ؟ ـ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئۆجمە ئۆندىمەي ئىچىدە ساقلايتى . بۆگۈن ئۇ يەنە يېڭى بىر ۋەقەنىڭ شاھىتى بولۇپ قالدى .

ـ بۇ يەردە بىردەم ئارام ئالايلى ، ماڭ ، سەپەر ، سەن بېرىپ ئۆجمە تېرىپ يە ! ـ دېدى سەپەرنىڭ ئاكىلىرى .

سەپەر يۆگۈرۈپ يۈرۈپ ئۆجمە تېرىپ يېيىشكە باشلىدى . سەپەرنىڭ ئاكىلىرى بوغچىلىرىنى يېنىغا قويۇپ ، پۇت قوللىرىنى سوزۇپ ئەتراپقا قاراشتى . تۆت ئەتراپ ئادەمسىز چەكسىز چۆل ئىدى . بۇ تۆگمەننىڭمۇ تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان بولسا كېرەك ، تۆگمەنگە كېلىدىغان سۇ ئورنىنىڭ ئىزنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى .

ـ قېنى خالتىنى تۆك ، ئۇنىڭدا قانچىلىك دۇنيا باركىن ،ـ دېدى بارات ئاكىسىغا .

ئۆمەر ئالدىدىكى يەرنى پۈۋدىۋېتىپ ، تېرە خالتىنىڭ ئاغزىنى دۈم قىلدى . تىللالار كۆزنى چاقنىتىپ ، يىنىك جاراڭلاش بىلەن يەرگە تۆكۈلدى .

ـ ئوھۇي! ـ دەۋەتتى بارات ، ـ قارا ، ئۇ ئاجايىپ ساپ ئالتۇندىن قۇيۇلغانىكەن .

ـ ئەلۋەتتە ئاتام بىزگە ناچار نەرسىنى ساقلىمايدۇ ـدە! ـ دەپ تەستىقلىدى ئۆمەر .

ئاكىلىرىنىڭ ئاجايىپ پارقىراق بىر نەرسىلەرنى يەرگە تۆككەنلىكىنى كۆرگەن سەپەر ھەيران بولۇپ يۆگۈرگىنىچە يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ دۈپدۈگىلەك نەرسىلەر دوملىتىپ ئويناشقا ئەپلىك ئويۇنچۇقتەك كۆرۈندى ـدە ، قولىنى سۇندى :

ـ ھەي ، بىزنى ئېلەشتۈرمە ! ـ دەپ سەپەر قولىغا ئالغان بىر تال تىللانى تارتىۋالدى بارات ،
ـ قېنى ساناپ باقايلى ، ھەممىسى بولۇپ قانچىكىن ؟

ئۆمەر تىللالارنى ساناشقا باشلىدى . بارات پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاكىسىنىڭ قولىغا قاراپ

ئۇمۇ ئىچىدە ساناۋاتاتتى .

— بىر ، ئىككى ، ئۈچ ، يىگىرمە ، قىرىق ، ئەللىك ... توقسان توققۇز!

ئاكا ئۇكا بىر بىرىگە ئۈندىمەي قاراپ قويۇشتى ـ دە ، تىللالارنى يەنە ھەر قايسى ئۆز ئالدىغا ساناپ بېقىشتى ، تىللا جەمئىي توقسان توققۇز دانە ئىدى .

— نىمىشقا توقسان توققۇز بولىدۇ ـ دەپ ھەيران بولدى بارات .

— ئۇ نىمە دىگىنىڭ ؟

— نىمە دىگىنىم بولاتتى ، نىمىشقا توقسان توققۇز بولۇپ قالىدۇ ؟ دەۋاتىمەن .

— توقسان توققۇز بولغاندىن كىيىن توقسان توققۇز بولمامدۇ!

— ياق !ـ دەپ بېشىنى چايقىدى بارات .

— ئەمىسە ، سىنىڭچە قانچە بولسا بولاتتى ؟

— ئەلۋەتتە يۈز بولىشى كېرەك ـ دە!

ئۇلار تىللا سالغان خالتىنى ئۇرۇپ قېقىپ ، ئىچىنى ئۆرۈپ قاراپ بېقىشتى . بىرەر تال تىللا ئەتراپقا دومىلاپ كېتىپ قالدىمىكىن دەپ تۆت تەرەپكە تەڭ قاراشتى

.ئاخىرىدا تىللالارنى يەنە باشقىدىن ساناشتى . تىللا توقسان توققۇز ئىدى .

— دېمىدىمۇ ئەنە ، تىللا توقسان توققۇز تۇرمامدۇ .

— ياق ، يۈز بولىشى كېرەك ، ـ دەيتى بارات ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپ .

— نىمىشقا ؟ـ دەپ سورىدى ئۆمەر تېرىكىپ .

— بىزگە ئاتام ھەرگىزمۇ بىر كەم يۈز تىللانى مىراس قىلىپ قالدۇرمايدۇ ، توقسان توققۇزنى ساقلىغان ئادەم جەزمەن يەنە بىر تىللانى قېتىپ يۈز تىللا قىلىپ قويىدۇ .

— مەن ساڭا نىمىشقا دەۋاتىمەن ؟

— نىمىشقا بولاتتى ، شۇنداق بولغاندا بۇ تىللالارنى ئىككىمىز توپتوغرا ئەللىك دانىدىن تەڭ بۆلۈشۈۋالايمىز . ـ دە!

— بەلكىم ئاتام مېنى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئەللىكنى ، سېنى كىچىك بولغاندىن كېيىن

قىرىق توققۇزنى ئالسۇن دەپ ئويلىغاندۇر ،ـ دېدى ئۆمەر .

ـ مىراس ھەققى دىگەن چوڭ كىچىككە ئوخشاش ...

ئۇلار تىللالارنى خۇددى شۇنداق قىلسا كۆپىيىپ قالىدىغاندەك قايتا ئارلاشتۇرۇۋېتىپ يەنە باشقىدىن ساناپ چىقىشتى ، بارات ئۆزە تۇرۇپ سانىسا ئۆمەر ئولتۇرۇپ ساناپ باقتى . مەيلى ئۇلار قانداقىسىگە سانىسۇن تىللا يەنىلا توقسان توققۇز ئىدى .

ـ بەلكىم ئاتام مىنى كىچىك بولغاندىن كېيىن ئەللىكىنى ، سىنى چوڭ بولغاندىن كېيىن قىرىق توققۇزىنى ياكى بولمىسا مىنى ئاتمىشنى سىنى ئوتتۇز توققۇزىنى ئالسۇن دىگەن بولسا كېرەك ،ـ دېدى بارات .

ـ راست دەيسەن ، ئاتام سىنى تىللالارنىڭ ھەممىسىنى ، مىنى قورۇق خالتىنى ئالسۇن ، دىگەن بولىشىمۇ مۇمكىن !ـ دەپ ئاچچىق تەنە قىلدى ئۆمەر .

تىللالارنى زادى قانداق بۆلۈشۈش توغرىسىدا ئىككى ئوغۇل ئۇزاق دەتالاش قىلدى . لېكىن ، زادىلا كېلىشەلمىدى . ئاكىلىرىنىڭ نىمىشقا شۇنچىلىك قىزىرىشىپ ، بىر بىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن سەپەر سالقىن شامال ئۇرۇپ تۇرغان ئۈجمە سايىسىدە ئولتۇرۇپ ئۇگىدەپ قالدى . ئۇنىڭ سەبىي چېھرىدە قۇياشنىڭ ئۈجمە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن ئۇششاق نۇرلىرى جىمىرلايتى . سەپەرنىڭ ئاكىلىرى ئاشۇ تىللالاردا سەپەرنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى ، توقسان توققۇز تىللانى ئۈچكە بۆلگەندە توپتوغرا ئوتتۇز ئۈچ تىللادىن بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى . ھەر ئىككىسى كۆڭلىدە بۇ ھەقتە ئويلانغان بولسىمۇ ، بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي ، ھە دەپ ئۆزلىرىنىڭ تالاش تارتىشىغا چۈشۈپ كېتەتتى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سەپەر ئۆز ھەققىگە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان گۆدەك ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ، ئاخىرىدا چوڭ ئوغۇل ئۆمەر قىيىنلىپ تۇرۇپ سەپەر ھەققىدە ئەسكەرتتى .

ـ راست ، سەپەرچۇ ؟ ...ئۇنىڭمۇ ئاز تولا ھەققىنى بۆلۈپ قويىشىمىز كېرەكقۇ ؟

ـ ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا، تىللانى نىمە قىلىدۇ ؟

ــ كىچىك بولسا چوڭ بولامدۇ ؟

ــ ئۇنى كىم بېقىپ چوڭ قىلىدۇ ؟

ــ ئەلۋەتتە ئىككىمىز .

ــ ھەببەللى ، ئىككىمىز بېقىپ چوڭ قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن ، تىللانى ئىككىمىز تەڭ بۆلىشىۋالساق بولىدۇغۇ .

ــ بولمايدۇ . ئۇنىڭ ئۆلىشىنى ئايرىپ قويۇپ ، سەپەر چوڭ بولۇپ ئەقلىنى تاپقاندا ، مانا ماۋۇ ئاتاڭدىن ساڭا تەگكەن مىراس ، دەپ چىرايلىق قولىغا تاپشۇرغىنىمىز دۇرۇس .

ــ ئۇنداق بولسا ،ــ دېدى بارات ،ــ سەپەرنىڭ ئۆلىشىنىمۇ ماڭ قېتىۋەت ، سەپەرنى ئۆزۈم بېقىپ چوڭ قىلىمەن .

ــ بۇ گەپچە سەن ئاتمىش ئالتە تىللا ئالسەن ، مەن ئاران ئوتتۇز ئۈچ تىللا ئالامدىمەن ؟

ــ شۇنداق بولىدۇ-دە!

ــ بولمايدۇ ، سەن ئۇنىڭ ھەققىنى خەجلەپ قويىسەن . چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزۈم بېقىپ تەربىيلەي .

ــ شۇنداق قىل ، ئۆكىمىزنى بېقىپ ئالىدىغان ساۋاپنى ساڭا ئۆتۈنۈي ، ئەمما ، ئالتۇننى تەڭ بۆلۈشىۋالىمىز .

ــ پاھ ، نىمىدىگەن ئۇستاتلىق بۇ-ھە! سەن باقساڭ ئۆلۈشىنى ئۆزۈڭگە قېتىۋېلىپ باققۇدەكسەن ، مەن باقسام ھېچنىمە ئالمىغۇدەكمەن ، ئۇنداقتا سەپەرنىڭ ھەققى نەگە كېتىدۇ ؟...

مەن ئاتمىش ئالتە تىللا ئالىمەن ، ساڭا ئوتتۇز ئۈچى قالىدۇ .

ــ پاھ ، سەنچۇ ؟...سەن ئۇنى باقمەن دەپ قويۇپ ئۇنىڭ ھەققىنى خەجلىۋالماسەنكەن ؟

ـ ئۇنداق بولسىچۇ مۇنداق قىلايلى ، تىللالارنى تەڭ ئۈچكە بۆلۈپ ، سەپەرنىڭ ھەققىنى ئايرىپ قويايلى ، يۇرتقا يېتىپ بارغاندا تىللالارنى خالىس بىر مويسىپىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزايلى . سەپەر چوڭ بولغاندا شۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئۆز ھەققىنى تاپشۇرۇۋالسۇن . ئەمدىغۇ باشقا

گېپىڭ يوقتۇر ؟

ئاكا ئۇكا ھەر ئىككىلىسى جىمىپ كەتتى . سەپەر ھېچنىمىدىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇخلىماقتا ئىدى . ئەگەر بۇ كىچىككىنە بالىغىمۇ ئالتۇنلارنىڭ ئۆچتىن بىر قىسمىنى بېرىۋېتىدىغان ئىش بولسا ، ئۆمەرنىڭ ئاچماقچى بولغان گەزمال دۇكانلىرىغا تەسىر يېتەتتى . باراتنىڭ ئالماقچى بولغان خوتۇنلىرىنىڭمۇ سانى كەم بولاتتى .

- بىز بىمە دەپ سەپەرگىمۇ بىر ئۈلۈش بەرگۈدەكمىز ؟ئۇ دىگەن باشقا بىر خوتۇننىڭ بالىسى تۇرسا ؟ــ دېدى بارات .

ــ باشقا خوتۇندىن بولغان بولسىمۇ ، يەنىلا ئاتامنىڭ پۇشتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەپەرنىڭ ئانىسى بىزنىمۇ جاپايىمىزنى تارتىپ چوڭ قىلغان.......

ــ بىز ئۇنى يەلكىمىزگە مىندۈرۈپ ‹قاغىلىق باغ›دىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتۇق . چوڭ بولغاندا ئۇ بىزگە رەھمەت ئېيتسا بولىدۇ . شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك !ــدەپ ئاكىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى بارات .

ئۇلار يەنە ئۇزاققىچە جىمىپ قېلىشتى . سەپەر توغرىسىدىكى خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇلار توقسان توققۇز تىللانىڭ جېدىلىنى بىردەملىككە ئۇنتۇدى . توقسان توققۇز تىللانىڭ بىر كەم بولۇشى ئانچە چوڭ گەپ ئەمەس ، قەدىمىي ھېكايىلەردە ئېيتىلغاندەك ، توقسان توققۇزنى بەرگەن خۇدايىم ئەلۋەتتە يەنە بىرنىمۇ بېرىدۇ . ئەمما ، مۇنۇ ئۇخلاۋاتقان سەپەرنىڭ تىللالارنىڭ نەق ئۈچتىن بىرىنى ئەكىتىشى چوڭ خەۋپ ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ كىچىك بالىنى قاچانغىچە يەلكىسىگە مىندۈرۈپ كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ ؟ ....ئۆمەر بىلەن بارات ئويلىغانسىرى سەپەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئوشۇقچە يۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى .

ئالتۇن دىگەن بۇ سېرىق نىجىس ئۆز ياراتقۇچىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقلىنى بۇلغاپ ، ھىجدانىنى خىرەلەشتۈرمەكتە ئىدى....

ــ ھەي ، بىز نىمىشقا ئۇنى شۇ ‹قاغىلىق باغ›قىلا تاشلاپ كەلمىگەن بولغىيتۇق ؟ــدېدى بارات .

ــ ياخشىسى ئۇ تۇغۇلمىغان بولسا بوپتىكەن ،ــدېدى ئۆمەر .

ـ ھېلىمۇ بولسا ئۇنى تاشلاپ قاچايلى ، ـ دېدى بارات ئىچى قارىلىق بىلەن .

ــ مۇشۇ چۆل جەزىرىگىمۇ ؟

ــ شۇنداق ، مۇشۇ يەرگىلا قويۇپ كېتەيلى ، قارا ، ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ .

ــ بۇ گېپىڭىمۇ توغرىدەك قىلىدۇ ، ــ دەپ قوشۇلدى ئۆمەر ، ــ ئەگەر خۇدا ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغان بولسا ، مۇشۇ يەردىمۇ بىر سەۋەپ بىلەن ئۆسۈپ چوڭ بولىۋېرىدۇ.

مۇبادا ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا يارالغان بولسا ، بىز كۆرۈپ يۈرگىنىمىز بىلەنمۇ بەرىبىر ئۆلۈپ قالىدۇ.

ئۇلار قىلماقچى بولغان جىنايىتى ئۈچۈن ئۆز ۋىجدانىنى ئالدايدىغان ئاشۇنداق بىر پەتىۋانى توقۇپ چىقىشتى ـ دە ، چېچىلىپ ياتقان تىللالارنى يىغىپ تېرە خالتىغا قايتا سېلىپ ، ئۈجمە تۈۋىدىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ يىراقلاپ كېتىشتى .

## خۇدا بەرگەن ھەمراھ

سەپەر ئويغىنىپ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىغا قارىدى. ئېگىزدە كۆك ئاسمان ، ئۇنىڭ ئاستىدا ئۈجمە يوپۇرماقلىرى كۆرۈندى . ھەممە ياق جىمىپ كەتكەن بولۇپ ، ئاكىلىرىنىڭ ۋاڭ چۇڭى ئاڭلانمايتى . سەپەر ھەيران بولۇپ ئورنىدىن تۇردى . ئاكىلىرىنى ئىزدەپ ئۇ ياق بۇ ياققا يۈگۈردى . ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتى . سەپەرنى يالغۇزلۇق ۋەھىمىسى ۋە قورقۇنچ باستى ـ دە، ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى .

› ئاكا ، ئاكا ‹!

ئۇنىڭ كۈچەپ ۋارقىراشلىرىغا ھېچ تەرەپتىن جاۋاپ بولمىدى . ئەتراپتىن چۈشنىڭ تىنچىقى كەتمىگەن بولۇپ ، ئىسسىقتىن پايانسىز چۆل ھۆۋۈلداپ تۇراتتى ، بالا ئۇياق بۇياققا يۈگۈرۈپ ، يەنە بۇ ئەتراپقا بىردىنبىر سايە تاشلاپ تۇرغان ئۈژمىنىڭ ئاستىغا قايتىپ كېلەتتى . بەزىدە

ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكىلىرىنى ، يالغۇزلۇقنى ئۇنتۇپ قېلىپ ، سەكرەپ يۈرگەن چىكەتكىلەر ، تىرىشىپ ئۆزلۈك ئىزدەۋاتقان چۈمۈلىلەرگە قاراپ تۇرۇپ قالاتتى . ئۇجمە تېرىپ يەيتى . بىلەيدەك سىلىق دۈمبىلىرىنى پارقىرىتىپ غىل پال ئۆتۈپ كېتىدىغان كەسلەنچۈكلەرنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتەتتى ـ دە ، يەنە يىغلاشقا باشلايتى .

› ئاكا ، ئاكا...! ›

بارغانسېرى ئۇجمە سايىسى ئۆزىراپ ، كۈن غەرىپكە قىيسىشقا باشلىدى . سەپەرنىڭ ‹ئاكا ، ئاكا !› دەپ ۋارقىرىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى كەڭ بوشلۇققا يېيىلىپ ، قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . سەپەرنىڭ يىغلاۋېرىپ ياشلىرى قۇرىدى . شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئېشەكلىك كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى . ساقاللىق كەلگەن بۇ ئادەم ئېشىكىنى دېۋىتىپ ، قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىپ كېلەتتى . ئۇنىڭ ئېشىكى خوجايىنىنىڭ پەيزىنى بۇزماسلىققا تىرىشقاندەك ئۇششاق چامداپ ، سىلىق يورغىلايتى . ئېشەكنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق چاڭ تۇتۇندەك يېيىلىپ ئارقىدا قالاتتى . ... ئىشەك تۇيۇقسىز توختاپ بوۋاينىڭ ناخشىسىنى ئۆزۈپ قويدى . ئۇ ھەيران بولۇپ ئېشىكىگە قارىدى . ئېشەك قانداقتۇر بىر چاغلاردا بۇ يولدىن ئۆتكەن چىشى بۇرادىرىنىڭ تېزىكىنى پۇراپ ئۇنىڭدىنقالغان لەززىتىنى پۇتۈن بەدىنىگە سىڭدۈرمەكچى بولۇپ تۈمشۇقىنى ئاسمانغا كۆتۈرمەكتە ئىدى . بوۋاينىڭ نىملەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىپ ،ئېشەكنى ئۇرماقچى بولۇپ كۆتۈرۈلگەن قوللىرى ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن كىمدۇر بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلغاندى. ئېشەكمۇ قۇلاقلىرىنى دىك قىلغىنىچە ئالدىغا تىكىلىپ تۇراتتى .

› ئاكا !...ئاكا ‹...!

ئەمدى بوۋاي ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلىغاندەك قىلدى . ‹ بۇ چۆلدە ، كونا تۇگمەننىڭ قېشىدا كىمنىڭ ئاۋازى بۇ ؟ خۇداغا ئامانەت ، بۇ يەر ئەزەلدىن تەكشى جاي بولمايدىغان ، بىزنى ئىنس جىن چاقىرىۋاتمايدىغاندۇر؟...› دەپ پىچىرلىدى بوۋاي ئۆز ئۆزىگە .

› ئاكا !...ئاكا ‹....!

› ياق ، بۇ بىر كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىغا ئوخشامدۇ قانداق ؟› دېدى بوۋاي . ئۇ قولىنى سايىۋەن قىلىپ تۆرۈپ تۆت ئەتىراپقا قارىدى . كونا تۇگمەن تەرەپتە بىرنىڭ يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ، ‹ بۇ كۆپكۆندۇزدە نەنىڭ جىنى ، ئادەم بولسا كېرەك .› دېدى ـ دە، ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇردى .

‹ئاكا !..ئاكا ‹...!

بوۋاي كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق پەرىق ئەتتى ـ دە، ئېشىكىنى تېقىمداپ ئىتتىكلەتتى

.

سەپەر يىراقتا پەيدا بولغان قارا نەرسىنى كۆرۈپ تۆرۈپ قالدى . ئۇ ھەم قورقاتتى ، ھەم يېنىدا كىم بولسۇن بىر كىمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىزدەيتى . ئۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئېشەكلىك ئادەمنى كۆرۈپ يىغىسىنى توختاتتى . ئۇمىد بىلەن ئالدىغا تىكىلدى . ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يۈز كۆزىنى ھۆللىگەن ، ۋارقىراۋېرىپ ئۇنى پۈتۈپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغاندى . ئاق يۈزلۈك كەلگەن ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدا ياش تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان بۇ بالا شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە ئوماق ئىدى . بوۋاي ئوچۇق دالىدا ـ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ مۆجىزىگە ھەيران بولدى . ‹ بۇ ئادەمسىز دەشتتە ، كونا تۇگمەن يېنىدا ، نىمە قىلىپ يۈرگەن بالا بۇ؟...›

بوۋاي ئېشەكتىن ئىرغىپ چۈشۈپ بالىغا قۇچاق ئاچتى . سەپەر بىر دەسسەپ ، ئىككى دەسسەپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى .

ـ يىغلىما ، ئوغلۇم ، كىمنىڭ بالىسسەن ؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ ؟

بالا بوۋاينىڭ سۇئاللىرىغا چۈشىنىكسىز جاۋاپ بەردى . ئۇ قانداقتۇر بۇ يەرگە ئۆزىنى ئويناتقىلى كەلگەن ئاكىلىرى ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە دۆگىلەك بىر نەرسىنى ساناشقانلىرى ، ئۆزىنىڭ ئۇجمە يىگەنلىكى ، كېيىن ئۇخلاپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەيتى .

ـ سېنىڭ ئاكىلىرىڭ قېنى ؟ ھە، سەن ئۇخلاپ قاپسەنمۇ ؟ سەن ئۇجمە يەۋاتقاندا ئۇلار نىمىنى تالاشقان ؟ ... توختا ، ئۇلار سېرىق ، مانا مۇنداق دۆگىلەك نەرسىلەرنى ساناشتىمۇ ؟...توققۇز ، توققۇز ، توققۇز ،دەپ ۋارقىراشتىمۇ ؟...

بـوۋاي بالــدىن شــۇنداق ســۇئاللارنى سـوراپ ، ئۇنــىڭ بــىر بــىرىگە ئۇلاشمايدىــغان گەپلــىرىدىن بــىر مــەزمۇن چــىقارغاندەك بولــدى ، بــالا ئىســسىق ۋە يۇمــشاق قورساقلــىرىنى بوۋاينــىڭ تــىزىغا تــەككۈزۈپ ، بــۇدرۇق قوللــىرى بــىلەن ئۇنــىڭ ساقىلــىنى ئويــنايتى . ئۇ ئەمــدى ئۆزىنــىڭ قورقۇنچــىنى ئۇنتىغانــدى . ئالدىــدا پەيــدا بولغــان بــۇ ئادەم ئۇنــىڭغا ئۆزىنــىڭ ساقاللــىرى بــىلەن ، ئۇ ‹قاغىلــىق باغ› دا چىغىدا ھەر كۈنى قوينىغا كىرىپ ياتىدىغان ئاتىسىنى ئەسلەتتى .

ــ ئىھتــىمال سىنــىڭ ئاكىلىرىڭنــىڭ بــۇ چۆلــدە كىتىۋىتــىپ ... بەلكــىم ، دەل مۇشــۇ ئەســكى تۆگمەننــىڭ ئىچــىدىن يــاكى بــۇ قىــرى ئۇجمــە ئاســتــىدىن نۇرغــۇن ئالتــۇنلارنى تېپــىۋالغان بولــسا كېــرەك . ئالتــۇن ئۇ شــۇنداق ئىنسانلاننــىڭ ئەقلــىنى ئىلەشــتۈرۈپ ، كۆزىــنى قــارىغۇ قىلــىپ ، ئىپــىنى خــىرەلەشتۈرىدۇ . شۇنــىڭ بــىلەن خوشاللىقــىدا ئۇلار سىنــىمۇ ئۇنتــۇپ كىتــىپ قالغانــدۇر ، ــ دەپ

مۇلاھىزىسىنى داۋام قىلاتتى بوۋاي چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن بالىنىڭ ياش يۇقى يۈزىنى سۈرتۈپ تــۇرۇپ ، ــ ســەن قانــداق قىلــىپ ئۇخــلاپ قالغانــدىڭ ؟ ئۆزۈڭ ئۇخــلاپ قالدىــڭمۇ يــاكى ئاكىلــىرىڭ پەپــلەپ ئۇخلىتــىپ قويىدىــمۇ ؟ يــاكى بولمــىسا سىلەرنــىڭ ھەممــىڭلارنى بــىرەرى ئەپــسۇن ئوقــۇپ ئۇخلىتــىپ قويــۇپ ، ئاكىلىرىڭنــىڭ تېپــىۋالغان نەرســىسىنى ئەكەتتــىمۇ ؟...ئۇنــداقتا ، ئاكىلىرىڭمۇ مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى كېرەكتىغۇ ؟ يۈرۈ بىز قاراپ باقايلى .

بــوۋاي بالــىنى ئەگەشــتۈرۈپ كونــا تۆگمەننــىڭ ئەتراپــىنى تۆللــۇق بــىر ئايلىنــىپ چــىقتى . يــىراق يىقــىندا ئادەمنــىڭ قارىــسى كۆرۈنمــەيتى . بــالا توختــىماي ئاكىلىرنــىڭ گىپــىنى قــىلاتتى . ئۇلارنــىڭ بىر نىمىنى توققۇز ، توققۇز دەپ سانىغىنىنى ئىيتاتتى . تۇرۇپلا ئىسەدەپ كىتەتتى .

ــ كۆڭلــۇڭنى بۇزمــا ، ئوغلــۇم ، مانــا مــەن سىنــىڭ يىنــىڭدا تۇرۇپتــىمەنغۇ ، ـ دەيــتى بــوۋاي ،ــ سىنــىڭ توققــۇز ، توققــۇزلا دىگىنــىڭگە قارىــغاندا ، ئاكىلــىرىڭ تېپــىۋالغان نەرســىلەر بــەلكى توققــۇز تــىللا يــاكى ئىككــى توققــۇز ــ ئون سەككــىز تــىللادۇر . يــاكى بولمــىسا توققۇزىــۇز ، توققــۇز مــىڭ تــىللادۇر ... ســەن بىلمەيــسەن ، بــۇ توققــۇز تولــىمۇ ئۇلــۇغ ســان ، قــارا ھەممــىمىز ئانىمىزنــىڭ قورسىقىدىن توققۇز ئاي توققۇز كۈن مۇددەتنى توشقۇزۇپ ، ئاندىن يورۇق دۇنياغا چۈشىمىز .

ھەرقانچــە ئۇلــۇغ شاھلارغــىمۇ ، پەقــەت توققــۇز تازىــملا قىلىمــىز . ھەممــە نىمــىسى تــەل كىشــىلەرنى

‹توققۇزى تەل› دەيمىز . ئۇنىڭ تەل بولىشى پەقەت ئۇلۇغ تەڭرىگىلا خاس ... بەلكىم ، سىنىڭ قورسىقىڭ ئاچقاندۇر .

– سۇ !–دەپ قۇرىغان لەۋلىرىنى يالىدى سەپەر .

– ئىسىم قۇرىسۇن !– دەپ ئىشىكى تەرەپكە بۇرۇلدى بوۋاي .

بوۋاي خۇرجۇندىن ياغاچ چۆچەكنى ئېلىپ ، ئىشەك ئۈستىدىكى تۇلۇمدىن سۇ قۇيدى ۋە بالىنىڭ قولىغا يەنە بىر پارچە نان تۇتقۇزدى . بالا ئىللىپ قالغان سۇنى تەشنالىق بىلەن سۇمۇردى . ئاندىن قولىدىكى ناننى ئىشتىھا بىلەن يىيىشكە باشلىدى . ئۇ تولىمۇ يېقىملىق ، كىشىنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئوغۇل ئىدى .

› كىم بىلىدۇ ،–دەپ ئويلىدى بوۋاي ،– بۇ بالا خۇدا مىنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى نەزەرگە ئېلىپ ئاسماننىڭ ئۆزىدىن ئالدىمغا تاشلاپ بەرگەن بىر ھەمراھدۇر . مەن ئۇنى ئەكىتىشىم لازىم . ھىلىلا كۆن ئولتۇرۇپ ، قاراڭغۇ چۈشىدۇ . بۇ يەردە بالىنىڭ قورقۇپ يۈرىكى يىرىلىشى ياكى ئۇنى چۆلنىڭ بۆرە قاپلانلىرى يەپ قويىشى مۇمكىن ‹...

– قانداق ئوغلۇم ، مىنىڭ بىلەن كىتەمسەن ؟ ئاكىلىرىڭ ئىسىگە كەلسە ، ئۆزلىرى كىلىپ ئىزدەپ تاپار ، بولمىسا سەن مىنىڭ ئوغلۇم بولىسەن بولامدۇ ؟ ....يۈرۈ!

بالا بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى – دە ، ئىشەكنىڭ يىنىغا كىلىپ توختىدى . بوۋاي ئىشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئۇچىلىقنى باشقىدىن تۈزەپ ، ئاۋال بالىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مىنگۈزدى ، ئارقىسىغا ئۆزى مىندى . سەپەر شۇ تاپتا ھەممىنى ئىسىدىن چىقارغان بولۇپ ، ئىشەككە مىنگەنگە خوشال ئىدى . بۇ ئاجايىپ ھايۋاننىڭ ئۇششاق قەدەم ئېلىپ كىشىنى تەكشى تەۋرىتىپ مېڭىشى ، تۈرۈپ تۈرۈپ ئۇزۇن قۇلاقلىرىنىڭ بىرنى ئىگىز بىرنى پەس قىلىپ مىدىرلىتىپ قويۇشلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا يىراقتا سوزۇلغان چۆل يولى سوزۇلۇپ ياتاتتى . كونا توگمەن ۋە قىرى ئۇجمە بولسا بارغانسىرى يىراقتا قالماقتا ئىدى .

بوۋاينىڭ كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاۋازىنى ئاڭلىمىغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغانىدى . شۇ تاپتا

ئۆنــىڭ قەلبــدە ئىللــىق بــىر ئىقــىم داۋالغــۇيتى. ئۇ ئاغــزى بىســىلماي بالــىغا پــاراڭ قىلــىپ ماڭماقتــا ئىدى .

ـ خــۇدا قــارغۇنى كۆزىدىــن ئايرىــسىمۇ هاســىــدىن ئايرىــماپتۇ دىگــەن مانــا شــۇ . مــەن قىرىــپ ، ســاڭا ئوخــشاش بــىر هــەمراهقا تەشــنا بولــۇپ يۈرگىنــىمگە ئۇزۇن يــىللاربولدى . هــەر نامــىزىمدا خۇدادىــن تىلــەيتــىم . ياراتقــان ئىگــەم تەلــەپكارلارنى نائۇمــىد قويمايــدۇ . مانــا بۈگــۈن تەلىپــىم ئىجاۋەت بوپتۇ ...راست ، سىنىڭ ئىسمىڭ نىمىدا ؟

بــالا بوۋاينــىڭ سۇئاللــىرىغا جــاۋاب بەرمــىدى . ئىشەكنــىڭ بــىر خــىل تەۋرىنــىپ مېڭىــشى بــىلەن ئۆنىڭغا هارغىنلىق يىتىپ ، بوۋاينىڭ قورسىقىغا بىشىنى تىرىگىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى .

ـ بوپتــۇـدەيــتى بــوۋاي سۆزىــنى داۋاملاشــتۇرۇپ ،ـ بولمــىسا سىنــىڭ ئىســمىڭنى ‹چــۆل ئوغلــى› دەپ قويــايلى . چــۈنكى ســەن ماڭــا مۇشــۇ چۆلــدە ئۇچرىدىــڭ ... بىزنــىڭ بــۇ چــۆل مۆجــىزىلەرگە بــاي ، بەلكــىم سىنــىڭ ئاكىلــىرىڭ بــۇ چۆلــدە قانــداقتۇر بــىر غايــىبانە خەزىنــىلەرگە يولۇقــۇپ ئەقلــىنى يوقاتقانــدۇر؟ ئۇ بايلــىق شــۇنچە كــۆپ بولــۇپ ، ئۇلار ‹ توققــۇز ، توققــۇز› دەپ سـاناپمۇ تۈگــىتەلمەي قىلــشقاندۇر ؟ ئادەملــەر مۇنــداق تاسادىــبەن بايلــىققا يولۇققانــدا بەزىــدە خۇدانــىمۇ ئۇنتــۇپ قالىدۇ .

...يــاكى سىنــىڭ ئاكىلــىرىڭ ياشــراق بولــسا چىرايلــىق بــىرەر چوكاننــىڭ ئارقىــسىدىن ئەگىشــىپ كىتــىپ قالدىــمۇ يــە؟ خوتۇنلارنــىڭ ئۆزىــمۇ بــىر ئىزىــتقۇ .... بۇنــىڭ هەممــىسى ئاللانــىڭ تەقدىــرى بــىلەن بــىلەن بولۇۋاتقــان ئىــشلار دىگــىنە . تەقدىــر بــىر ســەۋەبلەرنى قىلــىپ ســىنى ئاكىلــىرىڭدىن ئايرىــدى ، يەنــە بــىر ســەۋەبلەر بــىلەن ئىككىــمىزنى بــىر بىرىمــىزگە ئۇچــراشتۇردى . بولمــىسا نىمــە ئۈچــۈن مىنــىڭ ئىشكــىم دەل كونــا تۈگمەننــىڭ يىنــىغا كەلگەنــدە توختــاپ قالــدۇ ۋە مــەن قانــداق قىلىپ شۇنچە يىراقتىن سىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ قالىمەن....

شــۇنداق قىلــىپ ، ئىشەكلــىك بــوۋاي سەپەرنــىڭ ئىسمــىنى ‹ چــۆل ئوغلــى› قويــدى . بــوۋاي يــاش ۋاقتلــىرىدىن تارتــىپ مۇشــۇ چۆللــەردە ئوۋچىلــىق قىلــىپ، بازارغــا ئوتــۇن ئەكــىرىپ سىتــىپ تىرىكچىلــىك قىلغانــىدى . مۇشــۇ ئەتــراپتا چــۆل يوللــىرى كىسىشــىدىغان بــىر يــەردە هازىــر ئۆنــىڭ

چايخانىسى بار ئىدى . چايخانا ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك يوغىنىغان ئۈچ تۈپ توغراق يېنىغا ئورۇنلاشقان بولۇپ ، كىشىلەر ئۇ يەرنى «ئۈچ توغراق» دەپ ئاتىشاتتى . توغراقلارنىڭ يوپۇرماقلىرى بوۋاينىڭ چايخانىسى ئەتراپىغا قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى . ئوتۇنچىلار ، چۆل يوللىرىدىن ئاندا ساندا ئۆتۈپ تۇرىدىغان يولۇچىلار بۇ يەردە توختاپ ، ئۇلاغلىرىنىڭ تۆشۈۋاغلىرىنى بوشىتىپ ئوتقا قويۇپ ، ئۆزى چاي ئىچىپ ئۆتۈپ كېتەتتى .

بۇ ئەتراپتىكى شالاڭ ئۆسكەن توغراقلار بىر زامانلاردا بۇ جايدا شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ئېقىن سۇلارنىڭ بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى . ھازىر بولسا ئەتراپ پايانسىز قۇملۇققا ئايلانغاندى . جىرا - قاپتاللاردا يەنە قۇمۇش ، جىغان ، تىۋىلغا ، يۇلغۇن ، قوڭغۇراقتىكەنلەر ئۇچراپ قالاتتى . بوۋاينىڭ چايخانىسى يېنىدىكى باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە مۆجىزىدەك بۇلدۇقلاپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بار ئىدى . بولاقنىڭ سۈيى ئەتراپتىكى قۇمغا سىڭىپ كېتەتتى . بۇلاق ئەتراپىدىكى نەملەشكەن يەرلەردىن كۆلەپ چىققان ياش توغراق نوتىلىرى ، ئۇششاق يۇلغۇن شاخلىرى بۇلاق سۈيىنى توراپ ، ئۇنى توپا چاڭ ۋە يات كۆزلەردىن ساقلاپ قالاتتى . تومۇز كۈنلىرى بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى شۇنچىلىك مۇزدەك ۋە تەملىك ئىدى . بوۋاينىڭ ئاشۇ بۇلاق سۈيىدە قايناتقان چېيىنى ئىچكەن يولۇچى بىر ئولتۇرۇشتا بىر قانچە چەينەكنى بىكار قىلىپ ، تەرلىرىنى ئېرتىپ ، بۆكلۆككە تاشلانغان كېگىزدە بىردەم يانپاشلاپ كۆز يۇماتتى -دە ، كۆزىنى ئاچقاندا ئىكزىنىڭ ھاردۇقى چىقىپ پەيدەك يېپيېنىك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى . بەزى كۈنلىرى كەچ قالغان يولۇچىلار بوۋاينىڭ چايخانىسىدا قونۇپمۇ قالاتتى .

ھېلىلا چاي ئىچىپ ماڭغان يولۇچىلارنىڭ قاچا -قۇچىلىرىنى يىغىشتۇرىۋاتقان موماي يىراقتىن ئېشەكلىك كېلىۋاتقان بوۋىينى كۆرۈپ يول ئۇستىگە چىقتى .

بوۋاي يېقىنلاشقاندا ، ئۇنىڭ ئېشىكى ئالدىدا ئولتۇرغان بالىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ، ئىختىيارسىز قورۇق باسقان يۈزلىرىگە كۆلكە يۈگۈرى . بىر زامانلاردا بوۋاي - مومايىنىڭمۇ بىر قىز ، بىر ئوغلى بولغاندى . ئۇلارنىڭ ئوغلىنى چېچەك ئەكەتتى . قىزى بويىغا يەتكەندە بىر

كەمبەغەل يىگىتكە ياتلىق بولدى . قىزى بىلەن كۈيئوغلى دەسلەپتە پات پات يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى . كېيىن كۈيئوغلى دەسلەپتە ئۇلارنى پات پات يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى . كېيىن كۈيئوغلى تىرىكچىلىك ئىزدەپ ئائىلىسىنى ئېلىپ يىراقلارغا كېتىپ قالدى . مانا شۇنىڭدىن بېرى ئۇلار يالغۇز ئىدى .

– ۋاي خۇدايىمەي ! – دەپ بوۋاينىڭ ئالدىغا يۈگۈردى موماي ،– بۇ كىمنىڭ بالىسى ، نىمانچە تاتلىق ؟ توختاتسىلا ، ئاۋايلىسىلا ، بالىنى مەن ئالاي .

موماي سەپەرنى قۇچاقلاپ ئېلىپ يەرگە قويدى . سەپەر قاپقارا ، نەمخۇش كۆزلىرى بىلەن بۇ مېھرىبان ئادەملەرگە ھېيىقماي قارايتتى .

– بۇ كىمنىڭ بالىسى ؟ – دەپ سورىدى موماي بالىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ .

– خۇدايىم بەرگەن ، خۇدايىم بەرگەن ، خوتۇن ، قېنى چېيىڭنى تەييارلا ، تىقىشتۇرۇپ قويغان تاتلىقلىرىڭنى ، مېغىز قاقلىرىڭنى چىقار .

– چاي تەييار ، خۇدايىم توۋا ، زادى نېمە دەيدىغانلا ، بۇ زادى كىمنىڭ بالىسى ؟

– خۇدايىم بەرگەن دېدىمغۇ !– دېدى بوۋاي سەپەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ تۇرۇپ ، – خۇدايىم بەرگەندىن كېيىن بىزنىڭ بالىمىز بولىدۇ–دە!

– خۇدايىم بەرگەن ، خۇدايىم بەرگەنلا دەيدىغۇ ماۋۇ ئادەم ، ھېلىمۇ خۇدايىم قانداق بەردى ئۇقتۇرۇپراق دېمەملا .

– يولدا شۇنداق كېلىۋېتىپ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم . يېقىنلاپ بېرىپ قارىسام ، كونا تۈگمەننىڭ يېنىدىكى ئۈجمە سايىسىدە مۇشۇ ئوغۇل تۇرۇپتۇ .

خۇدايىم بەردى دېگەن شۇ .

– ۋاي خۇدايىمەي ، ماۋۇ ئادەم خەقنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپلا كەلگەن ئوخشىمامدۇ ، بالىنىڭ ئانىسى شۇ تاپتا قانچىلىك سەكپارە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇر ؟!

– نىمىدەپ ۋايسايدىغاندۇر، ماۋۇ خوتۇن ، مېنىڭ سىنىڭچىلىك ئەقلىم يوقمىدى ؟...

– ئەمىسە سىلىگە بىكاردىن - بىكارغىلا ئۇچراپ قالىدىغان بالا نەدە تۇرۇپتىكەن ؟

ــ دەۋەتــمەنغۇ ، كونــا تۆگمەننـــىڭ يېنـــدا يـــىغلاپ تۇرۇپتـــىكەن . ئۇ ئەتـــراپتا نەدىـــمۇ ئادەم بولـــسۇن ، بـــەلكى بـــىرەر كارۋاندىـــن ئېزىـــپ چۈشـــۈپ قالغانـــدۇر ياكى بـــىرەرى تاشـــلاپ كەتكەنـــدۇر : مەيلى ئەمەسمۇ ، ئىگىسى چىقىپ قالسا سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىمىز ، بولمىسا ئوغۇل بىزنىڭ .

ــ بوپتـــۇ ، خاپـا بولمىســـىلا ، ــ دېـدى موماـــاي ئۆزىنـــىڭ چىچەكتــە ئۆلـــۈپ كەتكـــەن ئوغلـــىنى ئەسلىگىنـــىچە بالـــىغا مەستلـــىكى كېلـــىپ قـــاراپ ، ــ بـــۇ ئوغـــۇل بىزنـــىڭ رەھمەتلـــىك تۆمۈرخانغــا شۇنداق ئوخشايدىكەن ، بالىنىڭ ئىسمى نىمە ئىكەن ؟

ــ ئىسمـــىنى بىلمـــىدىم ، بايـا مـەن يولـدا كېلـۋېتـــىپ ئۇنـــىڭغا ‹ چـــۆل ئوغلـــى› دەپ ئىســـم قويـــۇپ قويدۇم .

ـ قويسىلا ، شۇمۇ ئىسىم بوپتۇمۇ ، ــ دېدى موماي ، ــ ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەمراھ قويايلى .

› ــ چـــۆل ئوغلـــى› دېگىنىمنـــىڭ ســـەۋەبى ،ــ دەپ چۈشـــەندۈردى بـــوۋاي موميـــىغا ، ــ ماڭــا ئۇ چۆلدە ئۇچرىدى ، ئۇ يەنە مۇشۇ چۆلدە ئۆسۈپ چوڭ بولىدۇ ....

چايخانىنـــىڭ بـــىر بولۇڭـــىغا قويۇلغـــان كونــا ساندۇقتـــىن مېغـــىز ـ قـــاقلارنى ئېلـــىپ داستـــىخانغا تۆكـــۈۋاتقان موماي ‹ چۆل ئوغلى› دىگەن ئىسمغا زادىلا رازى بولمىدى .

ــ ھـــەمراھ بولـــسۇن !ــ دەيـــتى ئۇ ، ــ خۇدايـــم بـــۇيرۇپ ، بـــۇ بالـــىنىڭ ئىگـــىسى چـــىقماي قالـــسىلا قېرىغاندا ئۇ بىزگە ھەمراھ بولىدۇ .

ــ قوي بولدى، ‹ چۆل ئوغلى› دېدىممۇ ، ‹ چۆل ئوغلى !› ــ دېدى بوۋاي تەرسالىق بىلەن .

بـــۇ تـــالاش تارتـــىش بـــىلەن بـــوۋاي بـــىلەن مومـــاي يەنـــە قىزىرشـــىپ قالغـــىلى تاســـلا قالـــدى . ســـەپەر بولسا موماي تۆككەن تاتلىقلارغا بەھوزۇر ئېغىز تېگىشكە باشلىغانىدى .

## نـاتونـۇش شـەھـەر

ســـەپەر ئوتـــۈنچى بوۋاينـــىڭ ئۆيـــدە تاتلـــىقلار بـــىلەن چاي ئىچـــىپ ئولتۇرغانـــدا ، ئۇنـــىڭ ئاكىلـــىرى يـــول ئۈســـتىدە كېتـــىپ بـــاراتتى . ئىلگـــىركى كۈنلەردىكـــىدەك جـــىدەللەپ ئەمـــەس ، بـــىر توختـــاپ ، بـــىر

مېڭىپ ، بىر ـ بىرىگە قول سىلكىپ قىزىرشىپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدى . ئۇلار ئەمدى شاھنىڭ لەشكەرلىرى ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كېلىپ تۇتۇۋېلىپ كېتەرمىكىن ، دىگەن ئەندىشىنى ئۇنتۇشقانىدى . كىم بىر تىللانى ئوشۇق ئېلىش كېرەك دىگەن مەسىلە ئۈستىدە توختىماي تالاش تارتىش قىلىشاتتى . سەپەرنى تاشلاپ يولغا چىقىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا « تىللا سېلىنغان خالتىنى كىم كۆتۈرىدۇ» دىگەن جىدەل باشلاندى .

ـ ئەكەل ، خالتىنى مەن كۆتۈرىمەن ، ـدېدى بارات .

ـ بولدى ئۆزۈم كۆتۈرىۋېرەي ،ـ دېدى ئۆمەر .

ـ مەن كۆتۈرسەم نىمە بولغۇدەك ؟

ـ مەن دېگەن سېنىڭ ئاكاڭ ، خالتىنى « قاغىلىق باغ»دىكى كۆمۈكلۈك جايدىن دەسلەپتە ئۆزۈم كولىۋالغان ، شۇ يەردىن باشلاپ ئۆزۈم كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىمەن .

ـ سەن خالتىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا مەنمۇ سەپەرنى يۈدۈپ ماڭغانتىمغۇ ؟ ئەكەل ، ئەمدى خالتىنى مەنمۇ بىردەم كۆتۈرۈپ ماڭاي .

ئەسكى تۇگمەن يېنىغا تاشلاپ كەتكەن ئىنسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن ئۆمەر جىمىپ كەتتى . چۆل جەزىرىدە يالغۇز قالغان سەبىي بالىنى ئەسكە ئېلىش قانداقلا بولسۇن ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى ئازابلايتى .

ـ بولدىلا ، يوقىلاڭ ئىشنى تالىشىۋەرمىگىنە ،ـ دېدى ئۇ ، ـ بۇ خالتىنىڭ ھېچقانچە ئېغىرى يوق ، ئۆزۈم كۆتۈرىۋېرەي .

ـ مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن !ـدېدى بارات .

ـ نىمىشقا ئىشەنمىگۈدەكسەن ؟ تىللالارنى ساناپ قويدۇققۇ؟بىرى كەم بولسا مانا مەن جاۋاپكار .

ـ سېنىڭ قولۇڭدا تۇرۇپ تىللالارنىڭ توقسان توققۇز بولۇپ قالغىنىغا تېخىچە ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ ، يەنە بىر مەنزىلگە بارغۇچە قانچىسى كېمىيىپ كېتىدۇ.....

ـ ئەمىسە ، قانچە بولماقچىدى ، قانچە ؟ ئېيتىپ باققىنە ؟

ـ ئېيتتىمغۇ ، يۈز بولسا توغرا بولاتتى .

ـ ھەي ، نىمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان نېمىسەن ؟ ئۆزى توقسان توققۇز تۇرسا ، قانداق قىلىپ يۈز بولىدۇ ؟ تىللالىرىڭ مېنىڭ قوينۇمدا تۇرۇپ تۇغامدۇ يە ؟ ـ دەپ تېرىكتى ئۆمەر .

ـ ئەسلىدە بىز تىللالارنى يەردىن كولۋالغاندىلا ساناپ قويساق بولغانىكەن . سەن ئۇنى ئالمان تالمانلا قوينۇڭغا سالدىڭ .

ـ ھەي جېنىم ئۇكام ، ئۇ چاغدا ھەممىمىز جاننى پاتىراق قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدۇق ، خالتىنىڭ ئىچىدىكىنى ساناپ ئولتۇرۇش كىمنىڭ ئېسىگە كېلىپتۇ دەيسەن ، راست ئېيتتىڭ ، ساناپ قويغان بولساق توغرا بولغانىكەن .

ـ سانىمايلا قوينۇڭغا سالغىنىڭدا بىر غەرەز بار ـ دە !

ئۆمەر ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى .

ـ كەل تىللالارنى ھېلىمۇ بولسا يەنە باشقىدىن ساناپ قويايلى تۆھمەت قىلىدىغان ئوخشايسەن ، ـ دېدى ئۆمەر .

ـ ساندۇققۇ ، توقسان توققۇز ، ـ دېدى بارات ، ـ بەلكىم بىرەر تىللانى باشقا بىر يېرىڭگە تىقىۋالغانسەن .

ـ قىپقىزىل تۆھمەت ! ـ دەپ قويىندىن خالتىنى ئېلىپ غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى ئۆمەر ،ـ كەل مېنى ئاختۇرىۋال ! يېنىمدىن سۇنۇق يارماقمۇ تاپالمىساڭ قانداق قىلىسەن ؟

ـ ئۇنى تېپىۋالىدىغان يەرگە تىقمايسەندە !ـدېدى بارات خاتىرجەم ھالدا .

ـ كىم بىلىدۇ ، ـدېدى ئۆمەر يەردىكى خالتىنى ئېڭىشىپ ئېلىپ تۇرۇپ ، ـ ئۇ بىر تىللانى بەلكىم ئۆزۈڭ تىقىۋالغانسەن .

ـ قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا !ـ دەپ نالە قىلدى بارات ،ـ مانا قىززىق گەپ . بۇ خالتىنى سەن ماڭا بۇرجىكىنىمۇ تۇتقۇزماي كۆتۈرۈپ يۈرسەڭ ، مەن ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال تىللانى ئايرىپ يانچۇقۇمغا سېلىۋالىمەنمۇ ؟ ...ئەگەر شۇنداق ئەپسۇن ئوقۇش قولۇمدىن كېلىدىغان بولسا ، خالتاڭنى قۇرۇقداپلا قويغان بولمايتىممۇ ؟

— مانا ، مانا !— دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۆمەر ، — ھەي نىيىتى يامان پەس ، ئەزەلدىن سېنىڭ كۆڭلۈڭ قارا ، راست ، قولۇڭدىن كەلگەن بولسا خالتىنى قۇرۇقداپ ھەممىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالغان بولاتتىڭ .

— ئەمىسە ، ئۆزۈڭ دەپ باققىنە ، مەن قانداق قىلىپ بىرتىللانى ئېلىۋالالايتىم ؟

— دېسەم دېمىسەم ، ھېلىقى ئەسكى تۆگمەن يېنىدا ، تىللالارنى خالتىدىن تۆكۈپ ساناۋاتقان چېغىمىزدىلا بىر تىللانى جايلاشقا ئۈلگۈرگەنسەن ؟

— ئەمىسە مېنى ئاختۇر ! —دەپ قوللىرىنى كەڭ يېيىپ ، ئاكىسىنىڭ ئالدىنى توسۇدى بارات .

— ئاختۇرمايمەن !—دەپ ئىنىسىنىڭ مەيدىسىنى ئىتتەردى ئۆمەر ،— بەلكىم سەن ئۇتىللانى ئاللىبۇرۇن يۇتىۋالغانسەن ، خالىي بىر جايغا بارغاندا ئۇنى نىجاسەت بىلەن بىللە چىقىرىپ ، ياغاچ بىلەن مالتىلاپ ئېلىپ يانچۇقۇڭغا سالارسەن....

— تۈفى !— دەپ يەرگە تۈكۈردى بارات كۆڭلى ئېلىشىپ ، — بولدى توختا ، تىللالارنى ھازىرلا بۆلۈشۈۋېلىپ ، ھەر ئىككىمىز ئۆز تېگىشلىكىمىزنى ئۆزىمىز كۆتۈرىمىز .

— كەل ، مەنمۇ سەن بىلەن ئىتتەك تالىشىپ يۈرۈشتىن جاق تويدۇم !

لېكىن ئۇلار ھەر قانچە قىلىپمۇ توقسان توققۇز تىللانى تەڭ ئىككىگە بۆلەلمەيتى ۋە بىرەرىنىڭ بىر تال تىللانى ئوشۇق ئېلىۋېلىشىغىمۇ يول قويمايتى . ئۇلار تالاش تارتىش ئىچىدە يولنى داۋام قىلاتتى . يىراقتىن بىرەر يولۇچىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك بولسا جىم قېلىشاتتى -دە ، يولۇچى كەتكەندىن كېيىن ، ئەنسىرەپ ئارقا كەينىگە قارىۋېتىپ ، يەنە جېدەللىنى قىلىشاتتى .

ئۇلار شۇ ھالەتتە ئۇزاق يول بېسىشتى . كۈن ئولتۇرۇپ ، غەربكە توپلانغان بۇلۇتلار ئۇستىدە قۇياشنىڭ قىپقىزىل نۇرلىرى قېتىپ قالدى . ئەتراپقا كەچكى گۇگۇم ئۆز پەردىسىنى يېيىپ جاھان قاراڭغۇلاشماقتا ئىدى . شۇ چاغدا ئۇلارغا ناتونۇش بىر شەھەرنىڭ ئېگىز سېپىللىرى كۆرۈندى . ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ ، گۈمبۈرلىگەن توپ ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ تاقالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى . ئاكا — ئۇكا يول ئۇستىدە قېتىپ

تۇرۇپ قېلىشتى .

ــ مانا !ـ دېدى بارات .

ــ نېمە بولدى ؟

ـ شەھەر دەرۋازىسى تاقالدى ، توپ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ ؟

ــ ھەممىنى قىلغان سەن ،ـ دېدى ئۆمەر ، ــ يولدا جېدەللەشكەننىڭ ئورنىدا ئىتتىكرەك ماڭغان بولساق ، بۇ ئايدالادا قالماس ئىدۇق .

ــ ھەممىنى قىلغان ئۆزۈڭ ، شۇ بىر تىللانى تىقىۋالمىغان بولساڭ....

ــ توختا!ـ دەپ ئۈكسىنىڭ گېپىنى بۆلىۋەتتى ئۆمەر ، ــ بىز يولدىن ئېزىپ كەتتۇقمۇ قانداق ؟

ــ مەن نەدىن بىلەي ، مەن ساڭا ئەگىشىپ ماڭدىم .

ــ سەن تىللانىڭ جىدىلىنى قىلىپ كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ قايسى يوللارغا ئەگىپ كېتىپ قالغىنىمىزنى بىلمەي قالغان ئوخشايمەن . ‹ بىغەملەر شەھىرى›گە بارىدىغان يولدا مۇنداق شەھەر بولماسلىقى كېرەك ئىدى .

ــ ئاۋال تىللالارنى ساق سالامەت بىر بۆلىشىۋالايلى ، ـ دېدى بارات ، ــ يانچۇقتا پۇل بولسا يۇرتنى يەنە ئىزدەپ سوراپ تېپىۋالىمىز .

بۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسى سىرتىدا كەچ قالغان يولۇچىلار ئۈچۈن سېلىنغان ساراي ، ئاشخانىلار بار ئىدى . ئاكا ئۇكا يېنىدىكى تىللالىرىدىن ئەنسىرەپ ئادەم كۆپ يەرگە بېرىشقا پېتىنالمىدى . ئۇلار مۇشۇ ئوچۇقچىلىقتا تۈنەپ ، ئەتە سەھەردە ، شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەنلا شەھەرگە كىرىۋېلىشنى ئويلاشتى . ئۇلار يەنە شەھەرگە كىرىشنىڭ ئالدىدا تىللالار ئۈستىدىكى ماجىرالىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ھەر قايسىسى ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ئالتۇنلارنى ئۆز بەلۋاغلىرىغا تۈگۈپ مېڭىشى كېرەك ئىدى .

ئۇلار يولدىن چىقىپ ، قانداقتۇر بىر چاتقاللىقلار ئىچىگە ئۆزىگە ئورۇن ھازىرلاشتى . ھەر ئىككىلىسى ئۇخلاپ قېلىشتىن قورقاتتى . ئۇلار قانداقتۇر بىر ئوغرى ياكى قاراقچىنىڭ كېلىپ

ئۆزلىرىنى بۇلاپ كېتىشىدىن ئەمەس ، بىر بىرىدىن ئەنسىرىشىپ قالغانىدى . يول ھاردۇقى بىلەن قورساقنىڭ ئاچلىقى قوشۇلۇپ ھەر ئىككىلىسىنى قىيناشقا باشلىدى . ئۇلارنى ھېلىدىن ھېلىغا مۈگدەك باساتتى . بارات ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ خالتىنى ئېلىپ قېچىشىدىن قورقۇپ ، ئۇ ياق بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ ، بېسىپ كېلىۋاتقان مۈگدەكنى قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى . ئۆمەرمۇ ئۇخلىيالمىغانىدى .

- ئەتە مەن ساڭا قىرىق توققۇز تىللانى ساناپ بېرىمەن ،-دېدى ئۆمەر ئىنىسىگە .

- ئۆزۈڭ ئەللىكنى ئالىسەن ؟!

- گېپىمنى ئاخىرغىچە ئاڭلىمامسەن ، بەتنىيەت ! مەنمۇ قىرىق توققۇز تىللانى ئالىمەن ، يەنە بىر تىللانى ئىككىمىز شەھەرگە كىرىپ ، پارچە پۇلغا ئالماشتۇرۇپ بۆلۈشۇالىمىز ، ئىككىمىزنىڭ قېرىنداشلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشقان بولىدۇ . سەن مېنى ئىككىنجى ئاكام دەپ ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما .

- سەن مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قاچىسەن .

- ئادەم ئەمەس ئىت!- دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئۆمەر ، -كەل ئىشەنمىسەڭ بۇ خالتىنى ھەر ئىككىمىز تەڭ تۇتۇپ ياتايلى .

ئۇلار تىللا سېلىنغان تېرە خالتىنى بەلۋاغلىرىنىڭ ئۇچىغا تەڭ باغلاپ ، ھەر بىرى يەنە ئۇ خالتىنى ئۈستىدىن قوللىرى بىلەن مەھكەم بېسىپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى .

تاڭ سەھەردە ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدىكى تۇپلار گۈمبۈرلەپ ئېتىلىشى بىلەن تەڭ ئۆمەربىلەن بارات كۆزلىرىنى ئېچىشتى ـ دە، چاچىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى .

ھەر ئىككىسىنىڭ بەلۋاغلىرىنىڭ ئۇچى كېسىلگەن ، ھېلىقى تېرە خالتا تىللالار بىلەن نەگىدۇر غايىپ بولغانىدى . ئۆمەر بىلەن بارات ئالاقىزادە بولۇپ ئۇ ياق بۇياققا يۈگۈرۈپ ، يەنە ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېلىشتى . يېقىن ئەتراپتا ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتى . ئۇلار ياتقان يەرنىڭ ئەتراپىدا بىرەر گۇمانلىق ئىزمۇ يوق ئىدى . سەھەرنىڭ سالقىنىدا پۈتۈن ئەتراپ جىمجىت سۆكۈتتە ياتاتتى .

ـ خالتا قېنى ؟ مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئۇنى نەگە يوقاتتىڭ ؟ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر .

ـ تىللالارنى سەن ‹قاغىلىق باغ› دىن چىققاندىن بېرى باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ كېلىۋاتاتتىڭغۇ ؟ يەنە ئىزا تارتماي مەندىن بۇرۇن گۇركىرەيسەنغۇ ؟ ...ئۇنى نەگە يوقاتتىڭ ؟ـ دەپ ئاكىسىدىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىرىدى بارات .

ـ مەن ئۇنى قوينۇمدا بىر ئوبدان ساقلاپ ، مۇشۇ يەرگىچە سالامەت يەتكۈزۈپ كەلگەنىدىم ، كېچە سېنىڭ :‹ساڭا ئىشەنمەيمەن ، خالتىنى ئىككىمىز تەڭ تۇتۇپ ياتىمىز› دېگىنىڭدە باشقا گەپ بار ئىكەن ــدە!

ـ نېمە دېدىڭ ؟

بارات ئېتىلىپ كەلگىنىچە ئاكىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى . ئىككەيلەن تەڭ ياقىلىشىپ كەتتى . بارات ئاكىسىنىڭ گاھ بېقىنىغا ، گاھ قورسىقىغا مۇشت ئاتاتتى .

ئۆمەر باراتتىن پاكارراق بولغان بىلەن ئۇنىڭغا قارىغاندا كۆپ قاۋۇل ئىدى . ئاچچىقىدا ئۇ ئىنىسىنى بىر نەتچە قېتىم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتى . بىر چاغدا ئۇلار نەپەسى بوغۇلۇپ ، ھېرىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى . نېرىراقتىكى يولدا ھېلىلا شەھەر دەرۋازىسىدىن چىققان بىر توپ كارۋانلار يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى .

تۆگىلەر سالماقلىق قەدەم ئېلىپ ، ئەتىراپقا كولدۇرمىنىڭ ئاۋازىنى قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى ... ئاكا ئۇكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئېغىر جىمجىتلىق باسقاندى . ھەر ئىككىلىسى ئويلىنىپ ، تىللالارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە بىرەرىنىڭ ئالمىغانلىقىنى جەزىم قىلىشتى . چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىم بولسۇن بىرەرى تىللالارنى ئالغان بولسا ، ئۆزىمۇ بۇ يەردىن ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغان بولاتتى ... ئۇنداق بولسا خالتا قەيەرگە غايىپ بولدى ؟ئۇنى ئىنىس جىن ئەكەتتىمۇ ؟ ئادەممۇ ؟...

ھەممىگە سەۋەپ بولغان ئۇيقۇ ، غەپلەت ئۇيقۇسى !

ـ نىمىشقا ئاتام ھايات ۋاقتىدىلا بۇ تىللالارنى ئۆز قولى بىلەن بۆلۈپ بېرىۋەتمىگەن بولغىيتى ،ـ دەپ ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى بارات ، ـئۇ چاغدا بىز ھەرقايسىمىز

ئۆزىمىزگە ئىگىشلىكىنى قوينىمىزغا سېلىپ مەھكەم ساقلىغان بولاتتۇق ، قېرىنداشلارمۇ ئازارلاشمايتۇق .

– ئاتامنى گۇناھقا شېرىك قىلما !–دېدى ئۆمەر ،– ھەممە ئەيىپ ئۆزىمىزدە ، شۇ ئالتۇنلاردا كىچىك سەپەرنىڭمۇ ھەققى بار ئىدى . بىز ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ ، نارسىدنى چۆلگە تاشلىۋەتتۇق ، خۇدا بىزنى جازالىدى...

ئاكا ئۇكا ئىككىسىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى . ئورنىدىن قايتا قوپۇشۇپ ئەتىراپنى يەنە ئىزدەشتۇردى . ئۇلارنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ بېقىنلىرىغا چاپلىشىپ كەتكەندى . ئەمدى قانچە ھەسرەت چەككەن بىلەنمۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيتى . يىراقتا شاۋقۇنلۇق ، ناتونۇش بىر شەھەر ئۇلارنى قوينىغا چاقىرماقتا ئىدى .

– سەنمۇ ئەجەپ قىلىپ كەتتىڭ ، – دېدى ئۆمەر ،– بىر تىللانى كەم ئالغىنىڭغا نېمە بولاتتى ، بىز كىچىلا بۇ پۇللارنى بۆلۈشۈپلىپ ، شەھەر دەرۋازىسى يېنىدىكى بىرەر سارايغا چۈشۈپ ياتقان بولساق بولاتتى ، مانا ئەمدى ھەممىدىن قۇرۇق قالدۇق .

– شۇنداق قىلىش لازىملىقىنى بىلگەن ئادەم نېمىشقا ئۆزۈڭ بىر تىللانى كەم ئالمىدىڭ ؟– دەپ ئۆكتە قوپتى بارات .

– بولدى ، بولدى ، ئەمدى يوق نەرسىنى تالاشمايلى ، –دېدى ئۆمەر .

ئاغزىدا شۇنداق دېيىشىمۇ ، ئورۇنسىز تالاش تارتىش بىلەن تىللالارنى ئوغرىغا بېرىپ قويغىنىغا ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى . ‹ بىر تىللا كەم ئالغىنىمغا نېمە بولاتتى – ھە، دەپ ئۆكۈنەتتى ئۆمەر ،– ناھايىتى مەن ئاچقان دۇكىنىمغا بىر تىللالىق مالنى كەمرەك سالغان بولاتتىم:‹...

› بىر تىللا ئۈچۈن ئەجەبمۇ پەسلىك قىلىپ كېتىپتىمەن ، – دەپ خىيال قىلاتتى بارات ، بىر تىللا كەم بولسا قانچىلىك ئىش ئىدى . ناھايىتى مەن ئالىدىغان تۆت خوتۇننىڭ ئورنىغا ئۈچنى ، ئىككىنى ياكى دەسلەپتە بىرنى ئېلىپ تۇرغان بولاتتىم...› ئۇلارنىڭ بارلىق شېرىن خىياللىرى توزغاقتەك ئۇچۇپ كەتتى .

– ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى ، بىز چىقىشالمىغۇدەكمىز !– دەپ چاپاننىڭ پېشىدىكى توپىلارنى ئەتەي ئاكىسىغا يەتكۈدەك قىلىپ قاتتىق قاقتى بارات .

– مەنمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە يۈرۈشكە خۇشتار ئەمەس ، –دېدى ئۆمەر ، – قېنى سېنىڭ شەھەردە بىرەر يېرىڭگە تىقىشتۇرۇۋالغان پۇللىرىڭنى خەجلەپ باققىنىڭنى كۆرۈپ باقاي .

– كۆرىمىز ،– دېدى بارات ، – تېخى تىللالار ئۆزۈڭنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ قالامدۇ تېخى...!

ھەر ئىككىلىسى بىر بىرىگە باتنىغىنىچە مېڭىپ چوڭ يولغا چىقتى . ئالدىدىكى ئاچا يولغا كەلگەندە ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ كېتىشتى . بۇ ئىككى يول شەھەرنىڭ ئالدى ئارقا دەرۋازىلىرىغا تۇتىشىدىغان – يەنىلا بىر شەھەرگە كىرىدىغان يول ئىدى .

## قورسىقىم ئاچ ئىدى

ئاكا ئۇكىلار بىر بىرىگە قىيداپ ئالدى ئارقا دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن بۇ شەھەر چۆللۈكتىكى يەنە بىر ئاۋات شەھەرلەردىن ئىدى . شەھەر ئەتراپى مۇنبەت ئېتىزلار ، باغلار ، قىشلاقلارغا ئەكىتىدىغان يوللار بىلەن قورشالغانىدى . هارۋىلار مېڭىۋېرىپ كاتاڭلاشتۇرۇۋەتكەن يوللاردىن پۇرقىراپ توپا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى .

يول ياقىسىدا ئۆسكەن چىغىرتماق ، ياۋا كەندىر ۋە يوغان يوپۇرماقلىق تىكەنلىك ئوتلارنى يىل بويى قېلىن چاڭ بېسىپ تۇراتتى . شەھەر بازىرىنىڭ ھەر بىر كوچىسى – ناۋايلار كوچىسى ، ئاشپەزلەر كوچىسى ، موزدوز، ياغاچچى ، جۇۋازچى ...دېگەندەك خىلمۇ خىل كاسىپلارنىڭ رەستىلىرىگە بۆلۈنگەنىدى . بۇ كوچىلاردىن ئۆتكەندە ئىسسىق نان ، كاۋاپ ، زاسۋي ، ئاشمانتا ، ئوخشىغان پولۇلارنىڭ مەزىلىك پۇرىقى ئاچ قورساقلارنى غولدۇرلىتىۋېتەتتى .

ئۆمەر شەھەرگە كىرىپ ، شەھەر كوچىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرگەن سانسىز مۇساپىرلارنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ كەتتى . بۇ شەھەرنىڭ بايلىرى باي ، كەمبەغەللىرى تولىمۇ نامرات ئىدى .

ئۆمەر بىر ۋاخلىق قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ھەر قانداق خىزمەتنى قىلىشتىن باش تارتمىدى . ھەر نىمە بولسا خۇدا ئۇنى كۈچلۈك ۋە چىداملىق قىلىپ ياراتقانىدى . بەزىدە ئاشپەزنىڭ ئوتۇنىنى يېرىپ بېرىپ ، ئوچىقىغا ئوت قالىدى . قايسىبىر سودىگەرنىڭ ئالغان ماللىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ، ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن شەھەر كوچىلىرىدا كىشىلەرگە ئۈرۈلۈپ سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئۇ چۈشكەن سارايلارغا يەتكۈزۈپ بەردى . بەزىدە قايسىبىر يەر ئىگىسىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەتتى . ئىشقىلىپ ئۇ ھەرقانداق ئىغىر يىنىك ئىشلارنى قىلىشتىن قاچمايتى . ئەمما ئىش ھەممە ۋاقىت تېپىلىپ تۇرمايتى . بەزىدە كۈنلەپ ئاچمۇ قالاتتى .

پۇل تاپقان كۈنلىرى كەچلىكلىرى ئۆمەر چايخانىلارنىڭ يۇمشاق كىگىز تاشلانغان سۇپىلىرىدا سوزۇلۇپ يېتىپ ، ئۆزىگە ئوخشاش مۇساپىرلارنىڭ قىززىق پاراڭلىرىغا قۇلاق سالغىنىچە ئۇخلاپ قالاتتى . بەزىدە ئۇنىڭغا گۈلەخلەردە ، مازاردىكى گۈمبەزلەر ئىچىدە ياكى قانداقتۇر بىر ئوچۇقچىلىقلاردا تۈنەشكە توغرا كېلەتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇ كۆپىنچە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمايتى . قەيەردىندۇر بىر يەردىكى ئىسسىق چايخانىلاردا تۈتەپ كۆيۈپ تۇرغان چىراغلار پاراسلاپ ئۇچقۇن چاچاتتى . ئىگىز ئۆسكەن تېرەكلەر ، مەسچىتلەرنىڭ كۆكە سوزۇلغان پەشتاقلىرى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . ئۆمەرنىڭ بېشى ئۈستىدە بولسا سانسىز يۇلتۇزلار ئاجىز نۇر چاچاتتى . ئۆمەر ئۇياق بۇيىقىغا ئۆرۈلۈپ ھېلىقى ئۈستى ئوچۇق زىنداق - ‹قاغىلىق باغ›دا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىنى ئەسلەيتى . ئۇ يەردە گەرچە ئەركىنلىك بولمىسىمۇ ، ھەر ھالدا ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ يەيدىغانغا بىر نەرسە بار ئىدى . ھازىر بولسا ئۆمەردە ئەركىنلىك بار ، يەيدىغان نان يوق ئىدى ... بەزىدە ئۆمەر ئاتىسىنى ، كىچىك ئىنىسى سەپەرنى چۈشەپ قالاتتى -دە، چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كېتەتتى . مىجەزى ئوسال ئىنىسى باراتمۇ كۆز ئالدىغا كېلەتتى . باراتنى ئويلىسىلا جۇدۇنى ئۆرلەيتى . ‹سەپەرنى تاشلاپ كېتىش توغرىسىدا ئېغىز ئاچقانمۇ شۇ ،دەيتى ئۇ ئۆز ئىچىدە ،- بىچارە بالىنى چۆلگىلا تاشلاپ قويىدۇق ، مانا ، خۇدا بىزنىڭ جاجىمىزنىمۇ بەردى ،› يەنە بەزى كۈنلىرى ئۆمەر كونا تۈگمەنگە قايتىپ بېرىپ ، سەپەرنى ئىزدەپ بېقىشنى خىيالىغا كەلتۈرەتتى . لېكىن ئۇنىڭدا ئارقىسىغا

قايتقۇدەك مادار يوق ئىدى....

بۈگۈنمۇ ئۆمەر ئىش ئىزدەپ ئادەملەر توپى ئىچىدە چايقىلىپ يۈرەتتى . قورساقنىڭ ئاچلىقىدا ئۇ ئاشخانىلاردىن كېلىۋاتقان مەزىلىك پۇراق ، ئادەملارنىڭ بەدىنىدىن كۆتۈرۈلىۋاتقان ئاچچىق تەر ھىدى ، توپا چاڭلارنى تۇكۇرۈكىگە ئارلاشتۇرۇپ ئىچىگە يۇتاتتى . بازار بولسا ئۆزنىڭ ۋاڭ چۇڭى بىلەن ئېغىر گۇرۇلدەيتى . ئالارمەن ساتارمەنلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى قۇلاق مىڭىنى يەپ ، ئۆمەرنىڭ بېشىنى ئايلاندۇراتتى . مىس يارماقلار ، كۈمۈش تەڭگىلەر ، ساپ ئالتۇن

تىللالار قولدىن قولغا ئۆتۈپ جىرىڭلايتى . ئۆمەرنىڭ يانچۇقى بولسا قۇپقۇرۇق ئىدى . ئۇ قوينىغا سېلىپ ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئەكەلگەن تىللالارنىڭ نەق مۇشۇ قارغىش تەگكۈر شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە غايىپ بولغىنى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەلەم قىلاتتى .

› ئادەم ئەمەس جوھوت!ـ دەپ تىللايتى ئۇ ئىچىدە ئىنىسى باراتنى ، ـ بىر تىللانى كەم ئالغىنىڭغا ئۆلەتتىڭمۇ ؟...بىر تىللانى تالىشىپ توقسان توققۇز تىللادىن قۇرۇق قالدۇق . بەلكىم ، سەنمۇ بىر يەردە ماڭا ئوخشاش ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتقاندۇرسەن... ›

ئۆمەر شۇنداق خىياللار بىلەن ئايلىنىپ بازار چېتىدىكى بىر ئوچۇقچىلىقا چىقىپ قالدى . نېرىراقتا دۇپدۇگىلەك دائىرە بولۇپ ئولىشىۋالغان ئدەملەر بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى . ئارقىدا تۇرغانلار بولۇنلىرىنى سوزۇپ دائىرىنىڭ ئوتتۇرسىغا قارىشاتتى . ئۇ يەردە بىرەر قىززىقچىلىق بولىۋاتسا كېرەك ، ئۆمەر قىستىلىپ يۈرۈپ ئادەملەر توپىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى . مەيداننىڭ ئوتتۇرسىدا بويۇنلىرى بۇقىنىڭ بوينىدەك تۇرۇلۇپ كەتكەن يوغان بىر ئادەم توپلىق يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ ، ‹قېنى ، يەنە قايسىڭ چىقىسەن؟› دەپ ۋارقىراپ ، ئالدىدىكى توپنى ھەدەپ ئاسمانغا سورۇيتى .

ــ بۇ ئادەم نىمە قىلىۋاتىدۇ ؟ـ دەپ ھەيران بولدى ئۆمەر . لېكىن ، ئۇنىڭ سۇئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى . ئەتراپىدىكى ھەممە ئادەم چۇۋۇلدىشىپ:

ــ قېنى كىم بار ؟

ـ قېنى كىم چىققىدۇ ؟ ـ دەپ ۋارقىرىشاتتى . ھاياجاندىن كۆپۈپ قىزىرىشاتتى .

ـ ئۇ نېمە ئادەم ؟ ـ دەپ سورىدى ئۆمەر يېنىدا تۇرغان بىرەيلەننى نوقۇپ تۇرۇپ ، ھېلىقى كىشى ئۆمەرگە ئەجەبلىنىپ قارىدى ـ دە:

ـ سەن ئۇنى تونۇمامسەن ؟ ـ دېدى .

ـ تونۇمايدىكەنمەن ، ـ دېدى ئۆمەر ، ـ مەن بۇ شەھەرلىك ئەمەسمەن .

ـ قادىر قاۋان دىگەن پالۋان شۇ بولىدۇ .

ـ ئۇ نېمىشقا توپا سورۇپ ئولتۇرىدۇ ؟

ـ نېمىشقا توپا سورۇپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان چېلىشچى چىقمىدى ـ دە، ـ دېدى ھېلىقى كىشى مەغرۇرلىنىپ ، ـ باياتىن بېرى ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇچنى يىقتتى .

ـ ئۇچنى يىقتسا توپا سورۇيدىغان گەپمۇ ؟

ـ بۇ يەرنىڭ قائىدىسى شۇ ، مەيداندا قالغان چېلىشچى « يەنە قايسىڭ بار» دەپ توپا سورۇيدۇ ، قانچە باتۇر بولسا توپىنى شۇنچە ئېگىز ئاتىدۇ .

نېرىراقتىكى سايۋەن ئاستىدا شەھەرنىڭ بايلىرى ئاچچىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ ، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇراتتى . سايۋەننىڭ ئالدىدا بىر كىشى ئۆرە تۇرۇۋېلىپ كۈچىنىڭ بارىچە ۋارقىرىماقتا ئىدى .

ـ قېنى ، قادىرغا تەڭ كېلەلەيدىغان يەنە كىم بار؟ كىم يەڭسە ئون تىللا تارتۇق ئالىدۇ ، ئون تىللا !... ئون بەش تىللا !... كىم چىقىدۇ ، مانا يىگىرمە تىللا ! كىم قادىرنىڭ يېنىنى يەرگە تەككۈزەلىسە ، بىكارغىلا يىگىرمە تىللاغا ئىگە بولىدۇ...!

ئۆمەرنىڭ قورسىقى ئاچلىقتىن غولدۇرلايتى . « يىگىرمە تىللا ـ ھە!ـ دەپ ئويلايتى ئۆمەر ، ـ يىگىرمە تىللا بىلەن نەتچە ئاي تويغۇچە تاماق يەپ ، يۇرتقىمۇ بېرىۋالغىلى بولاتتى . نېمىلا بولسا بولسۇن ، غەيرەت قىلىپ بىر تۇتۇشۇپ باقايمۇ ـ يە!» ئۆمەر بالا ۋاقتىدىن تاتىپ چېلىشىپ ئۆگەنگەندى . تەڭتۇشلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغىنى يوق ئىدى . مۇنۇ باش كۆزگە توپا چېچىپ ئولتۇرغان قاۋاننىڭ خېلى بىڭسى باردۇر ھەرقاچان ، بولمىسا توپىنى

مۇنچە ئېگىز ئاتماس ئىدى ...زادى قانچىلىك كارامىتى باردۇر ئۇنىڭ ...خەپ ، قورساقنىڭ ئاچلىقچۇ تېخى....!

ھېلىقى دەيدەيچى ئادەملەرنى چېلىششقا چۇشۇشكە قىززىقتۇرۇپ بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ سانىنى ئاشۇرماقتا ئىدى .

— قېنى ھەي خالايىق ، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئىچىدىن تۈزۈكرەك ئوغۇل بالا چىقمامدۇ ؟...مانا ئوتتۇزبەش تىللا !قىرىق تىللا ! ھەي ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار خالايىق ، قىرىق تىللا ...قادىر پالۋانمۇ ئادەمغۇ ! ئاراڭلاردىن تەۋەككۈل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشقىدەك يەنە بىر ئەزىمەت چىقمامدۇ ؟...قۇلىقىڭنى مەن تەرەپكە تۇتۇپ ئاڭلا خالايىق ، مانا قىرىق بەش تىللاغا قول يەتكۈزسەڭ دۇنيانىڭ ھەممە مەينەتچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ بەگلەردەك ھوزۇر سۈرىسەن !...قىرىق بەش تىللا ، قولىقىڭلار پاڭ بولۇپ قالدىمۇ ، قىرىق بەش...!

دەيدەيچى قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ قولىدىكى بىر ئوچۇم تىللانى شاراقلىتىپ ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا تۆكەتتى . قادىر قاۋاننىڭ ئاتقان توپىسى بارغانسىرى ئېگىز ئۆرلەيتى .

— مانا ، ھۆرمەتلىك بايلىرىمىز ئالقىنىنى تېخىمۇ كەڭ ئاچتى ! — دەپ ۋارقىرىدى دەيدەيچى ، تولا ۋارقىراۋېرىپ ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ خرقىراپ قالغانىدى ،— كىم يەڭسە ، نىزامباي نەق مەيداندىلا قولىغا ئەللىك تىللا ساناپ بەرمەكچى ، ئەللىك تىللا...!

› ئەللىك تىللا !— دەپ ھاياجاندىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى ئۆمەر ، — ئەللىك تىللا دېگەن ھېلىقى ئاتامدىن قالغان تىللالارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئەمەسمۇ ؟

بارات ئىككىمىز قىرىق توققۇز تىللاغا رازى بولماي ئەللىكنى ئالىمەن ، دەپ ھەممە تىللادىن قۇرۇق قالمىغانمىدۇق ــھە!...قولدىن كەتكەن ئەللىك تىللانى خۇدايىم مۇشۇيەردىلا قايتۇرۇپ بېرىۋەتسىمۇ ئەجەپ ئەمەس ... يېڭىلىپ قالسام ناھايىتى مەيداندىن شەرمەندە بولۇپ چىقىپ كېتەرمەن . بۇ يەردە مېنى كىم تونۇيتى ... يىقىلغان پۇل تۆلەيدىغانمۇ ئىش بارمۇ ــيە ؟›

ئۆمەر يېنىدىكى كىشىدىن سوراپ كۆردى .

ــ مەيدانغا چۈشكەن ئادەم يېڭىلىپ قالسا قانداق بولىدۇ ؟

ــ قانداق بولاتتى ، يېڭىلىپ قالساڭ مەيداندىن سۆڭگۆچىڭنى سۆرەپ قايتىپ چىقىسەن ، ئۆلۈك تېرىكىڭگە ئۆزۈڭ ئىگە بولىسەن .

ــ ئۇتتۇرغان ئادەم پۇل تۆلەيدىغان ئىش يوقتۇر ؟

ــ ئاڭلاۋاتقانسەن پۈلنى نىزامباي تۆلەيدۇ ، ئۇ بۇ شەھىرىمىزدىكى كاتتا بايلارنىڭ بىرى . ئەللىك تىللا دىگەن ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىتى ...،ــ سۆزلەۋاتقان ئادەم تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ ئۆمەرگە بېشىدىن ئايىغىچە قارىدى ـ دە، ــ خېلى قاۋۇل يىگىت كۆرۈنىسەن ، بىر تەلەي سىناپ باقامسەن ـ يە ؟

ئاڭلاۋاتقانسەن ، ئۇتساڭ ئەللىك تىللا بىر دەمدىلا جىرىڭلاپ يانچۇقۇڭغا چۈشىدۇ ،ــ دېدى .

ــ بىر تۇتۇشۇپ باقاي دەيمەن ، ــ دېدى ئۆمەر ، ــسەل قورقىۋاتىمەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆمەرنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا تەڭلا قاراشتى . قىززىقچىلىق كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان ئادەملەر ئۇنى:

ــ قېنى ، بىر تەلەي سىناپ باقامسەن!

ــ قورقما ، يىقىلساڭ يەر كۆتۈرىدۇ .

ــ ئۇتقانغا ئەللىك تىللا ـ ھە !...، ـ دەپ دەيدەيگە سالغىلى تۇردى . شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ :

ــ مانا ، بۇيەردە بىر يىگىت مەيدانغا چۈشمەكچى !ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى .

ــ ھە مانا ! خۇداغا شۈكرى ، ــدەپ توۋلىدى ئوتتۇردىكى دەيدەيچى ، ـ ئەللىك تىللا نىزامباينىڭ يانچۇقىغا قايتىپ چۈشۈپ كېتەرمىكىن دەپ بەك ئەندىشە قىلغاندىم . ئەللىك تىللانىڭ ئىگىسى چىقتى ؛ قېنى يىگىت ، مەيدانغا كەل!

ئارقا ئارقىدىن ئۈچ ئادەمنى يەرگە ئۇرغان قادىر قاۋان بىلەن ئېلىشىشقا تەۋەككۇل قىلغان قايسى نوچىدۇر ، دەپ سايىۋەن ئاستىدا ئولتۇرغان بايلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى . ئەمدى

مەيدانغا چۈشمەيمۇ بولمايتى . ھەممىنىڭ كۆزى ئۆمەرگە تىكىلگەندى . كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ ئارقىسىدىن ئىتتىرىۋىدى ، دېگەندەك ئۇ ئوتتۇرغا چىقىپ قالدى .

ــ قېنى ، ھە ئوغۇل بالا ، قورقما!

ــ مەدەتنى ئىگەمدىن تىلە!

كىشلەرنىڭ شۇنداق قىيقاس چۇقانلىرى ئىچىدە ئۆمەر بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ توپا سورۇپ ئولتۇرغان پالۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى . پۈتۈن مەيدان جىمجىت سۈكۈتكە چۆكتى . قادىر قاۋان ئالدىدا تۇرغان چېلىشچىنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلا تۈك چىققان بىر خام سويما ئىكەنلىكىنى كۆردى . ئەمما ، مۇنداقلارنى سەل چاغلاشقىمۇ بولمايتى . مۇنداق ياشلىق قۇرامىغا يەتكەن بەدەندە قاراكۈچ بولىدۇ . قادىر ئورنىدىن قوپماي تۇرۇپ ھەيۋە قىلدى .

ــ ئۆزۈڭ كىم بولىسەن ؟

ــ بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن .

ــ خوتۇنۇڭ بىلەن خوشلۇشۇپ كەلدىڭمۇ ؟

ــ مېنىڭ خوتۇنۇم يوق.

ــ ھە ، تېخى بالا ئىكەنسەن ، ماڭ بېرىپ ئاناڭدىن رازىلىق ئېلىپ كەل .

ــ ئاناممۇ يوق .

ــ جاندىن تويغان بىر يالاڭتۆشمەن دېگىنە!

ــ تولا توغان سۆزلىمەي ئورنۇڭدىن قوپىماسەن!

قادىر قاۋان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇنىڭ باش كۆزىدىن توپا قۇيۇلۇپ تۇراتتى . قادىر سۇدىن چىققان ئىتتەك ئۆزىنى بىر سىلكىشتۈردى ــ دە ، ئېتىلىپ بېرىپ ئۆمەر بىلەن بەل تۇتۇشتى . ئەتراپتىكىلەرنىڭ قىيقاس چوقانى باشلاندى .

ــتاشلا!

ــ يەرگە ئات!

ــ ھاي يىگىت ، بوش كەلمە!

ئۆلار خېلىغىچە مۆرلىرى بىلەن بىر بىرنى ئالدى كەينىگە ئىتتىرىشىپ ، توپلىق يەردە پىرقىراشقا باشلىدى . قادىر قاۋان ئۆمەرنىڭ بېلىدىن قورۇپ ئالدىغا تارتىپ ، تۇيۇقسىز بېشىغا كۆتۈردى ـ دە، يەرگە ئاتتى . ئۆمەر يەرگە ئۆرە پېتى تىككىدە چۈشتى .

ھەممىنىڭ ئاغىزىدىن تەڭ چىققان «ئوھوي!» دىگەن ئېغىر تىنىق گۈرۈلدەشكە ئايلىنىپ توختاپ قالدى . قاۋان ئېتىلىپ كېلىپ ، ئۆمەرنى ئىككىنچى قېتىم بېشى ئۈستىگە ئالدى ـ دە، يەنە ئاتتى . بۇ قېتىممۇ ئۆمەر يەرگە تىككىدە چۈشۈپ ئۆرە تۇرۇپ قالدى . ئۈچىنچى قېتىم تۈتۈشقاندا ئۆمەر قاۋاننى بېلىدىن ئەپلىك تۇتىۋالدى . قاۋان بولسا ئۆز كۈچىنى خېلىلا خورىتىپ ھاسىراپ قالغاندى . ئۆمەر بار غەيرىتىنى يىغىپ ، «ياپىرىم!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە قاۋاننى يەردىن يۇلىۋالدى .

ــ ئاپىرىن يىگىت ! ـ دەپ چوقان سېلىشتى ئەتراپتىكىلەر .

ــ قاراڭلار ، قاراڭلار ، ئەنە ئۇ بەلدىن ئېلىپ باشقا كۆتۈردى .

ــ كىم كىمنى كۆتۈردى ؟ــ دەپ سورايتى ئارقىدا تۇرۇپ قالغانلار پۇتىنىڭ ئۇچىدا بويىۇنداپ .

ـ ھېلىقى يىگىت قاۋاننى كۆرۈردى .

ــ بېشىچە قوي!

ــ ئاتاڭغا رەھمەت ، يىگىت!

ئۆمەر قاۋاننى بېشىدا پىرقىراتماقتا ئىدى . لېكىن ئۇنىڭ بۇ يوغان مەخلۇقنى يەرگە ئېتىشقا مادارى يەتمەيتى .

ــ ئوغۇل بالا بولساڭ ئاتماسەن ؟ ــ دەيتى قاۋان ئۆمەرنىڭ بېشى ئۈستىدە تۇرۇپ ، ــ ياﺋاللا سەن چېلىشچى ئەمەس خوجايىنىڭنىڭ بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆگەنگەن مەدىكار ئوخشايسەن...

ئۆمەرنىڭ شۇ يوغان گەۋدىنى يەردىن كۆتۈرۈپلىشنىڭ ئۆزى چوڭ جاسارەت ئىدى . ئۇنى يەرگە ئېتىشقا ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى . قاۋان بولسا ئىككى قولى بىلەن ئۆمەرنىڭ بېشىنى چىڭ قاماللىۋالغاندى . بارغانسىرى ئۆمەرنىڭ تىزلىرى ئىگىلىپ ، بېلى پۇكلۇنۇپ كەتتى . قادىر قاۋان ئۇنى بېسىپ ئۈستىگە يىقىلدى .

ـ يارايسەن ، يارايسەن!ـ دېدى قادىر قاۋان ئاستىدا قالغان ئۆمەرنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ، دولىسىغا ئۇرۇپ ،ـ خېلى غەيرەتلىك بار ئىكەن .

ئۆمەر ئارزۇ قىلغان ئەللىك تىللا يەنىلا خەقنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كەتتى . ئۆمەر دەلدەڭشىپ ماڭغىنىچە چەتكە چىقىپ ، تامغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى .

شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئولتۇرغان ئورنىدىن قوپقىدەكمۇ ماغدۇرى قالمىغان ئىدى . مەيداندىكى ئادەملەر بىر بىرلەپ تارقىشىۋاتاتتى . .. تۇيۇقسىز ئۇنى بىرى چاقىرىپ قالدى .

ـ هاي نىمە ئادەمسەن ؟

ئۆمەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ، ئات ئۇستىدە تۇرغان سۆلەتلىك بىر ئادەمنى كۆردى . ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئويناقلاپ تۇرغان قۇمۇش قۇلاق ئارغىماق ، خىلمۇ خىل كۆزلەر قۇيۇلغان قىممەت باهالىق ئىگەر جابدۇق ، مەخمەل يوپۇق ، نەقىش ساپلىق چىرايلىق ئۆرۈلگەن قامچا ۋە كۈمۈش ئۈزەڭگىلەر بۇ ئادەمنىڭ ناهايىتى باي كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى .

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!ـ دەپ تامنى تىرەپ ئورنىدىن تۇردى ئۆمەر .

باي ئۇنى تونۇپ قالدى .

ـ سەن هازىر چېلىشقا چۈشكەن يىگىت ئەمەسمۇ ؟

ـ شۇنداق باي ئاكا.

ـ ئەجەپ ئۇنى يەرگە ئاتالمىدىڭا ؟

ـ قورسىقىم ئاچ ئىدى .

ـ قورسىقى ئاچ تۇرۇپمۇ چېلىشقا چۈشكەن بارمۇ؟

ـ ئامىتىم كېلىپ قالسا ئازىراق پۇللۇق بولۇپ قالارمەنمىكىن ،دېگەنىدىم .

ـ ئامەت !ـ دەپ كۈلدى باي ،ـ ئامەت قوغلاشقاندىن قاچىدۇ .

ـ شۇنداق ، باي ئاكا .

ـ ئۆزۈڭ نىمە ئىش قىلىدىغان ئادەمسەن ؟

ـ ئىشلەمچىمەن ، باي ئاكا ، قىلغۇزغۇدەك ئىش پىشلىرىڭىز يوقمىدى ؟

ــ ئۆزۈڭ قەيەرلىكسەن ؟

ــ بۇ شەھەرگە مۇساپىرمەن.

ــ ئوغۇرلۇق قىلمايدىغانسەن ئې

ــ يوقسۇ ، سىلىدەك ئۇلۇغلارنىڭ ئېشىغا ھارام نىيەت بىلەن قول سېلىشتىن خۇدا ئۆزى نېرى قىلسۇن! .

ــ ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن ، مېنى تونۇمسەن ؟

ــ تونىمايدىكەنمەن .

ــ بۇ شەھەردە مېنى نىزامباي دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق ، بىلىپ قوي!

ــ مۇشۇ سۆلەتلىرىدىنلا سىلىنىڭ كاتتىا دۆلەتمەن ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى پەملەپ بولدۇم . بىر ئاتىدارچىلىق قىلسىلا ، ھېچنەمەم يوق يېتىممەن .

ــ بولىدۇ ، كۆچۈڭ باردەك قىلىدۇ ، ياخشى ئىشلىسەڭ مېنىڭدە دائىملىق ئىشلەپ قالىسەن . ئاۋال كۈنلۈك ئىشلەپ باق ، قېنى ھەققىڭگە قانچە تەلەپ قىلىسەن ئې

ــ قورسىقىمغا ئۈچ ۋاخ يېگۈدەك بىر نەرسە بەرسىلە ، يېتىپ قوپىدىغان ئورنۇملا بولسا بولىدۇ ، ئارتۇق نەرسە تەلەپ قىلمايمەن .

ــ ياخشى گەپ ، قېنى ئارقىمدىن ماڭ!

ئۆمەر ، باينىڭ ئارغىمىقىنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭلار ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شەھەرنىڭ ئەگرى بۈگرى كوچىلىرى بىلەن كەتتى .

## ئايىم

نىزامباينىڭ شەھەر سىرتىدا كاتتىا بىر بېغى بار ئىدى . بۇ باغدا ئالما ، ئانار ، نەشپۈت ، شاپتۇل ، ئەنجۇر ، ئۈزۈم دېگەندەك ، مۇشۇ يۇرتتا ئۆسەلەيدىغان مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىلى تېپىلاتتى . بۇ باغدا نىزامباينىڭ چوڭ خوتۇنى ئايىم تۇراتتى . باغنىڭ بىر تەرىپىدە چوڭ خوتۇن ئۈچۈن سېلىنغان پىشايۋانلىق ئايۋان بار ئىدى . بۇ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ

ئەتىراپىنى گۈللۈكلەر ئوراپ تۇراتتى . ھەممە نەرسە شۇنچىلىك پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى . باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈۋرۈكلەرگە نەقىشلەر چېكىلگەن چىرايلىق بىر شىپاڭ ، شىپاڭ تېنىدا چوڭ بىر كۆل بار ئىدى . بۇ يەردىكى سالقىنلىق ۋە تازا ھاۋا ، كۆل بويىدىكى ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەر يېشىل ئوتلاربىلەن قاپلانغان كۆل سۈيىنى سۈزۈك ۋە مۇزدەك ساقلايتتى . باغنىڭ مېۋىلىرى سېۋەتلەرگە قاچىلىنىپ ھەپتىدە بىر قېتىم شەھەر ئىچىدىكى نىزامباينىڭ باشقا ئۆيلىرىگە ، ئېشىپ قالغانلىرى باققاللارنىڭ دۇكانلىرىغا توشۇلاتتى . باغقا قارايدىغان ئىشچان باغۋەن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۈچتىن قالغان بولۇپ ، ئەمدى ئۇ باغ يوللىرىدىكى ئوتلارنى يۇلۇش ، مېۋىلەرنى ئۈلاش ، چاتاش ، ۋاقتى ۋاقتىدا سۇ قۇيۇش ، گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش ، ئۇششاق باللار تولا يامىشىپ شور قىلىۋەتكەن تاملارنىڭ شورلىرىنى ئېتىش ، چۈشكەن مېۋىلەرنى يىغىش دېگەندەك تۈگىمەس ئىشلارغا ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى . نىزامباي ئۆمەرنى ئەنە شۇ ئىشلارغا ياردەملىشىشكە ئەكەلگەنىدى .

ئۆمەر بۇ يەردە كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشقا ئېرىشتى . قېرى باغۋەن ۋە ئۇنىڭ ئايالى مېھرىبان ئادەملەردىن ئىدى . باغۋەن باغنىڭ بىر بۇرجىكىگە سېلىنغان ئاددىي ئۆيدە تۇراتتى . ئۆمەرنىڭ تامىقى ئۇلار بىلەن بىللە بولدى . باغۋەن بوۋاي ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ، گۈرجەك ، كوناسېۋەت ، ئۈزۈم نوتىلىرىنى باغلايدىغان چىگىلەر ، پالتا ، قايچا دېگەندەك نەرسىلەر قويۇلغان ئۆينى بىكارلاپ ، ئۆمەرگە ياتاق ئۆي قىلىپ بەردى . باغۋەننىڭ ئۆمۈر بويى تىنىم تاپماي ئىشلەپ مۆكچىيىپ كەتكەن ئايالى ئۆمەر تۇرىدىغان ئۆينى سۈپۈرۈپ تازىلاپ ، قۇراق سېلىپ تىككەن پاكىز يوتقان كۆرپىلەرنى تەييارلىدى . ئۇلار بۇ ياش يىگىتنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇرسەن ئىدى . ئۆمەر ئۇلارنى باغدىكى نۇرغۇن ئېغىر يېنىك ئىشلاردىن ئازاد قىلاتتى .

ئۆمەر ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا ، ئۇنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن ئوقۇپ تۇرىدىغان بەش ۋاخ نامىزىنى يەنە باشلىۋالدى . ئۇ ھەر كۈنى سەھەر قوپۇپ ، تەرەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئۆتەپ ، چاي ۋاقتىغىچە يەنە باغدا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بولاتتى . ھەر

جۆمە كۈنى قىرى باغۋەنگە ئەگىشىپ بىرىپ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى چوڭ مەسچىتتە جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ كېلەتتى . بۇ ئادەتلىرى بىلەن ئۇ باغۋەننىڭ ئائىلىسىگە ۋە نىزامبايغا يېقىپ قالدى . باي ئۇنى يىللىقچى قىلىپ ياللىۋالدى . ئۇنىڭغا تامىقىنى بېرىشتىن سىرت ھەر يىلى يازلىق ـ قىشلىق ئىككى قۇر كىيىم ، ئازىراق ئىش ھەققىمۇ بېرىشكە توختام تۈزۈلدى .

ئۆز تۇرمۇشىنىڭ يولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆمەر خۇداغا شۈكرى ئېيتاتتى . ئۈستى ئوچۇق زىنداندىكى ۋە بۇ شەھەردە ئىش تاپالماي ئاش توق يۈرگەن چاغلىرىدىكىگە قارىغاندا ، بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنى جەننەتتە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . بەزىدە بۇ باغ ئۆزىنىڭ سالقىنلىقى ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ، گۈللەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن ھەرىلەرنىڭ غۇڭۇلداشلىرى ، كېپىنەكلەرنىڭ پەرۋاز قىلىشلىرىغا چۆمۈلۈپ شۇنچىلىك گۈزەل بولۇپ كېتەتتىكى ، بۇ باغنى بىنا قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلىگەن نىزامباينىڭ ئۆزىمۇ بۇ گۈزەللىكلەردىن بەھرە ئېلىش پۇرستىدىن مەھرۇم ئىدى . باي باغقا كەمدىن كەم كېلەتتى . ئۇ قەيەرلەردىندۇر ئۆزىنىڭ سودا ئىشى بىلەن پالاقلاپ ، تېرە ، يۇڭ ، گەزماللىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى ، خوتۇنلىرى ئارىسىدىكى تۈگىمەس ماجىرالار ، سودىدىكى پايدا زىيان ئىشلىرى بىلەن ئازاپ چېكىپ يۈرەتتى . ئەگەر باينى ھوزۇرلىنىدۇ دېسە ، ئۇ پەقەت بۇ كاتتا باغنىڭ ئۆز نامىدا ئىكەنلىكىدىنلا ھوزۇرلىناتتى .

تۇرمۇشتا شۇنداق ئىشلارمۇ بولىدۇكى ، بەزى ئادەملەر كۆركەم سارايلارنى ياسىتىپ ، ئۇنى ئېسىل گىلەم ، ئۆز جايىدۇقلىرى بىلەن تولدۇرۇپ قويۇپ ، بۇ سارايلارنى پاسكىنا بولۇپ كەتمىسۇن دەپ تۆۋەنگە يەنە ئاشخانا ئۆيلەرنى ياسىتىدۇ ۋە ئۆمرىنىڭ تولىسىنى ئەنە شۇ سارايلارغا يانداپ سېلىنغان ئاددىي ئۆيلەردە ئۆتكۈزىدۇ . بايلار نام شۆھرەت ئۈچۈن سالدۇرغان ئاجايىپ بىنالارنىڭ ئۆمرى ھامان ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆمرىدىن ئۇزۇن بولىدۇ . شۇ كاتتا سارايلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرسىڭىز ، ھەقىقىي ھوزۇرىنى ئالغانلار شۇ ئۆيلەرنى ياساتقۇچىلار ئەمەس ، باشقا بىرلىرى بولۇپ چىقىدۇ. ..ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلارنى سالدۇرغان پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ ھالى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر . ئۇنىڭغا شۇ مېھمانخانىلاردا يېتىش پۇرستى يىلىغا بىر نەتچە قېتىملا بولىدۇ ياكى مەڭگۈ بولمايدۇ . ئۇ يەرنىڭ ھەر

كۈندىكى قەنتنى باشقىلار چاقىدۇ .

ئۆمەر باغدا ئىشلەپ يۈرۈپ باغنىڭ ھوزۇرىنى سۈرەتتى . پىشىپ يېتىلگەن ئەڭ شېرىن مېۋىلەرگە بىرىنجى بولۇپ ئېغىز تېگەتتى . قۇشلارنىڭ ئاۋازى ، گۈللەرنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ ئاۋۇتاتتى .

ئاستا ئاستا ئۇنىڭ سارغايغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ ھوجۇدىدىكى قورساق بېقىش ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇلغان ھېسسىياتلار ، ياشلىق سېزىملىرى قايتا يېتىلىشكە باشلىغاندى .

بەزىدە ئۆمەرگە باغقا سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن باغدىن چىقىپ ، تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ ، يىراقتىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭ بويىغىچە بېرىشقا توغرا كېلەتتى . دەرۋازىسى قىيا ئوچۇق تۇرغان ھويلىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۈزۈم باراڭلىرى ئاستىدىكى سۇپىلاردا ئولتۇرۇپ ، چىننىڭ كۆتىكىدىكى ئوسما سۈيىگە پەلكۈچلىرىنى چىلاپ ئوسما قويىۋاتقان قىزلار چېلىقىپ قالاتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ كېتەتتى .

بەزىدە يول ئۈستىدە ئۇنىڭغا پۈركەنچىلىك چوكانلار ئۇچرايتى . ئۇلارنىڭ جامالى چۈمبەل بىلەن يېپىلغان بولسىمۇ ، يەنە ئۇلارنىڭ تولغىنىپ مېڭىشلىرى ، پۈركەنجىنىڭ بىر بۇرجىكىنى نازاكەت بىلەن چىمدىپ تۇتقان خېنە قويۇلغان نازۇك بارماقلىرى ئۆمەردە تاتلىق سېزىملارنى قالدۇراتتى . ئۆسەڭدىن قاپاقلارغا سۇ ئېلىپ كېلىۋاتقان قىزلارنى كۆرگەندە ، ئۆمەرگە بۇ گۈزەل قىزلارنىڭ كۆندە قارايغان ئاياغلىرىدا سانسىز قۇتۇغۇزلار جاراھلاۋاتقاندەك ، ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن توپىلىق يوللارغا گۈللەر تۆكۈلۈپ ، ئەتراپقا كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق تارقىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . بەزىدە ئۇ قېرى باغۋەننىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى باراڭ ئاستىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا ، باغنىڭ تېمى ئارقىسىدىكى كوچىدا تەرەپتىن قىزلارنىڭ كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۆمەر يەۋاتقان تامىقىنى ئۇنتۇپ ، ئىختىيارسىز تام ئارقىسىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ قالاتتى . موماي بىلەن بوۋاي بولسا بىر بىرىگە

مەنىلىك قارىشىپ كۆلۈمسىرىشەتتى .

ــھە ئالدىرما ئوغلۇم ،ــدەيتى باغۋەن ، ــ ئوبدان ئىشلەپ ، تاپقان پۇللىرىڭنى زايە قىلماي ، يىغقىن ، مۇشۇ ئەتىراپتا ئوبدان ئادەملەرنىڭ چىرايلىق قىزلىرى بار ھەر قانداق كىشى سېنىڭدەك يالغۇز يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىشقا جان دەپ ماقۇل بولىدۇ...

ئۆمەر مۇنداق چاغلاردا ۋىللىدە قىزىراتتى ـدە، باغۋەننىڭ ياخشى تىلىكىگە كۆڭلىدە خوش بولۇپ ، كەتمىنىنى ئېلىپ باغقا قاراپ كېتىپ قالاتتى . باغ ئىچى ئۈنىڭغا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . قۇياش نۇرىدا يۇپۇرماقلار تېخىمۇ يېشىل ، ئاسمان تېخىمۇ كۆپكۆك ، گۈللەر تېخىمۇ رەڭدار جۇلالىنىۋاتقاندەك ، ھايات ئۈنىڭغا تېخىمۇ كەڭ قۇچاق ئېچىۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

نىزامباينىڭ بۇ چوڭ بېغىدا تۇرىدىغان ئايالىنى ھەممە ھۆرمەتلەپ ‹ئايىم› دېيىشەتتى . ئايىم تولۇق قامەتلىك ، گەپ سۆزى جايىدا ، ئاپئاق ، سۈزۈك مەڭزىلىرىدىن قىزىللىقى كەتمىگەن كېلىشىملىك خوتۇن ئىدى . ئۇ ، باينىڭ تېخى نىزامباي بولۇپ ئاتىلىپ شەھەرگە تونۇلمىغان ۋاقتىدا ئالغان تۇنجى ئايالى بولۇپ ، ئايىمنىڭ ئاتىسى شەھەردىكى پۇلدارلاردىن ئىدى . نىزامباي كېيىن ، تېرە ، يۇڭ سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ قېينئاتىسىنىڭ يۆلىشى بىلەن تېزلا بېيىپ كەتتى . ئۇنىڭ شۇ ئەتىراپتىكى يېزا قىشلاقلاردىن تېرە يۇڭ يىغىدىغان مەخسۇس ئادەملىرى ، بىر قانچە يەردە خۇرۇم ، شاۋرۇن ئىشلەيدىغان ئىشخانىلىرى بار ئىدى . ھازى نىزامباينىڭ سودا سېتىق دائىرىسى يۇڭ تېرىلەردىن ھالقىپ ، ماتا ـ چەكمەن ، گەزمال ، ئالتۇن كۆمۈش سودىلىرىغىچە بېرىپ يەتكەنىدى .

نىزامباي ئۆزىنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن دائىملا ئالدىراش يۈرەتتى ، پايدا چىقىدىغان بىرەر پۇرسەت ، بىرەر يوچۇقنىمۇ قولدىن بەرمەيتى . نىزامباي ئۆزى بىر ئاز ئەيمىنىپ ھۆرمەت قىلىدىغان قېينئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئايىمنىڭ ئۈستىگە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ خوتۇن ئالدى . خوتۇنلىرى ئۈچۈن شەھەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئايرىم ئايرىم جايلارنى سالدۇردى . ئايىمنى بولسا پىشايۋانلىق ئايۋانلارنى ياستىپ مۇشۇ باغقا كۆچۈرۈپ قويدى .

ئىككى چاكار ئايال بۇ يەردە ئايىمنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ئاش تامىقىنى ئېتىپ ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى . باي ئايىمنى خىراجەتتىن قىسمايتى . چوڭ باغ ئايىمنىڭ ھەر قانچە يايراپ ، ئەركىن يۈرىشىگە يېتەتتى . لېكىن ، ئايال كىشى ئۈچۈن پەقەت مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ ـ دە! ئايىم نىزامبايدىن يەنە مۇھاببەت تەلەپ قىلاتتى . باي بولسا ئۇنىڭغا ئېشىنالماس بولۇپ قالغانىدى .

دەسلەپكى چاغلاردا نىزامباي باغقا ئايدا بىر ئىككى قېتىم كېلىپ قونۇپ كېتىپ يۈردى . كېيىن كېيىن ئاياغ باسماس بولدى . ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ تۈگىمەس سودا سېتىق ئىشلىرى ، قايسىبىر سودىگەرنىڭ ۋەدە قىلغان چەكمەنلىرىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كەلمىگەنلىكى ، خۇرۇم ئىشلىگۈچى ئۇستىلارنى ئوبدانراق رازى قىلىش ئۈچۈن خۇرۇملارنى يىراقتا توشۇپ ياخشى پۇل قىلىش لازىملىقى ، شەھەر بايلىرى بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىلەر ، بەگلەرگە تاپشۇرىدىغان سوۋغا سالام ۋە يەنە قانداقتۇر بىر دەۋا ئىشلىرى توغرىسىدا ئايىمغا ئەسكەرتىپ ، ئۆزىنىڭ ئالدىراشلىقىنى ئېيتاتتى . ئەمما ، ئايىمنىڭ نەزىرىدە بولسا ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇق بىر باھانە ئىدى . ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۈندۈزى پۈتتۈرسە بولىدىغانلىقىنى ئايىم ئوبدان بىلەتتى . نىزامباينىڭ كېچىلىك ۋاقىتلىرى ياش خوتۇنلىرى بىلەن ئۆتەتتى .بۇلارنى ئويلىسا ئايىمنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى .

يالغۇزلۇقتا ئۆزۈن كېچىلەرنى تاڭغائۇلىماق ناھايىتى قىيىن ئىدى ، ئايىم قېلىن كۆرپىلەر ئۇستىدە يېتىپ نىزامباينىڭ ئۆزىنى ئەركىلەتكەن چاغلىرىنى ، دائىما ئۇنىڭ قېشىدا بولغان كۈنلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى . ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئانچە باياشات بولمىسىمۇ ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەنىدى . نىزامباي ئايىمنى ئەتىگىنى خاپا قىلىپ قويۇپ كەتسە ، كەچلىكى كېلىپ كۆڭلىنى ئالاتتى . بۇ باغدا ھازىر مېۋە چېۋىلەر تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ ، نىزامباي ئۆز قولى بىلەن ئەكىلىپ سۇنىدىغان بىر تال ئالمىغا يەتمەيتى : ئاشپەز خوتۇنلار ھەر خىل تاماقلارنى ئېتىپ ئالدىغا قويسىمۇ ، يەنە نىزامباي ياغلىقىغا تۈگۈپ بازاردىن ئەكىلىدىغان بىر قانچە دانە سامسىنىڭ لەززىتى باشقىچە ئىدى... .

ئايىم خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئالتۇن جابدۇقلىرىنى يىپەك ياغلىققا تۈگۈپ ، ئىستىقۇ - سوۋۇتقۇ ئوقۇيدىغانلارنىڭ ئالدىغا قاتراپ يۈردى . نىزامباي تاسادىبى ئۇنىڭ يېنىدا بولۇپ قالىدىغان كۈنلەردەئۇ ئىستىقۇ ئوقۇغان ناۋاتلارنى سىلىپ ئۇنىڭغا چاي دەملەيتى . باي پەي ياستۇقلارغا بېشىنى قويۇپ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمغىدەك بولسا ئايىم قاراڭغۇ باغدىكى ساراڭ باخشى ، يار كوچىسىدىكى ئاقساق خوتۇن ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا ھۈرەتتى . مۇشۇنداق بىھۇدە ئاۋارىچىلىكلەر بىلەن ئايىمنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن جابدۇق ۋە تەڭگە تىللالىرى قانداقتۇر رەممالىلار ، ئىستىقۇ قىلىدىغان خوتۇنلار ، ئەپسۇن ئوقۇپ ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارنى يۇڭۇزلانغان پېتى يەرگە چۈشۈرۈۋېتەلەيدۇ ، دەپ داڭقى چىققان سېھرىگەرلەرنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ كەتتى . لېكىن بۇ پالاقلاشلارنىڭ نەتىجىسى ئەكسىچە بولۇپ ، نىزامباينىڭ قەدىمى بارغانسىرى ئايىم تەرەپكە يەتمەس بولۇپ قالدى . ‹ ھەي جادۇگەرلەر !ـ دەپ قارغايتى ئايىم ئىچىدە نىزامباينىڭ باشقا خوتۇنلىرىنى ، ـ سىلەرنىڭ ھىيلە مىكىرىڭلار مېنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىۋاتسا كېرەك . ئوقۇغان ئەپسۇنلىرىڭ ئۆزۈڭگە يېنىپ ئۆلۈشەرسەن !..› بەزىدە ئايىم : نىمشقىمۇ بىرەر نامرات كاسىپ ياكى دېھقاننىڭ ئايالى بولۇپ قالمىغان بولغىيتىم ، دەپمۇ ھەسرەت چېكەتتى .

باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى قىيسىق ئۆيلەردە ئولتۇرىۋاتقان باغۋەننىڭ مومىيىغا ھەۋىسى كېلەتتى . چۈنكى ئۇلار نامرات بولسىمۇ تەڭ قېرىپ ، تۇرمۇشتىكى خوشاللىق ۋە ئېغىرچىلىقلارنى تەڭ تارتىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى .

بارا بارا ئايىم ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىدىغان بولۇپ قالدى . تۆت خوتۇن ئالغانلار يالغۇز نىزامبايمىدى ، چامى يەتكەن ھەر قانداق مۇسۇلمان تۆت خوتۇن ئالىدۇ .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايىم نىزامبايغا پەرزەنتمۇ تۇغۇپ بېرەلمىدى . باينىڭ باشقا خوتۇنلىرى ياش جەزبىدار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن نىزامباينىڭ بىر ئىككىدىن پەرزەنتى بار ئىدى . ئايىم ئەمدى كۈننىنى خۇداغا شۈكرى قانائەتنى بىلدۈرۈپ ، بەش ۋاخ ناماز بىلەن جاينامازدا

ئۆتكۈزەتتى . بالىسى بولمىغانلىقتىن ياخشى كۆڭنىڭ يامىنى بولۇپ بايدىن كېيىن قالسام لازىمى بولىدۇ ، دەپ ئالتۇن كۈمۈش يىغاتتى . ئايىمغا ئاتىسىدىن تەككەن مىراس دۇنيالارمۇ ئۆنىڭ بىر ئۆمۈر يېتىپ يېيىشىگە يېتىپ ئاشاتتى . روزا رامىزانلاردا ئايىم يېتىم يېسىر ، غېرىپلارغا سەدىقە بېرەتتى . مەسچىتلەرگە پۇل ئىئام قىلاتتى . باغدىكى ئىشلەمچى ئاياللار بىلەن پىشايۋاندا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۇلارغا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ، ئۇ دۇنيا بۇدۇنيالىقتىكى ئىشلار ، ئازاپ ۋە راھەتلەر ھەققىدە كىتاپخانلىق قىلىپ بېرەتتى . شۇڭا ئىشلەمچى ئاياللارنىڭ نەزىرىدە ئايىم پاكلىق ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ نەمۇنىسى ئىدى . ئاشۇنداق ۋەزخانلىقلارنى قىلىۋېتىپ ئايىم تېخى ئەمدىلا قىرىق ياشلارغا كەلگىنىگە قارىماي ، ئۆزىنى قېرىپ خېلى ياشلارغا بېرىپ قالغان ئاياللاردەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغاندى .

ئەتراپتىكى ئاياللار شۇ خىسلەتلىرى ئۈچۈن ئۇنى ‹گۆھەر بانۇم›دېگەن ئىسمى بىلەن چاقىرماي ، ھۆرمەت بىلەن ‹ئايىم› دېيىشەتتى .

بۇ باغدا ياش ئىشلەمچى ئۆمەرپەيدا بولىشى بىلەن ، ئايىمنىڭ كۆڭلىدىكى سەۋىر تاقەت تورزانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ھېسىياتلىرى قايتا باش كۆتۈرۈپ پاراكەندىچىلىك سېلىشقا باشلىدى . بۇ خۇددى ئۆچۈپ قېلىشقا ھازىر بولۇپ تۇتەپ تۇرغان ئوتنى تۇيۇقسىز كەلگەن بىر شامال قايتا يالقۇنجىتىۋەتكەندەك بىر ئىش بولدى .

## يىگىرمە ئىككىنجى باب

### جېنىم قوزام

ئۆمەر ھەر ئەتىگەنلىكى ئايىمنىڭ ئاشخانىسىدىكى يوغان تۇڭنى كۆلنىڭ سۈزۈك ۋە مۇزدەك سۈيى بىلەن تولدۇراتتى ، ئاندىن يەر ئاغدۇراتتى ، مېۋىلەرنى تېرەتتى . ئىشلەۋېتىپ غىڭشىپ ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياتتى . ھارغاندا يېشىل چۆپلەر ئۈستىدە ئالقىنىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيالغا كېتەتتى . ئۇ خىيالىدا كىچىكىدە ئويناپ چوڭ بولغان كوچىلارنى ،

ئاتىسنى ، ئالەمنىڭ قايسىبىر چېتىدە قالغان ‹قاغىلىق باغ›نى ، ئىنىلىرى بارات بىلەن سەپەرنى كۆرەتتى . بەزىدە ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى يوغان يوتىسىغىچە تۈرىۋېتىپ ، ئېچىقلارنى ئېچىپ ، ئېرىقلارغا سۇ باشلايتى . نىزامبايىنىڭ چوڭ خوتۇنى ئايىم تۇرىدىغان ئايۋاننىڭ ئەتراپىدىكى گۈللۈكلەرگە ، ئانار ، ئۈزۈملەرگە سۇ تۇتاتتى . ئۆمەرنىڭ دائىم شۇنداق كەتمەننى مۈرىسىگە سېلىپ ، باغنىڭ يۇپيۇرماقلار سايە تاشلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقلىرى ۋە ياكى قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقلاردا يۈرگىنىنى كۆرگىلى بولاتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يىرتىقلىرى ياكى ئوچۇق قالغان مەيدىلىرىدىن بۆرتۈپ چىققان بولجۇڭ گۆشلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . مۇنداق چاغلاردا پېشايۋانغا چىقىپ قالغان ئايىم بۇ ئىشلەمچىگە ئىختىيارسىز قاراپ تۇرۇپ قالاتتى -دە، تەسۋىي سىيرىۋاتقان قوللىرى توختاپ ، ئوقۇۋاتقان ئايەتلىرىدىن ئېزىپ كېتەتتى . ئۇ يەنە دەرھال ئېسىنى يىغىپ ، تەسۋىسىنى ئىتتىك ئىتتىك سىيرىپ :‹خۇدا،شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن !›دەپ پىچىرلىغىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى .

ئۆمەر ئايىمنى كۆرگەندە ۋىللىدە قىزىرىپ ، بېشىنى يەردىن ئىگىز كۆتۈرمەي سالام بېرىپ ئۆتۈپ كېتەتتى . بۇ دوغلاق يىگىتنىڭ تومپىيىپ چىققان مۇسكۇللىرى ، كەڭ مەيدىسىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان مەيدە تۈكلەر ، ئۇنىڭ مەزمۇت دەسسەپ گۈرسۈلدەپ مېڭىشلىرى يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياشلىق ۋە كۈچ قۇۋۋەتنى نامايىش قىلىپ تۇراتتى . يىگىت بارا -بارا ئۆز سىياقى بىلەن ئايىمنىڭ كۆز ئالدىدىن كېچە كۈندۈز كەتمەي ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان بولۇپ

قالدى . بۇ بىئاراملىق ئايىم ئۈچۈن ناھايىتى يېقىملىق بىلىنەتتى . ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغان سېزىملىرىنى غىدىقلاپ ، ئۇنى قانداقتۇر بىر گۇناھنى سادىر قىلىشقا قۇترىتاتتى . ‹تۇۋا! - دەيتى ئايىم ئۆز ئۆزىگە ،-مەن نىمە بولۇۋاتىمەن ئۆزى ؟...بۇنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ ئىشى ...!› ئايىم شەيتاننى ئۆزىدىن قاچۇرۇشقا تىرىشىمۇ ، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن نېرى بولالمايتى . ئايىم ئەنە شۇنداق ئۆزىنى پاك تۇتۇش ئازابى بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزۈشنى خالاس تىلىكى

ئوتتۇرسىدىكى ئېلىشىشتا ھالسىزلىنىپ كەتتى . ئۇ بەزى كېچىلىرىنى كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزىۋېتىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ مامۇق چۈشەك ئۈستىدە قىپيالاڭاچ يېتىپ بەدەنلىرىنى سىلايتى . ئۇنىڭ بەدىنى قاشتېشىدەك سۈزۈك، بالا تۇغمىغان ۋە تۇرمۇشنىڭ جاپالىرىغا چېلىقمىغان بولغاچقا تېخى ساغلام ۋە چىڭ ئىدى . نىزامباينىڭ ئۆزىنى ناھايىتىمۇ ئەتىگەن تاشلىۋەتكىنىگە ئىچ ـ ئىچىدىن ئاغرىناتتى . ئەمدى ئايىم ئايۋان ئالدىدىن ئادىراش ئۆتۈپ قالىدىغان ئىشلەمچى يىگىتنى چاقىرىۋېلىپ ، پات پات گەپكە سالىدىغان بولۇپ قالدى .

مۇنداق چاغلاردا ئۆمەر ھۆرمەت بىلەن قول قوشتۇرۇپ يىراقتا تۇرۇپلا:

ـ لەببەي ، ئايىم ئاچا ،ـدەيتى .

ـ بېرى كەل ، يىگىت ، مەن سەندىن گەپ سورايمەن ،ـ دەيتى ئايىم .

ئۆمەر قورۇنغان ھالدا پىشايۋانغا يېقىنلاپ ، يەردىن باش كۆتۈرمەي ئايىمنىڭ ئىش بۇيرۇشىنى كۈتۈپ تۇراتتى . لېكىن ، ئايىم ئۇنى زادىلا ئىشقا بۇيرىمايتى .

ئۇنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ھەققىدىكى گەپلەرنى سورايتى .

ـ قەيەرلىكسەن ؟

ـ مەن بۇ شەھەرگە يىراقتىن كەلدىم ، مۇساپىرمەن.

ـ ئاتا ئاناڭ كىم ؟ ئۇلار قەيەردە ؟

ـ ئاتا ئانام ئۆلۈپ كەتكەن ، يېتىممەن.

ئۆمەر گەپنى ئۇزارتماي ، ئىتتىكرەك ئىشقا بېرىش ئۈچۈن سۇئاللارغا شۇنداق كالتىلا جاۋاب بېرەتتى . ئايىم بولسا گەپنى سوزۇپ ، ئۇنى ئۇزۇنراق تۇتۇپ قېلىشقا تىرىشاتتى . بەزىدە ئۆمەر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايىمغا قارىغان چاغلىرىدا بۇ ئايالنىڭ كۆزىدە يېنىپ تۇرغان ئوتنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتەتتى ۋە ھەيران بولاتتى . ئايىمنىڭ كۆزلىرىدە لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يالقۇننىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنمەيتى .

ـ يېتىممەن دېگىن ، ۋاي بىچارە !ـ دەپ ئىچ ئاغرىتتى ئايىم ، ـ ئۇرۇق تۇغقىنىڭمۇ يوقمۇ ؟

ـ ھېچنىمەم يوق ،ـدەيتى ئۆمەر . ئۇ ئىنىلىرى سەپەر بىلەن باراتنى ئېسىگە ئالغان بولسىمۇ ،

ئۇلارنىڭ نامىنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا كۆڭلى تارتمايتى .

ــ ئۆيلەنمىگەنمۇسەن ؟

ئۆمەر قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى .

ــ كەمبەغەلمەن ، ئۆيلىنىشكە نەدە پۇل !ــ دەپ يەرگە قارىدى ئۇ .

ــ ۋاي بايقۇشەي ، ماڭا قارا، مەن ئۆزۈڭنىڭ ئاچىسى ئورنىدىكى قېرىنداشىڭ ، بىرەر نەرسە كېرەك بولسا تارتىنماي يېنىمغا كىر!.

ــ رەھمەت ئايىم ئاچا ، ھېچنىمە كېرەك ئەمەس . باغدا باياشات ئوبدان تۇرىۋاتىمەن ، قورسىقىم توق...

- ھەي ئەخمەق ، ئادەم دىگەننىڭ قورسىقى تويسىلا ھېسابمۇ؟ ساڭا باشقا لازىملىق بىر نېمىلەرنى سېتىۋېلىشقا پۇل لازىم بولىدىغاندۇر ؟ قارا ، ئۈستۈڭدىكى كىيىملىرىڭ كونىراپ چىرىپ كېتىپتۇ . كېرەك بولسا تارتىنماي ، ئۇدۇللا ئالدىمغا كىرىپ ئېيتىۋەر...

ئايىمنىڭ تۆت بەش يىلدىن بېرى قول تەگمىگەن پەرداز قۇتىلىرىنىڭ ئەمدى پات ئاغزى ئېچىلىدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ قاشلىرىنى تېرىپ قاپاقلىرىنىڭ ئاستىغا سۈرمە تارتىپ ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس گىرىم قىلاتتى . ياش ۋاقتىدا ياقتۇرۇپ كېيىدىغان كۆڭلەكلىرىنى كىيىپ ، تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا ئۇياق ـ بۇ ياققا ئۆرۈلەتتى . كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان ئۇششاق قورۇقلارنى ئۇزاق ئۇۋۇلايتى . لېكىن ، ئىشلەمچى يىگىت نەرسە كېرەك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتى . ئۇ تولىمۇ تارتىنچاق ، يۈرەكسىز ئىدى . ئايىم كۈتۈپ كۈتۈپ ، ئىشلەمچى يىگىت كىرمىگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ساراڭدەك قىلىقلىرىغا ئۆزى ئاچچىق كۈلەتتى . يەنە تۇۋا قىلىپ ، نامىزىنى ئوقۇپ ، تەسۋىسىنى سىيراتتى ...ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا ئايىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئىستەكلەر يەنە يالقۇنجاپ ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇشقا باشلايتى . ئايىمنىڭ تارتىنچاق ، قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرىدىغان ئاشۇ يىگىتنى باغرىغا باسقۇسى ، ئانىلارچە مۇھاببەت بىلەن قۇچاقلاپ باش كۆزىنى سىلىغۇسى كېلەتتى .

بىر كۈنى ئايىم ئۆمەرنى ئاشپەر خوتۇن ئارقىلىق ئالدىغا چاقىرتتى . بۇ تومۇزنىڭ پېشىن نامىزىدىن كېيىن بولىدىغان تازا تىنجىق ۋاقتى ئىدى . مۇنداق ۋاقىتتا باغنىڭ ئېگىز دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كۆل سۈيىدىن باشقا ھەممىلا يېرى تىككىدە چۈشۈپ قىزىتىپ تۇرغان قۇياش نۇرىدا كۆيۈپ تۇراتتى . قۇشلار يوپۇرماقلار ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ، ھەلقەملىرىنى لىپىلدىتىپ دەم ئېلىشاتتى . باغدىكى چاكارلار بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىنى قاراڭغۇ قىلىپ كىرىپ كېتىشەتتى . ئۆمەر كۆل بويىدىكى شىپاڭدا ، بورا ئۈستىدە يېتىپ ھاردۇق ئالاتتى . ئاشپەز خوتۇن ئۆمەرنى ئەنە شۇ كۆل بويىدىن ئىزدەپ تاپتى . ئۆمەرنى ئېگىز ئايۋاننىڭ پەلەمپەيلىرى ئالدىغىچە باشلاپ كېلىپ:

— ئىچكىرىگە ، ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى سارايي ئۆيگە كىرگىن ، ئايىم شۇ يەردە ،— دېدى — دە كېتىپ قالدى .

ئۆمەر پۈتىدىكى چورۇقنى تۆۋەنگە سېلىپ قويۇپ ، پەلەمپەيدىن پىشايۋانغا كۆتۈرۈلدى . ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن دالان ئۆي پەيدا بولدى . پايانداز تاشلانغان دالان ئۆينىڭ ئىككى تەرىپىدە كىچىك ئىشىكلەر بولۇپ ، ئەڭ ئاخىردىكى بىر ئىشىكنىڭ قاناتلىرى ئوچۇق تۇراتتى . ئۆمەرنىڭ بۇ باغدا ئىشلەۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ ، قاپقاپلىق دېرىزە ، نەقىشلىق تۆۋرۈكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ئايۋانغا قەدەم بېسىشى بىرىنچى قېتىم ئىدى . بۇ ئۆي ئۆز ھەيۋىتى بىلەن كىشىگە ئوردا سارايلىرىنى ئەسلىتەتتى .

ئۆمەر ئىشىكنىڭ ئالدىغا تاشلانغان ھۆل پالاسقا پۇتىنى پاكىز سۈرتۈپ ، يۇمشاق پايانداز ئۈستىدە مېڭىپ كەتتى ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىك ئالدىدا توختاپ ، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ يۆتىلىپ قويدى . بۇ ئۆينىڭ كەڭ دېرىزىلىرى ، يېرىم چۈشۈرۈلگەن دۇخاۋا پەردىلەر ، تامغا تارتىلغان رەڭلىك گىلەملەر كىرمەكچى بولغان كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى .

— ئىچكىرىگە كىر !— دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . شۇ چاغدا ئۆمەر ئۆينىڭ ئىچىدە ئىشىكى قىيا

ئىچقلىق تۇرغان بىر خاس ھوجۇرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى . ئايىمنىڭ ئاۋازى ئەنە شۇ تەرەپتىن چىققانىدى . ئۆمەر يەرگە تاشلانغان قىلىن گىلەملەرنى ئەيمىنىپ دەسسەپ ئۆتۈپ ، خاس ھوجۇرىنىڭ بوسۇغىسىدىلا تۇرۇپ قالدى . بۇ ئۆينىڭ توللۇق چۈشۈرۈپتىلگەن يىپەك پەردىلىرى ئۆي ئىچىنى سىرلىق گۈڭگالىققا چۆمدۈرگەنىدى . ئەنبەر ۋە گۇل مېيىنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇپ تۇراتتى . ئۆينىڭ تۆرىدە قات قات سېلىنغان قىلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە ئايىم نىپىز ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا ياتاتتى .

ــ كەل !ــ دېدى ئايىم ماموق ياستۇقلاردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، نىمشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى .

ــ نىمە خىزمەتلىرى بار ئىدى ، ئايىم ئاچا ؟ــ دەپ يەرگە قارىدى ئۆمەر .

ــ مانا ، ئىككى كۈن بولدى ساقلىقىم يوق ، كىرىپ يوقلاپ قويايمۇ دېمىدىڭ.

ــ مەن ... مەن خەۋەرسىز ئىكەنمەن.

ئايىمنىڭ كۆڭلىدە شۇتاپتىمۇ ، شۇ گۇناھلىق ئىشنى قىلىش كېرەكمۇ ، قىلماسلىق كېرەكمۇ ؟ دېگەن خىيال كۈرەش قىلاتتى . قورقۇشتىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئۈششاق تىترەك باسقانىدى .

ــ كەل ...، قېشىمغا يېقىنراق كەل...، قورۇنما ...،پۇت ـ قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرىدۇ ، بىر تۇتۇپ قويغىن .

ئۆمەر ئايىمنىڭ ئايىغى يېنىغا كېلىپ يۈكۈندى ـ دە، ئۇنىڭ يالاڭاچ تۇرغان ئاپئاق پۇتىغا ئۆزىنىڭ قاداقلاشقان قوللىرىنى ئۇزاتتى . يىگىتنىڭ قولى بەدىنىگە تېگىشى بىلەن ئايىم ئۆزىدىكى بارلىق ئىككىلىنىشلەرنى يوقاتتى . ئۆمەرنى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ ، ئۇنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى .

ــ ئايىم ئاچا ، ئۇنداق قىلمىسىلا ...يامان بولىدۇ ، ئۇنداق قىلمىسىلا...!

ــ جېنىم قوزام...!

ئۆمەر ئايىمنىڭ كۈچلۈك قۇچاقلاشلىرى بىلەن ئوتلۇق سۆيۈشلىرى ئىچىدە نەپەس ئالالماي

بوششپ كەتتى...

خاس هوجۇرىدا ئايىم بىلەن بولغان غەلىتە مۇناسىۋەت تۇنجى قېتىم سادىر بولغاندا ئۆمەر ناھايىتى قورقۇپ كەتتى . ئۇزۇنغىچە ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى باسالمىدى . چېلىش مەيدانىدىن چىقىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغاندا نىزامباينىڭ :‹ئوغرى ئەمەستۇرسەن ؟ بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدىغان بولساڭ بوينۇڭنى ئۈزۈپ تاشلايمەن !› دەپ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولاتتى . ئۇنىڭ قىلغىنى ئوغرىلىقتىنمۇ ئېغىر خىيانەت ئىدى . ئۇ بىر قانچە كۈنگىچە باغدىكى ئىشلەمچى ئاياللارغا ، باغۇەن ئائىلىسىدىكى بوۋاي بىلەن مومايغا خۇدۇكسىنىپ تىكىلىپ قاريالمىدى . كۆڭلىدە ئىككىنجى مۇنداق غەيرى ئىشنى قىلماسلىققا ۋەدە بەردى .

لېكىن ئەتراپتىكى ھەممە نېمە ئىلگىركىدەكلا بولۇپ ، قورققۇدەك ھېچنىمە يوق ئىدى . يەنە قۇشلار سايراپ تۇراتتى . ئايۋان ئالدىدىكى گۈللۈكلەردە رەڭمۇرەڭ گۈللەر قۇياشقا يۈزلىنىپ ئېچىلىشاتتى . چېچەكلەرنى كېپىنەكلەر ئەگىشەتتى . باغ ئىچىدىكى ئاياغ يوللارنى توغرا كېسىپ چۈمۈلىلەر ئالدىراش ئۆتۈشەتتى . پىشقان مېۋىلەر ئىلگىركىدەكلا توكۈلۈپ تۈۋىگە چۈشۈشەتتى . تەبىئەت ـقۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان جىمى نەرسە ئۆز پېتىچە بولۇپ ، ھېچنىمە ئۆزگەرمىگەنىدى . پەقەت ئۆمەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىلا كۆتۈلمىگەن دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە ئەنسىز داۋالغۇپ تۇراتتى ...باغۇەن بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئۆمەرگە بۇرۇنقىدەكلا سەممىي مۇئامىلە قىلىپ ، ھەر قېتىملىق چاي ئۇستىدە ئۇنى بىرەر كەمبەغەلنىڭ چىرايلىق قىزىغا ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدىكى ئارزۇلىرىنى ئېيتىشاتتى . ئايىمغا خىزمەت قىلىدىغان چاكارلارمۇ گۇماندىن نېرى ئىدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئايىم ئۆز تەقۋادارلىقى ، سېخىيلىقى ، ۋاقتى ۋاقتىدا قىلىپ بېرىدىغان كىتاپخانلىقى بىلەن ناھايىتىمۇ يۈكسەك ئورۇندا تۇراتتى .

ئىككىنجى قېتىم ئايىم ئۆمەرنى چاقىرىشقا ئاشپەز خوتۇننى ئەۋەتمەي ئۆزى باردى . ئۆمەر مېۋىلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەن بىر ئالما شېخىغا تىرەك قويۇۋاتقانىدى . ئۇ ئايىمنى

كۆرۈپ هودۇقۇپ قىزاردى . ئايىم ئۇنىڭغا بۈگۈن كېچە قېشىغا كىرىشنى تاپىلاپ كېتىپ قالدى . ئۆمەر ئايىمنىڭ سۆزىگە قارشى ھېچنىمە دېيەلمىدى . شۇ كۈنى ئۇ كۈن بويى دەككە دۈككىدە يۈردى .‹ئەڭ ياخشىسى بارمىغىنىم تۈزۈك› دەپ ئويلايتتى ئۇ . پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ ، ھەممە ئۇيقىغا كەتكەندە ئۇ تېخى كۆز يۇممىغان ئىدى . ئاخىر ئورنىدىن تۇردى ـ دە، شەپە چىقارماي مېڭىپ ، ئايىمنىڭ ئۆگەتكىنىچە ئايۋاننىڭ ئارقا دېرىزىسى تەرەپكە ئۆتتى . ئۇ يەردە ئىچكىركى خاس ھوجرىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىسى قىيا ئېچىپ قويۇلغان بولۇپ ، ئۆي ئىچىدىن مىس شامدانلاردا تۆتەپ كۆيۈپ تۇرغان شاملارنىڭ يورۇقى سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۆمەرنىڭ يۈرىكى دۈپىلدەپ ئۇراتتى . ئۇ قاپقاق يېنىغا يېقىنلىشىشى بىلەنلا دېرىزە تۇللۇق ئېچىلدى .

يۇقىرىدىن ئايىمنىڭ ئۇنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن سۇنغان ئاپئاق بىلەكلىرى كۆرۈندى...

شۇنداق چاقىرىشلار پات ـ پات تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى . ئايىم باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىلاجى بار خاھىشىنى تىزگىنلەيتتى . بولالمىغان چاغلىرىدىلا ئۆمەرنى چاقىراتتى . ۋەدىلەشكەن كېچە ئۆمەرنى ئايىم دېرىزەتۈۋىدە ئويغاق ئولتۇرۇپ كۈتەتتى . ئۇنى قىزغىن سۆيۈشلەر بىلەن قوينىغا ئالاتتى . ئۇنىڭغا مۇھاببەت بىلەن بېرىلەتتى . نازاكەتلىك ئەركىلەش ، نالە قىلىش ، مېھرىبانلارچە باش كۆزلىرىنى سىلاشلار بىلەن يىگىتنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى . سەھەرگە يېقىن ئايىم يەنە ھېلىقى دېرىزىدىن ئۆمەرنى چىقىرىۋېتىپ ، يۇيۇنۇپ جايناماز دا ئولتۇرۇپ ، يىغلاپ تۇرۇپ خۇدادىن گۇناھىنى تىلەيتتى . ‹ خۇدا ماڭا بۇ ئوتنى ئۆزۈڭ سالدىڭ ، ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن ، بەندىلىرىڭنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلمىغىن !› دەپ يىلىناتتى . ئايىم ئاللاھنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى ، خۇدايىمدىن بۇ دۇنيادا بەندىلەر ئالدىدا رەسۋا قىلماسلىقنىلا تىلەيتتى . ئۆزىنىڭ يىگىتكە بولغان مۇھاببىتى ئۈچۈن ئۇ دۇنياغا بارغاندا مەڭگۈ ئازاپ چەكسىمۇ رازىدەك قىلاتتى . جاينامازدىن تۇرغاندا ئۇ دائىم ئۆزىنى پاكلىنىپ يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى .

ئۆمەر بارا بارا ئايىمغا ئۆگىنىپ قالدى . ئۇ ئايىمنىڭ ئۆيىدە تۆنەپ چىققان كۈنلىرى سەھەردە مېۋە تەرگەن ، گۈللەرگە سۇ تۇتقان قىياپەتتە ئايۋاننىڭ ئارقىسىدىكى دېرىزە ئەتراپىغا كېلىپ ، ئۇ يەردە سۇنغان ، دەسسەلگەن ئوت چۆپلەرنى تۈزەشتۈرەتتى . ئايىم بىلەن ئۆتكەن دەككە دۈككىلىك ، ئەمما تولىمۇ شېرىن كېچىنى ئۇزاققىچە ئۇنتىمايتى . بەزى چاغلاردا ئايىمنىڭ تېزرەك چاقىرىشىنى كۆڭلى تارتىپ قالاتتى . چۈنكى ، ئۇ كۈچ قۇۋۋەتكە تولۇپ ، ۋايىغا يەتكەن

بىر ئەر ئىدى ـ دە ، شۇ ياشقا كېلىپ ئۇنىڭ ئاياللار دۇنياسىدا كۆرگىنى ئايىمنىڭ ئاشۇ ئىللىق قوينى ئىدى . گەرچە ئۇ ، سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن ئېچىق بېشىغا قاراپ ماڭغاندا ، باغنىڭ شورلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن تام تۆپىسىگە چىققاندا ، باغۋەن بىلەن جۇمە نامىزىغا كېتىپ بارغان چاغلىرىدا يوللاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياش قىز ـ چوكانلارنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى قول يەتمەس ئېگىزلىكتىكى ئاچچىق ئۇژۇملەر ئىدى . باغنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى غېرىپ خانىدا يالغۇز تۇگۈلۈپ ياتقانغا قارىغاندا ئايىمنىڭ يېنىدا ـ پەي چۈشەكلەر ئۈستىدە ئېغىناپ يېتىش ئاجايىپ راھەت ۋە ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. ئايىم ئۇنى مېھرى بىلەن پەپىلەپ قوينىغا سالاتتى ، كۆڭۈل قويۇپ يۇيۇپ ، ئېغىر ئەمگەكتىن قالغان توپا چاڭلىرىنى تازلايتى .

ئايىمنىڭ كۆڭلى كۈتۈرلۈپ تېتىكلىشىپ كەتتى . ئۇ چاكارلارغا ئىلگىركىدىنمۇ سېخىلىق بىلەن پۇل بېرەتتى . ئاياللارنى يىغىپ كىتاپخانلىق قىلغاندا ، گەپ ئارىسىغا ئانچە مۇنچە چاقچاقلارنىمۇ قىستۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالدى . ئۆمەر بولسا ئىلگىركىدەك ئۇنچىقماسلىق بىلەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى نىزامباينىڭ ۋە باغۋەننىڭ كۆتكىنىدىن ئارتۇق بەجا كەلتۈرەتتى . ھەممىدىن ھەيران قالارلىقى ، نىزامباينىڭ ئۆمەرگە بولغان مۇئامىلىسىمۇ ئىلگىركىدىن

مۇلايىملىشىپ قالدى . نىزامباي باغدا پەيدا بولۇپ قالغان چاغلاردا ئايىم ئىشلەمچى يىگىتنىڭ ئىشچانلىقى ، ياۋاشلىقى ، يۈزىنىڭ تۆۋەنلىكى توغرىسىدىكى ماختاشلارنى توپتوغرىلا ئېيتاتتى . ئايىمنىڭ بۇ سۆزلىرى نىزامباينىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق بىر شەك

تۇغدۇرمايتى . چۈنكى يېڭى ئىشلەمچىنىڭ تەرپىنى باغۋەننىڭ ، باشقا چاكارلارنىڭمۇ ئاغىزىدىن ئاڭلايتى . ئايىم يەنە بايغا يېڭى ئىشلەمچىگە بېرىدىغان ھەقنى كۆپەيتىشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەندۈرەتتى .

ئۆمەرنىڭ كىيىم كېچەكلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئايىمنىڭ پۇل خەجلىگىنىگە قارىغاندا نىزامباينىڭ پۇل خەجلىگىنى ياخشىراق ئىدى . باي بولسا ئايىمنى ھۆرمەتلەيتى . ئۆزىنىڭ شۇنچە كاتتا باي بولۇشىدا شۇ چوڭ خوتۇنىنىڭ كۆپ ئەجرى بارلىقىنى ئۇنتىمىغاچقا ، ئايىمنىڭ گېپىنى يىرمايتى .

ـ بولىدۇ !ـ دېدى نىزامباي بىر كۈنى ئايىمنىڭ داستىخانىدا ئاچچىق دەملەنگەن چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، ـ مەن ئۇنىڭغا بېرىدىغان ھەقنى كۆپەيتەي ، يەنە بىر قۇر يېڭى كىيىم كېچەك قىلىپ بېرەيلى ...، يەنە بىر گەپ ، بۇ ئوغۇلنى ئۆيلۈك ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش زۆرۈر ئىدى . چوپچوڭلا بولۇپ قالغان يىگىتنىڭ بويتاق يۈرىشى دۇرۇس ئەمەس ـدە! ...مانا مەن شۇ ئىشلار ھەققىدە باش قاتتۇرىۋاتىمەن ،ـ دېدى باي ئايىمنىڭ ئۆزىنى بەزىدە ‹ بېخىل›دەپ ئەيىبلەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ،ـ شۇڭا ، دەماللىققا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ياردەم قىلمىغانىدىم . باغۋەن قېرىپ قالدى ، شۇ يىگىتنى ئۆيلەپ ، مۇشۇ باغدا دائىملىق ئىشلەشكە ئېلىپ قالايمىكىن دەۋاتىمەن .

مۇنداق گەپلەر ئايىمنى خوشال قىلاتتى ۋە نىمشقىدۇر يەنە خىيالغا سېلىپ قوياتتى .

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

### سودىگەرنىڭ خوتۇنى

ئۆمەرنىڭ ئىنىسى بارات ماڭغان يول يولۇچىلارنى شەھەرنىڭ ئىككىنچى دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ باراتتى . بارات دەرۋازىغا يېتىپ بارمايلا يولدا ئۇنىڭغا شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر

ئادەم ئۆچـــراشتى . ھېلــقى ئادەمنــىڭ بــىر قولــدا ئىتلاردىــن قوغدىنــىش ئۆچــۈن ئېلــىۋالغان تايــاق تـــۇراتتى . يەنـــە بـــىر قـــولى بـــىلەن سۇمبىســـىگە يۆدىـــۋالغان تاغارنـــىڭ ئاغـــزىنى مەھكـــەم تۇتىۋالغانـــدى . ئۇنـــىڭ ئۇستـــىگە كىيـــۋالغان ئۇزۇن يەكتىكـــنى مەھكـــەم ئوراپ چىگـــىۋالغان بەلۋىغىدا قانداقتۇر

بـىر ھايۋاننـىڭ قـارا مۇڭگـۈزى ، يوغـان قۇلۇلـە قېـپى ، چـەت چۆرىلـىرى تىتىلـىپ كەتكـەن كونـا پالنامــە كــتاپ دىــگەندەك نەرســىلەر قىــستۇرۇقلۇق تــۇراتتى . ئۇنــىڭ ناھايىتــىمۇ مۇكەممــەل بــىر كەســپى دىـــۋانە ئىكەنلـــىكى تۇرقـــىدىنلا مـــەلۇم ئـــىدى . بـــۇ دىـــۋانە ئۇستـــىدىكى يۆكنـــىڭ ئېغىرلىقـــىدىن قولـــىدىكى ياغـــاچنى ھاساقىلـــىپ تايىنـــىپ ، ھاســـىراپ ، ئارانـــلا قـــەدەم ئېلـــىپ كەلمەكتــە ئــىدى . ئۇ يولــدا ئۆتــۈپ كېتــىۋاتقان ھــەر بــىر يولۇچــىنى ۋارقــىراپ توختىتــىپ ، ئۇلارغــا تاغار ئىچىدىكى شەھەردىن

تــىلەپ يىغقــان ئەســكى تۇسكــىلەرنى ســاتماقچى بــولاتتى . دىــۋانە بــاراتنى يىراقتــىنلا كــۆرۈپ ، يــول بويــىدىكى قارياغاچنىــىڭ سايىســىگە كېلــىپ توختــىدى . مۇرىســىدىكى تاغــارنى يەرگــە قويــدى ــ دە، بېلىنى روسلاپ ، باراتنى چاقىردى :

ــ ھوي بالاموي، نىمە ئادەمسەن ؟

ــيولۇچىمەن ،ــدېدى بارات .

ــ قېنى بۇياققا ، بۇياققا بىر كېلىپ كەت!

ــ رەنجىمە تاغا ، مەندە ساڭا سەدىقە قىلغۇدەك پۇچۇق يارماقمۇ يوق .

ــ مــەن سەنــدىــن سەدىــقە سوراۋاتقىنــىم يوققــۇ، بىلــىپ قــوي مــەن پەيــشەنبە كۈنــىدىن باشــقا ۋاقىتتا سەدىقە تىلىمەيمەن .

ــ ئەمىسە نىمە گىپىڭ بار؟ ــ دېدى بارات ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ .

ــ كىيىملــىرىڭ نــىمانچە كونــا ؟ بىزنــىڭ دىۋانــىلەر مەھەللىســىدىن ئەمەستۇرســەن يــاكى ئۇ يەردىكى بىرەر دىۋانىنىڭ ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ بىر نېمىسىنىڭ بىر نېمىسى بولامسەن؟

ــ يوقسۇ تاغا ، مەن يىراقتىن كېلىۋاتقان مۇساپىرمەن .

ـ شەھەرگە نىمگە كېتىۋاتىسەن ؟

ـ ئىش ئىزدەپ.

ـ قارا ، ئۆزۈڭ ياپياشلا تۇرىسەنۇ ، ئۇستۇڭدىكى كىيىملىرىڭ يىرتىلىپ قارىغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ . بىرەرى بىلەن تارتىشماق ئويىندىڭمۇ قانداق ؟.. ئورۇقلىقىڭدىن مەڭزىڭنىڭ ئۇستىخانلىرى تېشىغا تېپىپ چىقاي دەپ قاپتۇ . چىرايىڭچۇ ، چىرايىڭ نىمانچە سېرىق ؟ ياكى سەنمۇ بىزنىڭ دىۋانىلەر مەھەللىسىنىڭ دىۋانىلىرىگە ئوخشاش يۇزۇڭگە ئەتەي ئەسكى تامنىڭ توپىسىنى سۈرتىۋالدىڭمۇ ؟...مۇشۇ ئەپتىڭ بىلەن شەھەرگە كىرسەڭ كىم ساڭا ئىش بېرىدۇ

؟ سېنى تىلەمچى ياكى ئوغرى دەپ گۇمان قىلىشى ، ياكى ياش تۇرۇپلا مۇنداق ئەسكى كىيىملەرده يۇرگىنىڭگە قاراپ ئۇچىغا چىققان ھورۇن ئوخشايدۇ دەپ قېلىشى چوقۇم . تېخى ئەقىلىڭنىڭ جايىدا ئەمەس ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قېلىشى تۇرغان گەپ.. .

دىۋانە ئاغىزى بېسىقماي ۋاتىلداپ كەتتى .

ـ تاغا !ـ دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى بارات ،ـ نىمە گېپىڭ بار ئىدى ، چاپسانراق ئېيت ، ئالدىرايمەن .

ـ ئالدىراش شەيتاننىڭ ئىشى . يېقىنراق كەلمەمسەن ، ئەتىگەندە ماڭا يولۇققىنىڭنى خىزىرغا يولۇقتۇم دەپ چۈشىنىۋەر .

دىۋانە تاغارنىڭ ئاغىزىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاپقۇتلىرى ئاجىراپ كىيگۈدەك ھالى قالمىغان ئەسكى ئاياغلار ، گىرۆەكلىرى تىتىلىپ كەتكەن كونادوپپا ، قاپقارا كىرنىڭ دەستىدىن ئەسلى رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن كىيىم كېچەك ، پۇرلەشكەن سەللە ، يەنە قانداقتۇربىر ئەسكى تۇسكىلەرنى سۇغۇرىۋېلىپ ئەتراپقا يايغىلى تۇردى .

ـ بۇ ئەسكى تۇسكىلىرىڭنى بۇ يەرگە يايما قىلىپ يېيىپ نىمە قىلىسەن ؟ـ دېدى بارات ھەيران بولۇپ .

ــ ساتىمەن.

ــ كىمگە ؟

ــ ئەلۋەتتە ساڭا ــ دە ، هازىر ئالدىمدا سىنىڭدىن باشقا كىم بار...

ــ بولدى ، ئاۋارە بولما ، تاغا ،ــ دەپ مىڭىشقا تەمشەلدى بارات ،ــ ساڭا ئېيتتىمغۇ ، مەندە پۇل يوق .

ــ توختا ، ــ دېدى دىۋانە ،ــ هېچبولمىغاندا سەن مۇنۇ چاپان ئىشتاننى بولسىمۇ ئېلىپ قالغىن ، تىقىشتۇرۇپ قويغان پۇلۇڭنى قورقماي چىقار ، بۇلاڭچىدىن قورقۇپ ئەسكى كىيىملەرگە ئورۇنىۋالغان هارامزادىلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن . بىزنىڭ دىۋانىلەر مەھەللىسىدىكى دىۋانىلەرنى كۆرسەڭ كىيىملىرى سىنىڭدىنمۇ جۇل جۇل ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق بېيىپ كەتتىكى ، يىغقان پۇللىرىنىڭ سانىنى ئۆزلىرى ئۇقمايدۇ ، مانا، غوجەك دىۋانىنىڭ ئۈچ يەردە قورو جايى بار ، ئۈستى ئۇستىگە خوتۇن ئالدى . مېنىڭ تېخى ئىككىلا يەردە قورو جايىم ، ئۈچلا خوتۇنۇم بار ...، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن ؟

قولۇڭغا ئېلىپ كۆرۈپ باق ، ساڭا ئوخشاش ئېگىز بوي ئادەمگە لايىق تېخى يېڭىلا تۇرغىنىنى كۆرۋاتقانسەن ؟ ئۇنى ماڭا تۈنۈگۈن بىر سودىگەرنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى سەدىقە قىلدى . مەن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئەڭ ئۇلۇغ ئايەتلەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلدىم .

ــ دېدىمغۇ ، مېنىڭ پۇلۇم يوق ، ھەر قاچان سەن بۇ نېمىلىرىڭنى بىكارغا بەرمەسسەن ؟

ــ راست پۇلۇڭ يوقمۇ ؟ــ دەپ باراتقا باشتىن ئاياغ بىر قارىۋالدى دىۋانە ،ــ بوپتۇ بىكارغا بولسىمۇ ئال، يۈكۈم ئازىراق بولسىمۇ يىنىكلىسۇن ...، ئەمما ، مېنى ئۇنتۇپ قالما . شۇ تاپتا سىنىڭ كۆزلىرىڭدىن كەلگۈسىنى قىياس قىلىپ تۇرۇپتىمەن . سەن ياشسەن ، خۇدا ئامەتىڭنى بېرىپ قالسا تېخى بېيىپمۇ كېتىسەن . شۇ چاغدا ، خۇدا بۇيرىسا بىز يەنە ئۇچرىشىپمۇ قالىمىز . مېنى ئۇنتۇپ قالما ، چاپان ، ئۆتۈكلەرنىڭ پۇلىنى سەندىن شۇچاغدا ئۇندۇرىۋالىمەن . ئۇچاغدا ئىنساپىڭغا بېقىپ كۆپرەك بېرەرسەن...

دىۋانە شۇنداق دەپ ئاغزى بېسىلماي ۋاتىلداپ تۇرۇپ باراتقا ھېلىقى ئۆلۈپ كەتكەن

سودىگەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دۇئالار بەدىلىگە كەلگەن كىيىملىرنى كيگۈزدى .

بارات دىۋانىنىڭ ئەسكى تۈسكىلىرى ئارىسىدىن يەنە يىڭىراق بىر دوپپا ، سودىگەرلەر باغلايدىغان بىر رەڭلىك بەلباغنى تاللىۋالدى . بۇ كىيىملەر باراتنى راستىنلا خېلى ئىسكەتكە كىرگۈزدى . شۇ تۇرقىدا ئۇ سودىسى تازا يۈرۈشۈپ كەتمىگەن بىر ئېلىپ ساتارغا ياكى بولمىسا ، سودىگەرلەرنىڭ يۈگۈر يېتىم ئىشلىرىنى بىجىرىدىغان چاپارمەنلەرگە ئوخشاپ قالدى .

ــ ئال ، خالىغىنىڭنى تاللىۋال ، ــ دەپ توختىماي سۆزلەيتى دىۋانە ، ــ ماڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە يەركۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئۇ يەردە مۇنداق كونا يېڭى نەرسىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ .

ــ ساڭا رەھمەت تاغا !ــ دېدى بارات.

دىۋانە باراتنىڭ باش ئايىغىغا يەنە بىر قاراپ رازى بولغاندەك بولدى -دە:

ــ ئەمدى يولۇڭغا ماڭساڭمۇ بولىدۇ ،ــ دېدى ئۇ قالغان نەرسىلەرنى تاغىرىغا نىقداپ تۇرۇپ ، ــ مانا ئەمدى ھەقىقىي بايۋەتچىلەرگە ئوخشىدىڭ ، بايۋەتچىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ يىگەن ئىچكىنى چىرايىغا چىقمايدىغان ساڭا ئوخشاش توپا چىرىلىرى ئۇچىراپ تۇرىدۇ....

بارات مۇنداق بىكارغا نەرسە بېرىدىغان دىۋانىگە ئۇچىراشتۇرغىنى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ يولنى داۋاملاشتۇردى .

شەھەرنىڭ بارات كىرگەن دەرۋازىسى ئەتراپىدا مەيزاپخانىلار ، قىمار سورۇنلىرى ، چوڭ تاماكا چېكىپ نەغمە ناۋا قىلىشىدىغان مەيدانلار جايلاشقانىدى . قاتار كەتكەن ئاشخانىلاردىن ھەر خىل تاماقلارنىڭ مەزىلىك پۇرىقى كېلەتتى . ئوچاقلاردا چاراسلاپ ئوت كۆيۈپ ، يوغان داش قازانلاردا پورۇقلاپ گۆش قاينايتى . شورپا سورۇپ ئولتۇرغان سېمىز ئاشپەزئۇستىدە ماي دانچىلىرى ۋىلىلداپ تۇرغان شورپىلارنى ئاپقۇر چىنىلەرگە ئۇسۇيتى . باراتنىڭ ئاشۇ شورپىغا بىرەر پارچە قاتتىق ناننى بولسىمۇ بىر چىلاپ يەۋالغۇسى بار ئىدى . ئەپسۇس ، ئۇنىڭ ھەممە يانچۇقى قۇرۇق ئىدى . ئۇ ئاشخانىلارنىڭ نەملەشكەن تورۇسلىرىنى ئەگىپ چىقىۋاتقان قويۇق بۇسىنى ئىچىگە يۇتقىنىچە ئادەملەرگە ئۇرۇلۇپ سوقۇلۇپ بازار مەيدانىنى كېسىپ ئۆتتى .

ئاندىن مەقسەتسىزلا بىر كوچىغا بۇرۇلدى .

› كۈنمۇ كەچ كىرەي دەپ قالدى ،ـ دەپ ئويلايتتى ئۇ ،ـ مانا ، بىر كۈن بازار چۆگلەپتىمەن . مۇنداق بىكاردىن بىكار يول ماڭغانلىنىڭ نىمە پايدىسى ؟... ئەگەر يەنە بىر كۈن مۇشۇنداق قورساققا ھېچنىمە يېمەي پىرقىراپ يۈرىيدىغان بولسام چوقۇم يىقىلىپ قالىمەن ...، رەھمەتلىك دادام بىزنى مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەرگە قالمىسۇن دەپ ھېلىقى تىللالارنى مىراس قالدۇرغان بولغىيتى . ئۇ نىمە ئۈچۈن يۈز تىللانى ساق قالدۇرماي بىرى كەم يۈز تىللا ساقلاپ قويغاندۇر ؟... ياق ، بىر تىللانى چوقۇم ھېلىقى ئۆمەر دىگەن كاززاپ تىقىۋالدى ....، بوپتۇ ، تىللا توقسان توققۇزمۇ بولسۇن دەيلى ، ئۇ ئاكام بولغاندىن كېيىن ماڭا ئەللىك تىللانى بېرىشى كېرەك ـ دە! ... ئەللىك تىللا يانچۇقتا بولغان بولسا ئاۋال ھېلىقى شورپاسورۇپ ئولتۇرغان ئاشپەزنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ بىر كاللەك پىششىق گۆش بىلەن بىر چىنە شورپا سېتىۋالاتتىم . يۇمشاق ناننى شورپىغا تەككۈزۈپ يەپ ، ئاندىن گۆشنى تىتىپ ....›

شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن بىر ئايالنىڭ:

ـ ھەي ئادەم ، ھەي ئادەم !ـ دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى باراتىنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك قىلدى .

› مېنى بىرى چاقىرىۋاتامدۇ ، نېمە ؟ـ دېدى بارات ئىچىدە ، ئۇئۆزىنىڭ شېرىن خيالىنى بۆلۈپ ئارقىغا قاراشقا ئېرىندى ، ـ ياقلا ، مېنى بۇ شەھەردە كىم تونۇيتى . باشقا بىرەرنى چاقىرىۋاتسا كېرەك ...، شورپىغا نان چىلاپ يەۋېلىپ ، ئاندىن گۆشكە تۇتۇش قىلسام تويۇپ قالغان قورساققا گۆش تازا مەزىلىك تېتىمايدۇغۇ دەيمەن ؟ ئاۋال گۆشنى تازا مەزە قىلىپ يەپ ، ئاندىن چالا قالغان يېرىگە شورپا بىلەن نان يېسەم بولغۇدەك.... ›

ـ ھوي ئادەم ، مەن سىلىنى چاقىرىۋاتىمەن ،ـ دېگەن ئايالنىڭ ئاۋازى باراتنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا ئاڭلاندى .

› يانچۇقىدا ئەللىك تىللا شاراقشىپ تۇرغان ئادەم شورپىغا نان چىلاپ يەپ ئولتۇرسا كۈلكىلىك ئىش بولمامدۇ ،ـ دەپ خيالىنى داۋام قىلاتتى بارات ، ـ ئەڭ ياخشىسى

مەيزاپلارنىڭ بىرەرىگە كىرىپ ، گۆش باستۇرۇپ پولۇ بۇيرۇتۇپ ، شاراپ بىلەن مەززە قىلغان تۇزۇك ، ئاندىن كۆرپىدە يانپاشلاپ يېتىپ ، سازەندىلەرنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ ، ئۇسۇلچى خېنىملارنىڭ بەللىرىنى تولغاپ نايناقشىغانلىرىنى كۆرىدىغان گەپ»

ــ هوي ئادەم!

كىمدۇر بىرى ئارقىسىدىن كېلىپ باراتنىڭ مۈرىسىگە شاپلاقلىدى . بارات چۆچۈپ ئارقىسىغا قاراپ ، ئالدىدا تۇرغان پۈركەنچىلىك بىرئايالنى كۆردى . ئايال يۈزىگىمۇ قېلىن چۈمبەل ئارتىۋالغانىدى .

ــ ۋاي خۇدايىمەي !ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئايال باراتقا قاراپ ، ــ ياپپىاشلا بىر يىگىت ئىكەنلىغۇ ، ئارقىلىرىدىن قاراپ ، ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىمگە ئوخشىتىپ ، ئېسىمنى بىلمەي يۈگۈرۈپتىمەن . ئۈستىلىرىدىكى كىيىم كىچەك ، مۈنۈ بەلۋاغ، دوپپىلىرىچۇ . تۇۋا خۇدايىم ، ئادەمگىمۇ ئادەم شۇنداق ئوخشايدىكىنا....!

› ئالجىپ قالغان خوتۇنمۇ نېمە ؟ــ دەپ ئويلاپ قالدى بارات،ــ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئېرى كوچىدا نېمە ئىش قىلىدۇ ؟...راست ، ئېرىنىڭ كىيىملىرىنى ئەڭ ئۇلۇغ دۇئالارغا تىگىشىۋەتكەن تۇل خوتۇن مۇشۇمۇ ـ يە ؟› دەپ ئۈستىدىكى كىيىم كېچەكلەرنى ھېلىقى دىۋانىنىڭ بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى بارات .

ــ تۇۋا ، قول سېلىپ مېڭىشلىرىنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى ئېيتايمۇ ، ــ دېدى ئايال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ،ــ ئالدىراش بولمىسىلا ئۆيۈمگە بېرىپ بىر چىنە چېيىمنى ئىچىپ كەتسىلە ، رەھمەتلىك ئېرىمگە چاي سۇنغاندەك بولۇپ كۆڭلۈم خوش بۇلۇپ قالسۇن .

قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى بېقىنىغا چاپلىشىپ كەتكەن بارات ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىچىدە خوشال بولىدى . ‹ كىم بىلىدۇ ،ــ دەپ ئويلايتى ئۇ ،ــ ياراتقان ئىگەمدىن ماڭا كېلىدىغان ئامەت بەلكىم مۇشۇ خوتۇننىڭ ئۆيىدىن باشلىنار ... سودىگەرنىڭ خوتۇنى بولغاندىن كېيىن ھەر قاچان بۇ بىر ساھىبجامال خوتۇندۇر . كونىلار < تۇل خوتۇن ، پۇل خوتۇن > دەپ بىكار ئېيتمىغان ـ دە. ئېپى كېلىپ قالسا بۇگۈنلا ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىپ

ئىندەككە كەلتۈرمەن . ئاندىن سودىگەردىن قالغان ھەممە بايلىق مېنىڭ بولىدۇ ، دىگەن گەپ... ›

ــ خىيال سۈرۈپ كەتتىلىغۇ ؟ــ دېدى ئايال.ــ يۈرسىلە ، ئۆيمۇ يىراق ئەمەس .

ــ مەن سىلىنى تونىمىسام ،ــ دېدى بارات ئالدىراپلا ماڭسام بۇ خوتۇن باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن دىگەن خىيالدا .

ــ تونىمىسىلا تونۇشىمىز .

ــ يات ئەرنى ئۆيلىرىگە باشلاپ بارسىلا خەق نېمە دەر ؟

ــئوھوش ، مەن دىگەن يالغۇز ، تۇل خوتۇن ، خەق نىمە دەيتى ، يۈرسىلە ، تارتىنمىسىلا .

بارات ئايالغا ئەگىشىپ شەھەرنىڭ ئەگرى بۈگرى كوچىلىرى بىلەن ئۇزاق ماڭدى . ئايال باراتنى ئايرىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ پات پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى . يولنىڭ ئاخىرى ئۆلارنى بىر كۆرلىنىڭ بويىغا ئاچىقتى . كۆلنىڭ ئەتراپى دەل دەرەخلەر بىلەن ئورالغاندى . كۆلدىن سۇ ئالىدىغان تەرەپتە يوغان دەرۋازىلىق بىر ھويلا تۇراتتى . ھويلىنىڭ ئارقىسىدا دېھقانلارنىڭ كۆكتات تېرىيدىغان ئېتىزلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى . يىراقتا قۇياش ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ

نۇرلىرىنى بۇلۇتلار ئۈستىدە قالدۇرۇپ ئاستا ئاستا پېتىپ كېتىۋاتاتتى . ياپپېشىل لەش باسقان كۆل سۈيى دەرەخلەر كۆلەڭگىسىدە جىمجىت ئۈگدەيتى .

ــ مانا كەلدۇق !ــ دېدى ئايال كۆل بويىدىكى قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاپ . ئۇ يۈركەنجىسىنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ ، ئۇزاق ئاختۇرۇپ بىر تىزىق ئاچقۇچنى ئالدى ـ دە، قۇلۇپقا سالدى . دەرۋازا ھەسرەتلىك غىچىلداپ قىيا ئېچىلدى . ئايال باراتنى ھويلىغا باشلاپ ، دەرۋازىنى مەھكەم ياپتى ـ دە، ئىچىدىن يەنە قۇلۇپنى بېسىۋەتتى .

ھويلىنىڭ ئىچى ھېچنىمە يوق ئاپئاقچىلىقلا ئىدى . نېرىدا قاتار قىلىپ سېلىنغان بىر نەتچە ئېغىز ئۆي تۇراتتى . ئۆيلەر ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسكەتىنى يوقىتىپ كونىرىغان ، ئۈستىگە سالغان

ياغاچلىرى چىرىپ قارىداپ، ئۆگزىنىڭ توپىسىنى كۆتۈرەلمەي بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەندى .

ــ ئەركىشى يوق ئۆي نىمە بولماقچىدى دەيدىلا ؟ــ دەپ چۈشەندۈردى ئايال ، ــ ئېرىم بار چاغلاردا بۇ ئۆيلەر شەھەردىكى ئەڭ چىرايلىق ئۆيلەردىن ئىدى . مېھمان بولۇپ كېلىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتى . رەھمەتلىك تولىمۇ سېخىي ئادەم ئىدى . ھەر پەيشەنبە كۈنى كۆل بويىغا قازان ئېسىپ يۇرتقا نەزىر بېرەتتى ...ئىككى قىزىم بار ئىدى . ئۇلارمۇ ئەرگە تېگىپ كېتىپ قېلىشتى . ئۈزۈن يىلدىن بېرى ئۆزۈم يالغۇز ، ھېچ ئىشقا ئۇلگۈرەلمەيمەن.. .

ئايال سۆزلىگىنىچە قۇلۇپلارنى ئېچىپ ، باراتنى ئۆيگە باشلىدى ، ئۆي ئىچىدىكى قەدىمىي چىنە ، قاچا، گىلەملەر، قېلىن يىكەنداز، يوتقان كۆرپىلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۆي ئىگىلىرىنىڭ ئىلگىرى دۆلەتمەن ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى .

› ھەر قاچان بۇ خوتۇننىڭ ئېرىدىن قالغان خېلى كۆپ ئالتۇن كۈمۈشلىرى بار،ــ دەپ ئويلىدى بارات ، ـ بولمىسا ئۇ نىمىگە تايىنىپ كۈن كەچۈرىدۇ ، ھويلىنىڭ ئەتراپىدىكى كۆكتاتلىق ئېتىزلار ، ھېلىقى چوڭ كۆلمۇ مۇشۇ خوتۇنغا تەۋە بولسا كېرەك ...ئۇنىڭ دەرۋازىنى ئىچىدىن قۇلۇپلىغىنىغا قارىغاندا مېنى قوندۇرۇپ قېلىش نىيىتى باردەك قىلىدۇ . بىر كېچىلا قونۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىۋالسام خەزىنىنىڭ ئاغزى ماڭا ئېچىلدى دىگەن سۆز... ›

بارات خىيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالماي ، ئۇستىدىن پۈركەنجىسى بىلەن چۈمبىلىنى ئېلىپ تاشلىغان ئايالغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېشى ئاتمىش بىلەن يەتمىشنىڭ ئوتتۇرسىدىكى بىر قېرى خوتۇن تۇراتتى . باراتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى . بۇ خوتۇننىڭ قېشىغا قويغان دەمىدەك ئوسمىسى ، يۈزىگە سۈركەلگەن ئۇپا ئەڭلىكلىرى كىشىنىڭ تېخىمۇ قۇسقىسىنى كەلتۈرەتتى .

ــ نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ ؟ــ دېدى خوتۇن باراتنى سەنلەپ ،ــ قېنى يۇقۇرغا ئۆت.

ئايال باراتنىڭ ئاستىغا قوشلاپ كۆرپە تاشلىدى . ئالدىغا داستىخان سېلىپ ، ساقلانغىنىغا كەم دىگەندە ئون يىل بولاي دىگەن ھەسەل ، كۆكىرىپ كەتكەن ماي ، قۇرتلىغان جىگدە ـ قاق

، قېتىپ داراڭلاپ كەتكەن توقاچلارنى ئاچقتى . ئاندىن بەللىرنى تولغاپ ئۇياق بۇياققا مېڭىپ چاي تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى . بارات ئۆزىنىڭ بىر قاغىدالما دەللىگە ئۇچراپ قالغانلىقىنى چۈشەندى . بۇ خوتۇنغا قارىغانسىرى ئۇنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشەتتى . ‹ مېنى نىمە قارا بېسىپ بۇ

خوتۇننى ئەگىشىپ بۇ ئۆيگە كېلىپ قالغاندىمەن ،ــ دەيتتى بارات ئىچىدە ، ــ بۇ دەللىنىڭ دەرۋازىنى قۇلۇپلىۋالغىننى قارىمامدىغان . ئۇ مېنى كېچىچە نىمە قىلار... ›

ــ نىمىگە خوتۇن كىشىدەك نازلىنىپ ئولتۇرىسەن ؟ــ دېدى ئايال چاينى تەييارلاپ ، باراتقا سۇركىلىپ دىگۈدەك يېقىن ئولتۇرۇپ ، ــ قاتتىق ناننى چايغا چىلا ، يۇمشايدۇ . ھەسەل ، مايلاردىن ئېلىپ قورسىقىڭنى تويغۇز .

شۇ تاپتا بارات ھېچنىمە يىمەيلا غىققىدە بولۇپ قالغاندى .

ــ مەن كېتىۋالايمىكىن ؟ــ دېدى ئۇ .

ــ نەگە كېتەتتىڭ ؟ــ دېدى ئايال ،ــ قورقما ، مەن ئادەم يېمەيمەن . بارىدىغان يېرىڭ يوق ، مۇساپىرلىقىڭ چىرايىڭدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ . قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى . ئىسسىق ئورۇندا يېتىپ كۆڭلىڭنى ئېچىپ كەت .

ــ ئىككىمىز كۆڭۈل ئېچىشساق توغرا بولماس ؟

ــ توغرا بولمايدىغان نەرى بار ئىكەن ؟...تۇل خوتۇننىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ قويساڭ ساۋاپ بولىدۇ . مېنى قېرى كۆرىۋاتامسەن -يە ؟ ۋاي -ي، نېمىسىنى ئېيتاي ، ئەردىن ئايرىلغىنىمغا ئوتتۇز يىل بوپتۇ ، بىر چاغلاردا مەنمۇ قالتىس چوكان ئىدىم . ئىشىك ئالدىمدىن ئەر خەق ئەگىپ كەتمەيتى . سېنىڭ ياش چوكانلىرىڭمۇ بىر كۈنى قېرىپ مېنىڭدىن بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ ...يالغۇزلۇقتا زېرىكىمەن ، ئېرىمنى سېغىنىمەن ، گۇناھلىرىمنى خۇدا ئۆزى كەچۈرەر ، ساڭا ئۇشۇق تەلپىم يوق . بىر كېچىلا قونۇپ كەت .

قېرى خوتۇن باراتقا سۈركىشىپ يېلىناتتى ، نازلىناتتى . تالاغا ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاندى . باراتقا بۇ ئۆيدە قونۇپ قالماقتىن باشقا ئىلاجمۇ يوق ئىدى . خوتۇن ئالدىراپ

داستــــخاننى يىغـــشتۇرۇپ ، ئورۇن ســالدى ـ دە، بــاراتنى يوتقانغــا تارتـــپ سالجـــدەك يېپــشتى . قېرى خوتۇننــڭ يوتقـان ئىچــدىكى ئۆز يېشـغا مۇناســپ بولمــغان قىلىقلـرى ، غەلــتە ئېڭــراپ پۇشۇلداشلـــرى باراتنـــڭ تېخـــمۇ غىدىقـــنى كـــەلتۇرەتتى . ئۇ يىرگىنىچلـــك بـــر كېچـــنى ئۆتكۈزۈپ ، تاڭ

يورۇشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىنىشكە باشلىدى .

ــ نەگــە ؟ ــ دېــدى خوتــۇن يوتقاننــڭ ئىچـــدىن بېشـــنى چىقــرىپ . ئۇنــڭ يالغـان چــېچى سيرىلـــپ ياستۇقنــڭ چېتــگە چۇشــۈپ كەتكــەن بولــۇپ ، تاقــر بېــشى ئېچىلـــپ قالغــان ، چــرايى تېخـــمۇ سەتلىشـــپ چۆچەكلەردىــكى يالمـاۋۇز مومايغـــلا ئوخــشاپ قالغانـــدى . ــ مــەن قايتــاي ،ــ دېدى بارات .

ــ توختا !ــ دېدى خوتۇن ، ــ ئۇستۇڭدىكى كىيىملەرنى سېلىپ قويۇپ كەت .

ــ بۇ نىمە دېگىنىڭ ؟!

ــ ئۇ كىيىملەرنــڭ ماڭــا لازــمى بــار . رەھمەتلــك ئېرىمنـــڭ بــۇ كىيىملـــرىنى يەنــە ھېلــقى دىۋانـــگە سەدىـــقە قىلـــمەن . ئۇ ئېرىـــمگە ئاتـــاپ دۇئا قىلـــدۇ . خۇدادىـــن گۇناھلــــرىمغا ئەپــــۇ سورايدۇ . ئاندىن كىيىملىرىمنى ئاپىرىپ ساڭا ئوخشاش يەنە بىر غېرىپ مۇساپىرغا بېرىدۇ...

ــ ئاندىـــن ســـەن ئۇ كىيـــملەرنى كـــيگەن مۇساپـــرنى بـــازاردا تونۇۋېلـــپ ‹ رەھمەتلـــك ئېرىـــمگە ئەجەپ ئوخشايدىكەنلا› دەپ ئۆيۈڭگە باشلاپ كېلىسەن ،ــ دەپ

خوتۇننىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بارات .

ــ ھەببــەللى ،ــ دېــدى خوتــۇن ،ــ خــېلى ئەقىلـــلىق يىگــت كۆرۈنـــسەن . قېرىــغاندا كۆڭــۇم مانــا شۇنــڭغا قالدى .

ــ گۇناھقا پېتــپ قېلىشتىن قورقمامسەن ؟

ــ بــر ئاخۇنــۇم مېنـــڭدىن ئۇن تـــللا ئېلـــپ :‹تــۇل خوتــۇن ئۆلــۇپ كەتكــەن ئېرىنـــڭ كيمـــنى ئۇستـــگە ســـاپقان ئەر بـــلەن زىـــنا قىلـــسا ھـــالال بولـــدۇ› دەپ پەتــۋاپېچـــپ بەرگـــەن . گۇناھـــم بولسا شۇنــڭغا ھېساپ.

ــ مەن بۇ كىيىملەرنى ساتىدىغان مەرۋايىت ئارقىلىقلا يۈرۈيسەن ؟!ــ دەپ

ۋارقىرىدى . ئايالى ئالدىغا كېلىپ :

ــ ياۋاشلا ، ئۇنداق قىلماي يۈرۈش يوق ، ساقلاپ تۇرغىن ، مەن ئۇنى ئويلاپ باقاي

.

بىر ئويدىن ئىككىنچى قېتىم كېلىپ ھويلىدا بىر دەقىقە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى .

دەرۋازىدا يوغان قارا قۇلۇپ ئېسىقلىق تۇراتتى . ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ تامغا ئېسىلىپ ئارقىغا

ئۆچۈپ چۈشتى . قېرى خوتۇننىڭ ئىشك ئالدىغا چىقىپ:

ــ ۋاي ئوغرى ، رەھمەتلىك ئېرىمنىڭ كىيىملىرىنى قويۇپ كەت، كىيىملىرىنى .....ــ دەپ

ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى .

بىراق ئىككىنچى قېتىم كەينىگە داجىپ جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ تامغا ئېسىلدى ـ

دە، ھويلىنىڭ ئۇتەرپىگە گۈپپىدە چۈشتى . ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇپ ، كىيىملىرىنىڭ

توپىسىنىمۇ قاقماي قاچتى .

# يىگىرمە تۆتىنجى باب

## سىرلىق ھويلا

بىراق شۇ قاچقانچە كۆل بويىدىكى ھويلىدىن يىراقلاپ بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا كېلىپ

توختىدى . مۈزدەك سۇدا يۈز كۆزلىرىنى يۇيۇپ ، كىيىملىرىدىكى توپا تۇمانىنى قاقتى . ‹

رەھمەتلىك سودىگەرنىڭ بۇ لەنتى كىيىملىرى ماڭا يەنە بىر پىشكەللىك تېپىپ بېرەرمۇ

؟ــدەپ ئويلايتى ئۇ، ــ ياق ، ئەمدى ئۇ قېرى دەللە ماڭا بىرەر يەردە ئېسىلدىغان بولسا يۈزىگە

تۈكۈرۈپ ، ئۆزىنى رەسۋا قىلىمەن . ئىشقىلىپ ، ئادەم كۆپرەك يەردە يۈرگىنىم ياخشى. ›

باراتنىڭ پۇت قولىدا جان يوق ئىدى . قېرى خوتۇن ئۇنى كېچىچە ئاۋارە قىلغاچقا ، خالىيراق بىر جايىنى تېپىپ تازا بىر ئۇخلىۋالغۇسى كېلەتتى . ئۇ يەنە ئەگرى بۈگرى كوچىلار بىلەن مېڭىپ بازار ئىچىگە يېتىپ كەلدى . ھۈنەرۋەنلەر ، سودا سېتىقچىلار دۇكانلىرىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈپ ، سۇ چېچىپ ،دۇكان ئېچىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى . بارات ماڭغىنىچە كەڭ بىر كوچىغا كىرىپ قالدى . بۇ كوچىغا چوڭ كىچىك سارايلار ئورۇنلاشقانىدى . سارايلار ئىچىدە ئاددىي ھوجرىلار ، بايلار چۈشىدىغان ئالاھىدە ئۆيلەر ، مال چۈشۈرىدىغان كەڭ لاپاسلار بار ئىدى . سارايىنىڭ ئارقىسىدىكى ئات ئۇلاغ تۇرىدىغان ھويلىلارغا بولسا ئۇزۇن ئوقۇرلار سېلىنغانىدى . بۇ يەردىكى موم ياغاچلارنى خىلمۇ خىل يۇرتلاردىن تولا مال باغلاۋېرىپ سىلىقلىتىۋەتكەنىدى . بارات چەتتىرەك جايلاشقان بىر دەڭگە كىرىپ كەلدى . بۇ دەڭ كوچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە بولغاچقا خېرىدارى كەمرەك دەڭلەردىن ئىدى . شۇنداقىغا لايىق ھوجرىلاردىكى يوتقان كۆرپىلەرمۇ ئاددىيراق ، باھاسىمۇ ئەرزان ئىدى . بارات بىر ئامال قىلىپ مۇشۇ دەڭدىن بىر ھوجرا ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلماقچى بولدى.

بارات دەڭجاڭغا ئۆزىنى بىر سودىگەرنىڭ مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ مال ئالماقچى بولغان خىزمەتكارى دەپ تونۇشتۇردى . تاماق ۋە ياتاق پۇللىرىنى خوجايىنى ماللىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندە بىراقلا ۋە بەلكىم ئوشۇقى بىلەن تۆلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۇنىڭسىزمۇ نۇرغۇن ھوجرىلار بوش تۇرغاچقا ؛، دەڭجاڭ ماقۇل بولدى ۋە ئۇنىڭغا قاتاردىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىنى ئېچىپ بەردى . باراتنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملىرى ، يۈرۈش تۇرۇشى ، گەپ سۆزلىرى ئۇنىڭدا گۇمانغا ئورۇن قويمىغانىدى .

بارات ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئورنىدىن تۇرۇپلا ناشتا قىلىپ ، دەڭدىن خۇددى ئۆز سودىگەرلىرىگە كېرەكلىك ماللارنى كۆرۈپ ، سۆزلىشىپ قويماقچى بولغان ئادەمدەك مېڭىپ چىقىپ كېتەتتى . كۈن بويى شەھەرنى ئارلايتتى . چۆلدىكى بۇ چوڭ شەھەر ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۆزىنىڭ غەرىپ بىلەن شەرىققە قارىغان دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ سانسىزلىغان كارۋانلار ، سەھرادىن ئۇلاغلىق ۋە پىيادە كېلىۋاتقان دېھقانلار ، ئوتۇنچىلار ، مەدىكارلارنى قۇبۇل قىلاتتى . بۇ

ئادەملەر شەھەر ئىچىدىكى ئوقەتچىلەر بىلەن توشۇپ بازار رەستىدە سەلدەك ئاقاتتى . ئادەملەرنىڭ شاۋقۇنىدىن شەھەر كۆن بويى ئىغىر گۇرۇلدەيتى . كەچكە يىقىن شەھەر دەرۋازىلىرىدىن يەنە يىڭى تىڭىقلارنى ئارتقان كارۋانلار ، نەرسە كىرەكلەرنى سىتىپ يىنىكلىگەن دىھقانلار ، ئوتۇنچىلار ئالدىراپ چىقىپ كىتىشەتتى .

بارات قانچە قىدىرىپمۇ ، شەھەر ئىچىدىن تەر ئاققۇزماي پۇل تاپقىلى بولىدىغان بىرەر يوچۇقنى كۆرمىدى . ئۇ ھەر كۈنى دەڭگە ھەر خىل يالغانلارنى توقۇپ قايتاتتى .‹بۇ شەھەرنىڭ كوزىلىرى ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن،ـ دەيتى ئۇ دەڭجاغا ،ـ پالانى كوچىدىكى كوزىچىلارغا ئىككى يۈز جۇپ گۈل قاچا ، ھىجىر تاۋاق ، كۈپلەرنى بۇيرۇتۇپ قويدۇم . ئەلۋەتتە كۈپلەرنى قۇرۇق ئەكەتمەيمىز . ئۇنىڭ ئىچىگە ئانار شەربىتى ياكى ئەنجۇر مۇرابباسى...› ،‹بۇ يەرنىڭ پاختىلىرىمۇ ئەرزانىدەك تۇرىدۇ،ـ دەيتى ئىككىنجى كۈنى ئۇ ، ـ بولسا يىگرىمە ـ ئوتتۇز تاي پاختا ئىلىپ ماڭساقمۇ بولغۇدەك.... ›

ساددا دەڭجاڭغا باراتنىڭ بۇ شەھەرنى ماختاپ قىلغان سۆزلىرى ياقاتتى . باراتقا بۇ شەھەردىن چىقىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرىنى ، سۈپىتىنى ، قايسى ماللارنىڭ مەشھۇرلىقىنى سۆزلەپ بىرەتتى . بارات ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن شەھەر ھەققىدىكى كۆپ نەرسىلەرنى بىلۋىلىپ ، ئەتىسى دەڭجانىڭ ئۆزىگە سۆزلەپ بىرەتتى . ‹ بۇ شەھەرنىڭ قۇرۇق مىۋىلىرىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ ،ـ دەيتى ئۇ ،ـ خوجايىنىنىڭ قانچىلىك ئۇلاغ بىلەن كىلىشىگە قارايمەن . ئەگەر بوش ئۇلاغ بولسا يەنە بىر قانچە تاغار گۆلە ، چىلان ، ياڭاق ئالساقمۇ بولىدۇ... ›

بىر كۈنى بارات ئۆزى چۈشكەن دەڭگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىكى قىممار مەيدانىنى بايقاپ قالدى . بۇ شەھەرنىڭ بىكارچىلىرى ، قىمارۋاز ، چىكەرمەنلىرى بۇ يەردىكى چوڭ مەيدانغا يىغىلىشاتتى . چايچىلار ، چىلىمچىلەر تۆت ئوشۇق ، ششخال ئويناۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلاتتى . دو مەيدانىغا قەغەز پۇللار ، كۈمۈش تەڭگىلەر ۋە بەزىدە نەق ئالتۇن تىللالار جىرىڭلاپ تۆكۈلۈپ ، قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋىتەتتى ـ دە، يەنە بىر دەمدىلا قايسى بىر ئامەتلىك قىمارۋازنىڭ قولىغا ئۆتۈپ

غايىپ بولاتتى . بەزى كۈنلىرى بۇ يەردىن قانچە بايۋەتچىلەر ھەممە ۋەسلىدىن ئايرىلىپ ساراڭدەك دەلدەڭشىپ چىقىپ كېتەتتى . ئامىتى كەلگەن قايسى بىر يالاڭتۆش بىر دەمدىلا يىڭى بايۋەتچىگە ئايلىنىپ قالاتتى . بۇ ئەتراپتا يەنە قىمارۋازلارنىڭ تەر تۆكمەي تاپقان پۇللىرىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئېچىپ قويۇلغان ئەيش ئىشرەت سورۇنلىرى ، مەيخانا ، مەيخانىلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە قانداقتۇر مەخپىي ھوجرىلار بار ئىدى . بۇ ئەتراپنى ئوغرى ، قاراقچى ، قىمارۋاز ، چىكەرمەنلەر ئۆز جەننىتى ھېسابلىشاتتى . كېچىلىرى مەيخانىلارنىڭ ئارقىسىدىكى ھۇجرىلارنىڭ پەنجىرىلىرىدىن ئۇسسۇلچى خېنىملارنىڭ چىراق يورۇقىدا ئەلەڭشىگەن كۆلەڭگىلىرى كۆزگە تاشلىناتتى . ئۇ يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان نەغمە ناۋا ، داپ ، ساتار ، غېجەكلەرنىڭ ھەسرەتلىك ناللىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ناخشا ئاۋازلىرى تاڭ يورۇغىچە بېسىلمايتتى .

بارات بۇ مەيدانىدىكى قولدىن قولغا ئۆتۈپ كىمەلرنىڭدۇر قويۇنلىرىغا كىرىپ كېتىۋاتقان پۇللارغا قاراپ ھەيران بولاتتى . بەزىدە ئۇنىڭغىمۇ قانداقتۇر بىر تەلىيى كەلگەن مەرد قىمارۋاز ئۇلەستۈرگەن چوتاردىن ئازىراق تېگىپ قالاتتى . مۇنداق كۈنلىرى بارات بازاردىن مېۋە چېۋە ، سامسا ، پەرمۇدىلەرنى ياغلىقىغا تۈگۈپ ھۇجرىسىغا قايتاتتى ۋە دەڭجانى ئۆز داستىخىنىغا چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ دەڭنىڭ غورىگىل تامىقىغىلا قاراپ قالماي ، بازاردىنمۇ يېتەرلىك تاماقلىنىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياتتى . « بۈگۈن يۈز پارچە گىلەمنى سۆزلىشىپ دۆكاننىڭ ئايرىم بىر يېرىگە باسقۇزۇپ قويدۇم ، ــ دەيتتى ئۇ ھېچقانداق خىجىل بولمايلا ، ــ سودىگەر يېتىپ كەلسە ، شۇ گىلەملەرنىلا ئېلىپ ماڭساقمۇ ئوبداق پايدا قالىدۇ ...» قانداقتۇر يۈز پارچە گىلەم ، نەچچە يۈز جۇپ كوزا ، تاي تاي پاختىلار ئۈستىدە گەپ بولۇۋاتقاندا ، دەڭجا ئەرزىمەس تاماق پۇلى بىلەن ھۇجراھەققىدىن ئەنسىرەشنى ئۆزىگە ئوشۇقچە بىلەتتى . بارات بولسا خۇدانىڭ ئۇلۇغ قىسمىتىنىڭ نۇرى بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بېشىغىمۇ چۈشىدىغانلىقىغا ، بىر كۈنى بەرەر تاسادىپىلىك يۈز بېرىپ تۈگمەس دۇنيانىڭ ئىگىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنەتتى . ئۇنىڭ تۈيغۇسى مۇشۇنداق بىر

ئېھتىمالىنىڭ چىنلىقى ئايلىنىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەندەك قىلاتتى .

بىر كۈنى بارات مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تازا قىززىۋاتقان قىمارغا قاراپ تۇراتتى . پۇللار بىر ھەمياندىن يەنە بىر ھەميانغا ئۇچۇپ چۈشمەكتە ئىدى . تازا ئامەتى كېلىۋاتقان بىر قىمارۋازنىڭ پۇللىرى يانچۇق ، ھەميانلىرىدىن تېشىپ ، ئالدىغا دۆۋىلەنمەكتە ئىدى . تۆت ئوشۇق ئۇنۇڭغا ئارقا ئارقىدىن ئون نەتچە رەت كەلگەنىدى . ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ جىددىيلەشكەنلىكتىن نەپىسى قىسىلىپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشىۋاتاتتى . ئۇتتۇرىۋاتقانلار ئۇتتۇرغانسىرى تېخىمۇ قىززىپ ، قوللىرىنى ئىشتانلىرىنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىگە تىقىپ ، ئېھتىيات ئۈچۈن ئايرىپ قويغان پۇللىرىنىمۇ چىقارماقتا ئىدى .

— يائاللا!— دەۋەتتى ئولاشقان كىشىلەرنىڭ دۈمبىسىدىن بوينىنى سوزۇپ قاراپ تۇرغان بارات ،— بۇ خەق مۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تېپىشىدىغاندۇر ؟!

— سەن تېخى ئۇقمامسەن ؟— دەپ ئۇنىڭ سۇئالىغا سۇئال قويىدى يېنىدا تۇرغان بىرەيلەن .

— ئۇقمايدىكەنمەن .

— ئوغۇرلايدۇ .

— ئوغىرلايدۇ ؟

— ھە ، ئوغىرلايدۇ.

— نەدىن ئوغۇرلايدۇ ، شۇنچىۋالا پۇلنى ئوغۇرلىغۇچە پۇلنىڭ ئىگىسى نىمە ئىش قىلىدۇ ؟ بۇ شەھەرنى كۈزەت قىلىدىغان ساقچى ، ساقچىلارنى نازارەت قىلىدىغان ھاكىم يوقمۇ ؟

— سەن ياقا يۇرتلۇق ئوخشىمامسەن ؟— دېدى ھېلىقى كىشى ، — پاھ بىزنىڭ ھاكىمنىڭ ئاچچىقىنى بىر دېمە ، ئوغرى تۇتۇلۇپ قالسا بىرىنجى قېتىمدا سول قولى ، ئىككىنجى قېتىمدا ئوڭ قولى ، ئۈچىنجى قېتىمدا كاللىسى كېسىلىدۇ . ئوغرىنى مال ئىگىسى ئۆزى تۇتىۋالسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ سورىقى بولمايدۇ .

لېكىن ، ئاغىنە ، ئوغرىلىق قىلغان ئادەم ئۇلارغا كۆرستىپ تۇرۇپ ئوغىرلىمايدۇ ـ دە!

— يا قۇدرەت !— دەۋەتتى بارات ،— قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا دۇنيانى بىر كېچىدىلا

تۇيدۇرماي ئوغرىلىۋالغىلى بولىدىغاندۇر ؟

— ئاۋۇ كۆزلىرى يوغان قىمارۋازنىڭ ئىشتانبېغىغا چىگىۋالغان ئىنچىكە ، ياپىلاق تۆمۈرنى كۆردۈڭمۇ ؟— دەپ چۈشەندۈردى ھېلىقى كىشى .— پاھ ، ئۇ ئاجايىپ بىر خاسىيەتلىك ئاچقۇچ ، كېرەك بولغاندا ئۇ ھەرقانداق مەھكەم قۇلۇپنى شالاققىدە ئېچىۋېتەلەيدۇ ...، قارا، قارا، ئۇنىڭ ئاتقان ئوشۇقى يەنە ئالچۇ چۈشتى . ئۇ قىماردىمۇ ئامەتلىك ، لېكىن بىلىپ قوي ، ئامەت دىگەندە ئىشەنچ يوق ، ئوغرىلىقنى ئۇ ئامەتتى قاچقان چاغلاردا قىلىدۇ . شەھەردىكى ھەممە بايلار ھەر ۋاخلىق نامىزىدا ئۇنىڭغا قىماردا ئامەتلىك بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىدۇ . بولمىسا ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي .

—ئاۋۇ كىشىگە قارا ، بىچارە نۇرغۇن پۇل ئۇتتۇرۇۋەتتى .— دېدى بارات.

—مۇنۇ ئارقا ئارقىدىن ئۇتتۇرىۋاتقان باي قوشنى دەمسەن ؟ توغرا ئېيتتىڭ ، بۈگۈن ئۇنىڭدىن ئامەت قېچىپتۇ . ئۆتكەن ھەپتە ئۇ تازا ئۇتقانىدى . كۆردۈڭمۇ ، ئۇنىڭ پاچاقلىرى سېنىڭكىدىنمۇ ئۇزۇن ، ئۇ ئاشۇ ئۇزۇن پۇتلىرى بىلەن ھەرقانداق تامدىن ئارتىلىپ ، خالىغان ھويلىغا چۈشەلەيدۇ . بايقىدىڭمۇ ، ئۇ ئوشۇقنى سول قولىدا ئېتىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ ئوڭ قولى بىزنىڭ ئادىل ھاكىمىمىز تەرىپىدىن كېسىپ تاشلانغان . ئۇنىڭ دەستىدىن بايلار ئۆيىنىڭ تېمى ئۇستىگە ھەر يىلى يېڭىدىن كومىلاچا قويۇپ ئېگىزلىتىشكە مەجبۇر...

— ئاۋۇ ئارلىقتا قىسىلىپ ئولتۇرغان ۋىجىككىنە ئاغىنىچۇ ، ئۇنى مەن مۇشۇ قىمار مەيدانىدا دائىم كۆرىمەن . ئۇ مۇشۇ ئاكىلىرىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ جان باقسا كېرەك ؟— دەپ سورىدى بارات .

— نىمە دېدىڭ ؟ ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ مەشھۇر يانچۇقچى ، قارا ، ئۇنىڭ تەقى تۇرقى ئاياللارنىڭكىدەك زىلۋا ، ئىڭەكلىرىدە ساقال بۇرۇت دىگەننىڭ دىدارىمۇ يوق ، تۇغما كوسا . سەن بازاردىكى ئادەملەرنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللارنى ئۇنىڭ پۇللىرى دەپ ھېسابلاۋەر . پۇل لازىم بولغاندا ئۇ پۈركەنجىدىن بىرنى ئارتىپ ، يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ ، ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ بازاردا پەيدا بولىدۇ . بازاردىكى يۈزلىگەن خوتۇنلارنىڭ ئىچىدىن قېنى سەن ئۇنى

قىلالايسەنكىن ؟...ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرۈپ ، ھەممىسىنىڭ يانچۇقىنى بىردەمدىلا قۇرۇقداپ بولىدۇ . ئەگەر ئۇ ساغرىلىرىنى ئوينىتىپ ، نازلىنىپ ماڭىدىغان بولسا ، مەنمەن دىگەن بايۋەچچىمۇ ئىپسىنى يوقىتىپ ئەگىشىپ ماڭىدۇ . خالىسىراق يەرگە بارغاندا ئۇ ناز قىلىپ بايۋەچچىگە سۆركەلگىلى تۇرىدۇ . ئىنچىكە ، ئۇزۇن بارماقلىچى بىردەمدىلا بايۋەچچىنىڭ ھەممە يانچۇقىغا قاتراپ ئۈلگۈرىدۇ ...، مانا ، مۇنۇ تاۋكاغا كۆمۈش تەڭگىلەرنى شاراقشىتىپ تۆكۈۋاتقان شاپ بۇرۇتنى كۆرۈپ قوي. ئۇنى ھەقىقىي قاراقچى دىسەڭ بولىدۇ ، چۆل يوللىرىدا كارۋانلارنى توسۇپ بۇلايدۇ . ئۇخلاپ قالغان ، غەپلەت باسقانلارنىڭ كالىسىنى كېسىپ ماللىرىنى ئېلىپ قاچىدۇ...

› يارەببىم!ـ دەۋەتتى ئىچىدە بارات،ـ بايا بىزنىڭ ئالتۇنلىرىمىزنىمۇ يولدا ئەنە شۇنداق قاراقچىلار بابلىغان ئىكەن ـ دە! شۇ چاغدا ئاكا ـ ئۇكا بىرەرىمىز ئويغىنىپ مىدىرلاپلا قالغان بولساق كاللىمىزدىنمۇ ئايرىلىدىغان چېغىمىز ...،كىم بىلىدۇ، مۇشۇ تاۋكانى قىززىتىۋاتقان پۇللار ئىچىدە بىزنىڭ تىللالىرىمىزمۇ باردۇر بەلكىم ؟...›

تۇيۇقسىز باراتنىڭ كاللىسىدا :‹باشقىلار مېنىڭكىنى ئوغۇرلىسا بولىدىكەنۇ ، مەن باشقىلارنىڭكىنى ئوغىرلىسام نېمىشقا بولمىغۇدەك ،ـ دىگەن خىيال يالت قىلىپ چاقنىدى ـ دە، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى ، ـ مېنىڭ پۇتۇم ئاۋۇ ئوغرىنىڭكىدىن قىسقىراق بولسا نېمە بوپتۇ ، ناھايىتى مەن سەل پاكارراق تاملاردىن ئارتىلىپ ، ئازىراق نەرسە يۇدۇپ چىقارمەن ، ئىشقىلىپ ئاچ يۈرگەندىن ياخشىراق !...› ئەتىسىدىن باشلاپ بارات بازار تارقىلىشى بىلەنلا بازار مەيدانىنى ، بوش قالغان رەستىلەرنى ئايلاندى . كوچىلاردا ئىتلار قاتراپ ، ئاشخانىلارنىڭ ئالدىدىكى سۆڭەك ۋە باشقا تاشلاندۇق نەرسىلەرنى تالىشىپ بىر بىرىگە خىرىس قىلىشاتتى . دۇكانلارنىڭ قېلىن تاختاي ئىشىكلىرى مەھكەم ئېتىلگەن بولۇپ ، ئۇستىدىن پولات قۇلۇپلار سېلىنغانىدى . بەزى ئىشىكلەردە يەنە قانداقتۇر تاقاقلار ، ئالماپ باغلىۋېتىلگەن تۆمۈر زەنجىرلەر ئېسىلىپ تۇراتتى . بۇ يەردىكى بارلىق قۇلۇپلارنى شاراقشىتىپ ئېچىۋېتىدىغان

خاسىيەتلىك ئاچقۇچ بولسا باراتتا يوق ئىدى . قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەنلا رەستىلەر بېشىغا قاراۋۇللارنىڭ گۈلخانلىرى يېقىلاتتى . ئۇلار ۋاقتى ۋاقتىدا كالتەكلىرىنى تاقىلدىتىپ دۇكانلار ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى ، كۆزەتچىلەرنىڭ ئايىغى تاكى تاڭ يورۇپ ، كوچىلاردا يولۇچىلار پەيدا بولغۇچە بېسىلمايتتى . مۇنداق ئەھۋالدا تەۋەككۈلچىلىك قىلىش ئوغرىلارنىڭ پۈت قولىنى كېسىدىغان شەھەر بېگىنىڭ ئالدىغا ئۆز ئايىغى بىلەن بارغانغا باراۋەر ئىدى .

يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ، بارات بازار ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنى ئارلاشقا باشلىدى . پاكار پاكار تاملار بىلەن قورشالغان كەمبەغەللەر مەھەللىرىدىن بارات ئىتتىكلا ئۆتۈپ كېتەتتى . بۇ يەردىكى ئۆيلەر شۇنچىلىك كۆرۈمسىز ، ھويلا ئاراملارنىڭ تاملىرى پاكار، دەرۋازىلىرى قاغجىراپ قىيسايغان ، بەزى ھويلىلارنىڭ دەرۋازا تاملىرىمۇ يوق ئىدى . ھويلىلاردا يالىڭاچ بالىلار يۈگۈرۈپ يۈرۈشەتتى . ھويلىنىڭ كۆلەڭگە چۈشىدىغان يېرىدە ئولتۇرغان ھالسىز مومايلار

چاق ئىگىرىشەتتى . ئورۇق بوۋاقلار ئانىسىنىڭ سۈتى يوق كۆكسىنى كۈچەپ شورايتتى . بۇ ئۆيلەرگە كىرگەن ئادەملەر بىر نەرسە ئېلىپ ئەمەس، بىر نەرسە بېرىپ چىقسا بولاتتى .

بايلار ، سودىگەرلەر تۇرۇشلۇق مەھەللىلەرنىڭ ھويلا تاملىرى بىر بىردىن ئېگىز بولۇپ ، ئۇ ئېگىز تاملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئۈستىگە بېخىل بايلار يەنە تىكەنلەرنى سانجىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغانىدى . ئېگىز تاملار ئوتتۇرىسىدىكى كۈن چۈشمەس كوچىلار دائىم جىمجىت تۇراتتى . ئۇ يەردە كېتىپ بارغان كىشىگە پەقەت ئاسماننىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى ياكى بىرەر پارچە ئاق بۇلۇتلا كۆرۈنەتتى . مۇستەھكەم دەرۋازىلاردا بولسا ئېغىر تۆمۈر ھالقىلار ئېسىلىپ تۇراتتى .

گۇمان تۇغدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ، بارات مۇنداق كوچىلاردا ھېچنىمىگە قارىمىغان بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بولسا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ھەممىگە ئىنچىكە سەپسېلىپ ئۆتەتتى . « ئاشۇ دائىما مەھكەم يېپىقلىق تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك دەرۋازىلارنىڭ ئىچىدە نىمە ئالامەتلەر باردۇر؟ـ دەپ خىيال قىلاتتى بارات ،ـ ئۇ يەردە بەلكىم ھېسابسىز دۇنيالار چېچىلىپ ياتقاندۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەككار بايلار يەنە ئۇ يەرگە ئاچچىقى يامان كۆزەتچىلەر بىلەن ئېيىقتەك يوغان

ئىتلارنىمۇ باغلاپ قويغاندۇر؟...ياق ، ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ ھەرگىز تەۋەككۈل قىلىشقا بولمايدۇ... ›

› ئەلۋەتتە ، تېشىدىن قۇلۇپ سېلىنغان ھويلىلارغا ئارتىلىپ چۈشۈش كېرەك !ــ دىگەن بىر پىكىر كەلدى باراتنىڭ كاللىسىغا بىر كۈنى ،ــ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىندىمۇ ، ھويلا ئىچىدە ئادەم يوق دىگەن گەپ . تامدىن ئارتىلىپ ، ئىچىگە ئامان ئېسەن چۈشۈۋالساڭلا ، ئۇ يەردە بەھۇزۇر ساياھەت قىلىپ يۈرىۋېرىسەن! ›

كىشىنى تەقەززا قىلىپ ھارغۇزىۋېتىدىغان ئۇزاق كۆزىتىشلەردىن كېيىن ، بارات ئەنە شۇنداق دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىغان بىر ئۆينى بايقاپ قالدى . بۇ ھويلىنىڭ ئېگىز تاملىرى ئۈستىگە ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى قىزغۇچ كۈن نۇرى چۈشەتتى . ھويلا ئالدىدىكى تار كوچىغا بولسا كۈن تىكلەشكەندىلا بىردەم كۈن نۇرى چۈشەتتى ـ دە، ئاندىن ئۇ يەردە يەنە دائىملىق تىنچىق كۆلەڭگە ھۆكۈم سۈرەتتى . بارات نىشان قىلغان قورۇنىڭ ياڭاق ياغىچىدىن نەقىشلەپ ئىشلىگەن يوغان دەرۋازىسى بار ئىدى . تام ئۈستىگە كەپتەرلەر قونۇپ گۇگۇلدىشاتتى . كوچا تەرەپتە ئۆسكەن يوغان بىر تۈپ قاپاق تېرەك شاخلىرىنى تام ئۈستىگە ئارتىپ ھويلا تەرەپكە ئۇچ تارتىلغانىدى . بۇ تېرەك ۋە ئۇنىڭ قويۇق شاخلىرى باراتنىڭ تامدىن ئارتىلىشىغا ياردەم قىلىشقا ، كوچىدا تۇيۇقسىز ئادەم پەيدا بولغۇدەك بولسا ئۇنى قويۇق يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا يوشۇرۇپ قېلىشقا ۋەدە قىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى .

ھېلىقى ھويلىدىن ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چار ساقال ، چىرايى سۆرۈن ، ئاقساپ ماڭىدىغان بىر ئادەم چىقاتتى ـ دە، دەرۋازىنىڭ تۆمۈر ھالقىلىرىغا يوغان شادىقۇلۇپنى بېسىپ ، ئۇنى مەھكەم ئېتىلدىمۇ يوق ؟دەپ يەنە بىر نەتچە سىلكىپ قويۇپ ، بازارغا قاراپ ماڭاتتى . يول يۈرگەندە ئۇ ئۆزىنىڭ ئاقساقلىقىنى بىلىندۈرمەسلىككە شۇنچە تىرىشسىمۇ ، ئۈستىدىكى قىممەت باھالىق ئۇزۇن تون ئۇنىڭ پۈتىنىڭ ئەيىبىنى يېپىپ قالالمايتى . بازارنىڭ تازا قايناق يېرىدە بۇ

ئادەمنىڭ گەزمال دۇكىنى بار ئىدى . چۈشتە باشقا دۇكاننىڭ خوجايىنلىرى چايخانىلاردىن

قىزىق چاي ئالدۇرۇپ ، پەتنۇستىكى پىستە ، بادام ، مېغىزلار بىلەن تاماقلانسا ، بۇ ئادەم ئۆيدىن ئېلىپ بارغان قاتتىق ناننى غاجىلاپ سودىسىنى قىلىۋېرەتتى . بازار تارقىغاندا بەزى سودىگەرلەر پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ مەشرەپ ئولتۇرۇشلارغا قاراپ ماڭاتتى . بەزىلىرى ھېلىلا دۇكىنىدا سىرلىق پىچىرلىشىپ بىر مۇنچە مالنى پۇل ئالماي كۆتۈرتۈپ قويغان سەتەڭنىڭ ئۆيىگە راۋان بولاتتى .

ھېلىقى كىشى بولسا دۇكىنىنى ئالدىرماي تاقاپ ، يەنە قۇلۇپلارنى بىر نەچچە قېتىم تارتىپ كۆرۈپ ، پۈتىنى سۆرەپ ئاقساقلاپ ماڭغىنىچە كۆكتات ، مېۋە چىۋە بازىرىغا كېلەتتى . ئۇ يەردە ئۆزۈندىن ئۆزۈن سودىلىشىپ ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ خالتىسىغا تىققاندىن كېيىن ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى .

دەرۋازىدىكى مىس قۇلۇپنى ئۇزاق ھەپىلىشىپ ئاچاتتى -دە، دەرۋازىنى گۇپپىدە يېپىپ كىرىپ كېتىپ ، تاكى ئەتىسى ئەتىگەنگىچە كۆرۈنمەيتى .

› ئەجەپ ئىش -ھە! ـ دەپ ھەيران بولاتتى بارات ،ـ بۇ ئادەم شۇنچە يوغان قورۇدا ئۆزى يالغۇز تۇرامدىغاندۇر؟ نېمىشقا ھويلا ئىچىدىن باشقا بىرەر جانىنىڭ ئاۋازى چىقمايدۇ؟ ئۇنىڭ بالا چاقىلىرى يوقمىدۇر؟ بۇ ئادەم شۇنداق يىگانىلا بولىدىغان بولسا ، ئۇنىڭ ئۆيلىرى مال دۇنيا بىلەن تىنىپ كەتكەندۇر ؟ بەلكىم ئۇ ئۆزىدىكى جىسمانىي ئەيىپلەر تۈپەيلى ئايال جىنسىغا يېقىن يولىماسلىققا قەسەم قىلغان ئادەمدۇر ...،ئەگەر ئۇ ھويلىدا يالغۇز بولسا ، بازاردىن ھەر كۈنى ئەكىلىدىغان شۇنچە كۆپ يېمەكلىكلەرنى نېمە قىلىدۇ ؟...›

ئويلىغانسىرى بۇ ھويلا باراتقا شۇنچە سىرلىق ۋە ئاجايىپ بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى . سىرلىق نەرسە قانچە سىرلىق بولغانسىرى كىشىنى شۇنچە جەلىپ قىلىدۇ . بارات كۈندۈزى ـ سودىگەر بازاردا تازا قىزىق سودا قىلىۋاتقان پەيتتە بۇ ھويلىغا چۈشۈپ كۆرۈش قارارىغا كەلدى.